# ئوقۇ!



ئۇشبۇ كىتاب ئېلكىتاب تورى تەرىپىدىن تارقىتىلدى

---

ئەزىز ئوقۇرمەن، ئۇشبۇ كىتاب ئېلكىتاب تورى ئوقۇرمەنلىرى
تەرىپىدىن سكانىرلىنىپ تارقىتىلدى.

ئېلكىتاب تورى ئادرېسى:
www.elkitab.org

ئېلكىتاب

ئېلكىتاب تورى ئادرېسى:
www.elkitap.org

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

# ئائىلە

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى



ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئايالى رەنا مەخسۇت بىلەن بىللە

بۇ كىتابىمنى مەرھۇم ئانامنىڭ قەلب چىرىغى، سۆيۈملۈك پەرزەنتلىرىمنىڭ مېھرى - شەپقەت بۇلىقى، ئىجادىي تەپەككۇر ۋە ئەقلىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىمنىڭ ئىلھامچىسى رەناغا بېغىشلايمەن.

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن شۇ مەكتەپنىڭ بىئو - خىمىيە فاكۇلتېتى بىلەن غەربىي شىمال ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پەلسەپە ئاسپىرانتلىق سىنىپىنى تاماملىغان. «ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى ‹ئون ئىككى مۇقام› ھەققىدە»، «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتى»، «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى»، «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخىغا دائىر مەسىلىلەر»، «ئومۇمىي ئېستېتىكا»، «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخىدىن ئومۇمىي بايان»، «‹قۇتادغۇبىلىك› خەزىنىسى»، «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى»، «غەربىي دىيار تاشكېمىر سەنئىتى»، «قارلىق تاغ شەجەرىسى»، «چوغلۇق»، «رۇبائىيات 1»، «رۇبائىيات 2»، «قاتلاملىق ئېستېتىكا» ۋە ئۇشبۇ «ئائىلە» قاتارلىق مۇستەقىل يېزىلغان ئەسەرلەر بىلەن «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر پەلسەپە تارىخى» (خەنزۇچە)، «ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى»، «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيە تارىخىدىن ئوچېركلار» قاتارلىق بىرلىكتە ئىشلەنگەن ئەسەرلەرگە ئاپتورلۇق قىلغان، 300 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان.

ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن

# ئائىلە

شىنجاڭ ئۈنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ئازات سۇلتان
ئىبراھىم ھەمدۇللا
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابلىمىت قادىر
مەسئۇل كوررېكتورى: ئادالەت ياقۇپ

# ئائىلە

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

---

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى №14، پوچتا نومۇرى: 830046)
شىنخۇا كىتابخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى داجىنما باسمىچىلىق چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى باسقۇچى
فورماتى: 850×1168 مم، 1/32، باسما تاۋقى: 6.5
2002 ـ يىل 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2013 ـ يىل 3 ـ ئاي 3 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 7001—12000

---

ISBN7 — 5631 —1618 — 4/I·230
باھاسى: 11.00 يۈەن

## مۇندەرىجە

سۆز بېشى ...... 1
بىرىنچى باب مۇقەددىمە ...... 1
1. ئائىلە — مۆجىزىلىك تېما ...... 1
2. ئائىلە توغرىسىدىكى ئاڭ ...... 6
3. ئائىلە تەتقىقاتىنىڭ مۇھىملىقى ۋە تەتقىقات ئۇسۇلى ...... 12
ئىككىنچى باب ئائىلىنىڭ ماھىيىتى ...... 19
1. ئائىلىنىڭ ئېنىقلىمىسى ...... 19
2. ئائىلىنىڭ تۆت ئاساسىي ئالامىتى ...... 23
3. ئائىلىنىڭ ئىقتىدارى ۋە رولى ...... 28
ئۈچىنچى باب ئائىلىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئائىلە شەكىللىرىنىڭ ئۆزگىرىشى ...... 33
1. ئائىلىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى تەتقىقات ...... 33
2. قانداشلىق ئائىلە ۋە ئۇرۇقداشلىق ئائىلە ...... 37
3. بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق ئائىلە ...... 41
تۆتىنچى باب ئائىلە ۋە ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ...... 44
1. ئائىلە ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ...... 44
2. ئائىلە ۋە مىللىي مەدەنىيەت ...... 48
3. ئائىلە تىپلىرى ...... 54
4. ئائىلىۋى مۇناسىۋەت تىپى ...... 59
بەشىنچى باب مۇھەببەت مەدەنىيىتى مەسىلىلىرى ...... 67

1. مۇھەببەت ۋە ئېتىقاد ............ 67
2. مۇھەببەت ۋە جىنسىيەت ............ 74
3. مۇھەببەت ۋە روھىيەت ............ 82
4. مۇھەببەت ۋە مەدەنىيەت ............ 88

**ئالتىنچى باب مۇھەببەت ۋە نىكاھ ............ 98**

1. مۇھەببەت — نىكاھلىق تۇرمۇشنىڭ ئۇلى ............ 98
2. ئائىلىدە مۇھەببەتنى پەرۋىش قىلىش ۋە ئائىلە بوھرانى ............ 104
3. قايتا نىكاھلىنىش ۋە قايتا نىكاھلىنىش ئەخلاقى ............ 112

**يەتتىنچى باب ئائىلىدە ئاتا ـ ئانا ۋە ئۇلارنىڭ مەنىۋى قىياپىتى ............ 118**

1. ئانا — ئائىلە مۇرەببىي ............ 118
2. ئاتا — ئائىلە يۆلەنچۈكى ............ 126
3. ئەر ـ خوتۇنلۇق ياكى ئاتا ـ ئانىلىق ئوبرازىغا نۇقسان كەلتۈرگۈچى ئىللەتلەر ............ 130

**سەككىزىنچى باب ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىكى مۇناسىۋەت ئەخلاقى ............ 137**

1. پەرزەنت — قىممەتلىك تۆھپە ............ 137
2. پەرزەنت تەربىيىلەش — بەخت يارىتىشتۇر ............ 142
3. پەرزەنتنىڭ ئاتا ـ ئانىنى ھۆرمەتلىشى ۋە كۈتۈشى ............ 149

**توققۇزىنچى باب ئائىلىنىڭ تاشقى مۇناسىۋىتىدىكى ئەخلاق مەدەنىيىتى ............ 153**

1. ئائىلىنىڭ قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋەت ئەخلاقى ............ 153
2. ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەت ئەخلاقى ............ 155
3. دوستلار ۋە دۈشمەنلىك نەزەرىدىكى كىشىلەر





بىلەن بولغان مۇناسىۋەت مەدەنىيىتى ............ 159

**ئونىنچى باب مېھماندارچىلىق مەدەنىيىتى ۋە مۇراسىم مۇھىتىدىكى كۆرۈنۈش مەدەنىيىتى ............ 163**

1. مېھماندارچىلىق مەدەنىيىتى ............ 163
2. مۇراسىم مۇھىتىدىكى كۆرۈنۈش مەدەنىيىتى ............ 167
3. مۇھاكىمە — سۆھبەت مەدەنىيىتى ............ 170

**ئون بىرىنچى باب ياشانغانلارنىڭ ئەخلاقىي تەربىيىلىنىشى ............ 173**

1. ياشانغانلار — ئائىلىنىڭ ئەجىرلىك ئەجدادلىرى ............ 173
2. ياشانغانلارنىڭ ئەخلاقىي تەربىيىلىنىشى ............ 176
3. پۈتۈن جەمئىيەت ياشانغانلارغا كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە ئۇنىڭ تېرەن ئەھمىيىتى ............ 179

**خاتىمە ............ 184**

ئىزاھاتلار ............ 193

پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى ............ 196

# سۆز بېشى

ئەسسالام كىتابخان!

سىز بىلەن كىشىلىك، مىللەت، شەخسىي تۇرمۇش ۋە مەدەنىيەتتە ئەڭ مۇھىم بولغان ئائىلە مەسىلىسى توغرۇلۇق سۆھبەتلەشكەنلىكىم ئۈچۈن مەمنۇنمەن.

ھەممىگە مەلۇمكى، ئائىلە بىلەن كىشىلىك، ئائىلە بىلەن مىللەت ئىنتايىن يېقىن بىر جۈپ مەدەنىي ئۇقۇم. ئائىلە — ئىنساننى مادىي تۇرمۇشى ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ ھەربىر ئىندىۋىدۇئالى ئۈچۈن ئاساسلىق ئىجتىمائىي بىرلىك قاتلىمى. ئائىلە — نوقۇل مەنىدىكى ئىككى جىنس قوشۇلمىسىنىڭ قانۇنىي شەكلى بولۇپ قالماي، ئۇ يەنە، ئىنسان ئەۋلادلىرىنىڭ تەۋەللۇتگاھى؛ مېھىر - شەپقەت، ئەقىل - ئىدراك، ئەخلاق - ئادەت، بىلىم - مەدەنىيەتنى يېتىشتۈرىدىغان تۇنجى مەكتىپى؛ قوشنىلارغا، ئىلىم ئوچاقلىرىغا، جەمئىيەتكە، كىشىلىك دۇنياسىغا يۈزلىنىدىغان بىرىنچى بوسۇغىسى؛ ئۆمۈر ئەجرلىرىنىڭ ئەڭ مۇيەسسەل مۇزىيى؛ كۆڭۈل جاراھەتلىرىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك شىپاخانىسى؛ كىشىنى مەڭگۈلۈك دۇنياغا ئۇزىتىدىغان مۇسىبەت ئۆيى؛ ئەۋلادلار شەجەرىسىنىڭ يىلتىزى ۋە شېخى؛ مىللەتنى قۇيۇپ چىقىدىغان قېلىپ.

كىشىلىك — ئىنسان مادىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ مۇئەييەن تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتتىكى مۇجەسسەم قىممىتىدىن ئىبارەت. كىشىلىك نوقۇل مەنىدىكى شەخسنىڭ ئارزۇ ۋە غايىلىرى ياكى تەقدىر ۋە قىسمەتلىرى ئەمەس. ئۇ مۇئەييەن تارىخىي دەۋردىكى مەدەنىيەت جۇغلانمىسى. ئالى ۋە

ئادەت چەمبىرى بىلەن مۇئەييەن ئىجتىمائىي شارائىت يول قويغان رېئال ئىمكانىيەتلەر جەمئىيىتىدە ئىنسان ۋە ئىنسان تۇركۇمىنىڭ ئۆز - ئۆزىگە قالدۇرغان قىممىتىنىڭ ئىپتىخار - ئارمان قۇتۇپلىرى ئارىسىدىكى كونكرېت كۆرسەتكۈچى.

ئائىلە بىلەن كىشىلىك، كىشىلىك بىلەن ئائىلە قان بىلەن مۇسكۇلدەك يېقىن بولۇپ، ئائىلىسىز كىشىلىكنى، كىشىلىكسىز ئائىلىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

ۋەھالەنكى، ئائىلە بىلەن كىشىلىك ئىلمىي تەپەككۇر شەكلىدە ناھايىتى ئاز تەتقىق قىلىنغان. كىشىلىك ئىچىدە ياشاپ كىشىلىكتىن خەۋەرسىز خۇراپات، پالچىلىق، موللا تاپقاقلىقتا ئەقىدە قىلىپ ئالەمدىن كېتىدىغان كىشىلەر ساناقسىز بولغاندەك، ئائىلىدە ياشاپ ئائىلە ھەققىدە ئىلمىي تونۇشتىن مەھرۇم بولۇپ، ئۆزى بىلگەن ياكى باشقىلاردىن ئاڭلىۋالغان نادانلىق چۈشەنچىلىرى بىلەن ھايات يولىنى لاي سۇدەك ئاخىرلاشتۇرىدىغان ئادەملەرمۇ ھېسابسىز!

ئائىلە — قۇرامىغا يەتكەن يىگىت - قىزنىڭ ئۇچۇرما بولغان قۇش باچكىلىرىدەك قانات قېقىپ قونۇشقا تەمشىلىدىغان باراخسان بېغى! ئەمما، نۇرغۇن يىگىت - قىزلار، ئەر - ئاياللار، ھەتتا بوۋاي - مومايلارمۇ ئائىلە دېگەن نىكاھدىن كېيىن باشلانغان تۇرمۇش دەپلا قارايدۇ. مىللىتىمىزدە سادىر بولۇۋاتقان، ئائىلە قۇرغانلاردا سادىر بولۇۋاتقان، مىللەتنىڭ مەنىۋى ساپاسىغا داغ سېلىۋاتقان بىر قاتار نۇقسانلار، ئىللەتلەر، بەختسىزلىكلەرنىڭ بىزنىڭ ئائىلە ۋە كىشىلىك ھەققىدىكى قاراشلىرىمىزنىڭ ئېچىلمىغانلىقى، بۇنىڭ ئىلمىي ئاڭ ۋە روھىي تەييارلىقسىزلىق بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغانلار زادى قانچىلىك؟! بىزنىڭ قاۋۇل يىگىتلىرىمىز بىلەن نازۇك قىزلىرىمىز بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن مۇھەببەت ۋە ئائىلە ھەۋەسلىرىگە گىرىپتار بولسىمۇ، ئۇلار بۇ جەھەتتە ھېچقانداق



زۆرۈر تەربىيە كۆرمەيلا نىكاھلىق بولىدۇ، پەرزەنتلىك بولىدۇ. ئۇلار تۇرمۇش سەپىرىدە تېزلا كۈتۈلمىگەن زىددىيەتلەرگە دۇچ كېلىپ، شامالدا دومىلىغان قامقاقتەك تەمتىرەيدۇ، بوھران ۋە پاجىئەلەرگە يولۇقىدۇ. بۇ ئوقۇشسىزلىقلار ئۇلار ئارقىلىق پەرزەنتلىرىگە، ئۇلارنىڭ دوستلىرىغا، پۈتۈن جەمئىيەتكە كۈچلۈك مەنىۋى لەرزە، ھەتتا روھىي بۇلغىنىش ئېلىپ كېلىدۇ. يىللار، ئەسىرلەر جەريانىدا بۇ ئىللەت ۋە بۇلغىنىشلار مىللەتنىڭ مەنىۋى قىياپىتى، جىسمانىي ساپاسى، مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ۋە تۇرمۇش ئادىتىگە ئېغىر، ھەتتا ھالاك قىلغۇچى تەسىر كۆرسىتىدۇ.

قەدىرلىك كىتابخان! ئائىلە ۋە كىشىلىك تۇرمۇش نەقەدەر مۇھىم ئىلمىي، ئەمەلىي، تارىخىي تېما - ھە! ئۇ بىر ئۇلپەت — سۆھبەتلىشىدۇ؛ ئۇ بىر ئەينەك — ئېچىپ كۆرسىتىدۇ؛ ئۇ بىر چىراغ — نەزەرنى يىراققا يېتەكلەيدۇ؛ ئۇ بىر دورا — كىشىگە شىپالىق بەخش ئېتىدۇ.

ئوقۇتقۇچى بىلەن ئانا، مەكتەپ بىلەن ئائىلە! مانا بۇ مىللەت ساپاسىنىڭ ھەقىقىي قېلىپى.

شۇنى بىلىش لازىمكى، كىشىلىك جەمئىيىتى ئوخشىمىغان مەدەنىيەت تۇركۇملىرىگە ئۇيۇشقان كىشىلىك جەمئىيىتىدىن ئىبارەت بولۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەر ۋە مەدەنىيەت تۇركۇملىرى تارىخىي ئۆتمۈشى، مەدەنىيەت ئەنئەنىسى، مىللىي تۇرمۇش ئادىتى، دىنىي - ئەخلاقىي دەرىجىلىرى جەھەتتە بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار مەركىزىي ئاسىيا ئىنسان تۇركۇمىنىڭ ئاساسلىق بىر ئەجدادى بولۇش سۈپىتى بىلەن، مەركىزىي ئاسىيا مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنىڭ ئاساسلىق بىر ۋارىسلىرى سۈپىتىدە مەركىزىي ئاسىياغا خاس مىللىي ۋە مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىگە. ئۇلار مىڭ يىللار داۋامىدا ئۇيغۇر — ئىسلام مەدەنىيىتى خاسلىقلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ كەلمەكتە. بۇ ھال ئۇيغۇر

خەلقىمىزنىڭ ئائىلە، مۇھەببەت، شەرمى - ھايا، ئىجتىمائىي ئەخلاق قاراشلىرىدىكى خاسلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. شۇ سەۋەبتىن، ئائىلە ۋە كىشىلىك مەدەنىيىتى ھەققىدىكى ھەرقانداق كونا ياكى يېڭىدىن نەشر قىلىنغان كىتاب - بىراشورىلارنى شۇ پېتىلا ئۇيغۇر خەلقىگە تېڭىشنىڭ ئۇنۇمىنىڭ ياخشى بولۇپ كېتىشى ناتايىن. مانا بۇ، مەزكۇر كىتاب مۇئەللىپىنىڭ ئۇشبۇ «ئائىلە» ناملىق كىتابقا قەلەم تەۋرىتىشىدىكى سەۋەبتىن ئىبارەت.

كىتابىمىز سىزگە ئەڭ كېرەكلىك مەسلىھەت دەستۇرى، ئەڭ سۆيۈملۈك قويۇن دەپتىرى بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس.



# بىرىنچى باب مۇقەددىمە

«ئىنسان تۇرمۇشتىن بىزار بولماسلىقى لازىم، ئەكسى ھالدا ئالدىدىكى ھەۋزى كەۋسەرنىمۇ ئىچىشكە جۈرئەت قىلالماي، چاڭقاپ ئۆلىدۇ.»

— ۋ. يېيىتس

## 1. ئائىلە — مۆجىزىلىك تېما

ئائىلە — ئەڭ قەدىمكى ئىجتىمائىي كاتېگورىيە. ئىنسانىيەت پەيدا بولۇپ، جەمئىيەت شەكىللىنىپ تەشكىللەنگەندىن كېيىن ئائىلە تەدرىجىي ئىجتىمائىي ئىنسان تۇرمۇشىنىڭ ئاساسىي پائالىيەت بىرلىكى بولۇپ قالدى. ئىنسانىيەت جەمئىيەتنى قايسى ئىجتىمائىي تۈزۈم قاتلىمىغا كۆتۈرمىسۇن، ئائىلە شەكلى قايسى خىل خاراكتېردا راۋاجلانغان بولمىسۇن، ئائىلە ئىنسانىيەت بىلەن بىللە، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى بىلەن بىللە ساقلاندى ۋە راۋاجلاندى.

ئائىلە — ئەڭ پائالىيەتچان ئىجتىمائىي تۇرمۇش كاتېگورىيىسى. ئۇ بىر تەرەپتىن، پۈتۈن ئىنسانىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەڭ ئومۇمىي ئىجتىمائىي تۇرمۇش تەشكىلى. يەنە بىر تەرەپتىن، پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ كۈندىلىك پائالىيەت ۋە مەشغۇلاتى بىلەن تۇتاشقان دائىمىي جىددىي ھەرىكەت ئىچىدە تۇرىدىغان ئىجتىمائىي كاتېگورىيە. مۇھەببەت، نىكاھ، تۇغۇت، ئائىلە تەربىيىسى، كۈندىلىك مەئىشەت، كېسەل كۈتۈش، قېرىلارنى كۈتۈش، قىز چىقىرىش ۋە ئوغۇل ئۆيلەش، ئۆلۈم -

يىتىم، ئائىلە زىددىيەتلىرى، ئائىلە دەۋالىرى، مېھماندارچىلىق، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت، ئۇرۇق - تۇغقانلىق نەسەپدارچىلىقى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئائىلىنىڭ دائىمىي جىددىي ھەرىكەتتە تۇرىدىغان ئىجتىمائىي مېخانىزىم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئائىلە — «ئۇنتۇلغان» كاتېگورىيە. گەرچە ئۇ، ئەڭ قەدىمىي، ئەڭ ئومۇمىي ۋە ئەڭ پائالىيەتچان كاتېگورىيە بولسىمۇ، كىشىلەر تېخى ئائىلە تەتقىقاتىنى نۇقتىلىق ئورۇنغا قويغىنى يوق. ئائىلە ناگان - ناگاندا مۇھەببەت ۋە نىكاھ تېمىسى بىلەن، بالىلار تەربىيىسى تېمىسى بىلەن، نىكاھدىن ئاجرىشىش ۋە مىراس دەۋاسىغا ئائىت قانۇن تېمىسى بىلەن ياكى ئومۇمىي جەمئىيەتشۇناسلىق تەتقىقاتىنىڭ بىر تارمىقى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنسىمۇ، ئائىلە توغرىسىدا مەخسۇس ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات خاراكتېرلىك ئەسەرلەر كەمدىن - كەم بولدى. ھازىرقى زامان ئىلمىي تەتقىقاتى نەزەر ئاغدۇرۇۋاتقان ۋە نەتىجىدە تاغدەك دۆۋىلەنگەن شۇنچە نۇرغۇن ئەسەرلەرگە نىسبەتەن ئائىلە ھەقىقەتەن «ئۇنتۇلغان» كاتېگورىيە ھالىتىدە تۇرماقتا. بۇنى ئاز دېگەندەك، يېقىندىن بېرى خىرىستىئان غەربىنىڭ جىنسىيەت، جىنسىي خاھىش، جىنسىي مۇھەببەت، جىنسىي تۇرمۇش، جىنسىي ئەركىنلىك، جىنسىي مەدەنىيەت ھەتتا جىنسىي سەنئەتكە ئائىت كىتابلىرى كۆپلەپ ئېقىپ كىردى، ئۇلار بىر تەرەپتىن، بۇ جەھەتتىكى فېئوداللىق قاراشلار ۋە غەيرىي ئىلمىي نادان قاراشلارنى يېڭىشتە بەلگىلىك ئىنسان تەبىئىتىنى بىلدۈرۈش رولىنى ئوينىغان بولسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، مىللەتتىن ھالقىغان، مەدەنىيەتنىڭ چەمبەرلىك ۋە تۇركۇملۇك ئالاھىدىلىكلىرىدىن ھالقىغان ھالدا نىكاھ ۋە ئائىلە مەسىلىلىرىنى نوقۇل جىنسىي تۇزۇلمە، جىنسىي خاھىشقا مەركەزلەشتۈرۈپ قويدى. بۇ ھال مەلۇم بۇزغۇنچى خاراكتېردىن خالىي ئەمەس.



ئەبۇ رەيھان بىرۇنى: «خەلقتىن ھېچبىرىمۇ نىكاھدىن خالىي ئەمەستۇر»، «نىكاھ خۇسۇسىدا ھەر بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس رەسمى ۋە ئادىتى باردۇر» دەپ ئېيتقانىدى. ئۇيغۇر خەلقىمۇ ئۇنىڭ جۈملىسىدە، ئەلۋەتتە!

قىزىقارلىق ھادىسە — ئىنسانىيەت ھەمىشە ئائىلە ۋە جەمئىيەت ئوقى ئەتراپىدا پائالىيەت ئېلىپ بارسۇن، بىراق ئائىلە تەتقىقاتىنى ئەڭ ئاجىز ھالقا قىلىپ قويسۇن! چاچ ۋە كىيىم پاسونلىرى، ئىگىلىك باشقۇرۇشتا مۇناسىۋەت سەنئىتى، ماقالە ۋە ئەدەبىي ئەسەر يېزىقچىلىقى قائىدىلىرى، ئۆي جاھازىلىرى، بېلىق ۋە ئۆي قۇشلىرىنى بېقىش ئۇسۇللىرىغا نىسبەتەن ئائىلىنىڭ پۈتكۈل كىشىلىك تۇرمۇشىدا تۇتقان ئورنى قانچىلىك كاتتىلىقىغا قارىماي، بۇ جەھەتتىكى ئەقلىي ۋە ئەخلاقىي تەپەككۇر مېۋىلىرىنىڭ شۇنچىلىك ئازلىقى ھەقىقەتەن قىزىقارلىق ھادىسە-ھە! بۇ، ئىنسانىيەتنىڭ ئۆز - ئۆزىنى ئۇنتۇغانلىقىنىڭ، ئۆز ماھىيەتلىرىگە نىسبەتەن ياتلاشقان نۇقتىلارنى دىققەت - ئېتىبار مەركىزى ۋە پائالىيەت مەقسىتى قىلغانلىقىنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىسى بولسا كېرەك.

ئائىلە — ئىجتىمائىي بەخت - سائادەت ياكى تۇرمۇش پاراكەندىچىلىكى ئىپادىلىنىدىغان مەركىزىي ھالقا. كىشىلىكنىڭ پۈتۈن ئۇتۇقلىرى، ھەربىر شەخسنىڭ پۈتۈن مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئاخىرقى ھېسابتا، مەيلى ئۇ پادىشاھ ياكى پۇقرا، سەركەردە ياكى ئەسكەر بولسۇن، ئوردا تەختلىرىدە، جەڭ بارىگاھلىرىدا ئەمەس، ئائىلىدە ئىنسانىي بەخت - ھالاۋەت، پەخىر - ئىپتىخار قىممىتىنى تاپىدۇ.

شۇنى تىلغا ئېلىش ھاجەتكى، پۈتۈن ئائىلىلەر بەختلىك بولالمىغىنىدەك، پۈتۈن ئائىلىلەر بەختسىز ئەمەس. بەخت - سائادەت ئومۇمەن ئىجتىمائىي مەسىلىلەر بولۇش بىلەن بىللە، يەنە ئائىلىۋى مەسىلىدىن ئىبارەت. ئابباسىيلارنىڭ 10 - ئەۋلاد خەلىپىسى مۇتەۋەككىلى ئىبن جەففار (847 — 861) سەلتەنەت

سۈرگەن زاماندا بىرسى ئۇنىڭدىن: «ھۆرمەتلىك خەلىپەئى ئىسلام، يەر يۈزىدە سىزدىنمۇ بەختلىك كىشى تېپىلماس» دەپ سوئال ئارىلاش تەسەننا ئېيتقاندا، خەلىپە: «خاتا سۆزلىدىڭ! گۈزەل ئائىلىسى، ئىزگۈ خوتۇنى، ياخشى مەئىشىتى بولغان ھەرقانداق ئادەم بىزگە قارىغاندا بەختلىكتۇر» دەپ ئېيتقانىكەن.
دەرۋەقە، ئائىلىدە بەخت كۆرمىگەن كىشى ئائىلە سىرتىدىن بەخت كۆرۈشى مۇمكىن ئەمەس. ۋەھالەنكى، خېلى كۆپلىگەن كىشىلەر ماددىي بايلىق ۋە مەئىشەت پاراۋانلىقىنى ھەقىقىي بەخت دەپ چۈشىنىدۇ، بۇ يولدا تەرسالىقتا چۈشۈپ گەرچە ماددىي مەئىشەتكە ئېرىشسىمۇ، ئائىلىۋى بەخت ـ سائادەتنى ئاللىقاچان بۇزۇۋالغان بولىدۇ.
ئائىلە — خۇددى گېوگو ئېيتقاندەك جەمئىيەتنىڭ دۇر ۋە گۆھىرى بولۇپ، بەخت ـ سائادەت ئومۇمەن جەمئىيەتنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى بىلەن ئائىلىنىڭ قانداق تەشكىللەنگەنلىكى ۋە مەنىۋى شەرتلىرىگە بېقىنغان بولىدۇ. بىر تەرەپتىن، « ئۆز بەختىنى پەقەت ئائىلىۋى ھاياتتىنلا كۈتكەن كىشى قۇم ئۈستىگە ئىمارەت سالغان كىشىدۇر » ( گېرىتسېن ) . بۇنداق كىشىلەر بەخت ـ سائادەتنىڭ ئۇلى — ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا قىزىقمايدۇ، پەقەت ئائىلە غېمىنى بەخت ـ سائادەت يولىدىكى تىرىشچانلىق دەپ چۈشىنىدۇ. نىكولاي ئوستروۋېسكىي توغرا ئېيتقان: «پەقەت ئائىلە غېمىنى يەپ ياشاش ھايۋانىي ئاچ كۆزلۈكتىن ئىبارەت.»
يەنە بىر تەرەپتىن، «تەنھا ئادەمنىڭ ھاياتى قانداق تەمىنلەنگەن بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا گادايلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس» (گېرىتسېن) . ئائىلە، ئەگەر ساڭا بەخت بېغىشلىمىسا، باشقىچە ئېيتقاندا، سەن ئائىلىنى بەختىيار ئائىلە قىلىپ ئۆيۈشتۇرۇشنىڭ بىر قاتار غەيرىي ماددىي، غەيرىي مەئىشەتلىك مەنىۋى شەرتلىرىنى ھازىرلىمىساڭ، سەن خۇددى خەلق ماقاللىرىدا «دەريادا بېلىق ئۇسسۇز» دېگىنىدەك ئائىلىۋى بەخت ـ سائادەتكە ئىگە بولالمايسەن. ئائىلىۋى تۇرمۇشتا



بەختسىز بولغان كىشى ئومۇمەن تۇرمۇشتا يېڭىلگەن، بەختسىز كىشىدۇر.
بىز كۆپ ھاللاردا ئائىلىنىڭ ماددىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئەمەس، بەلكى مەنىۋى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بەختسىزلىك بوھرانىغا دۇچ كېلىدىغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ مەنىۋى سەۋەبلەر ئىدىيە، ئېتىقاد، ئەخلاقىي ئۆلچەم جەھەتلىرى بىلەن ئائىلىۋى تۇرمۇش سەنئىتى ۋە ئېستېتىكىسى جەھەتلەردىن مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ئۇنى ئاڭلىق بىلىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھەل قىلالمىغان ئائىلىلەر يەنىلا خېلى سالماقلىق ساننى ئىگىلەيدۇ.
ئائىلە گەرچە جىنسىي تۇرمۇش ۋە جىنسىي مۇھەببەت سارىيى، شەخسنىڭ ھايات قورغىنى بولسىمۇ، ئۇ نوقۇل ۋە مۇتلەق مەنىدىكى خۇسۇسىي تۇرمۇش روزىغارى ئەمەس.
ئائىلە مۇھىم ھەم مۆجىزىلىك ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئۇيۇشمىسى. ئۇنىڭ ئۆز ئىچكى ئىشلىرىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشى ياش ئەۋلادلارنىڭ كېلەچىكىگە، پۈتۈن جەمئىيەتكە كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىدۇ.
ئائىلە — تەتقىق قىلىنىشى لازىم بولغان ئىجتىمائىي ـ گۇمانىتار ئىلىم تارمىقى، شۇنىڭ بىلەن ھېچكىم مۇستەسنا بولمىغان ھالدا ھازىرلىشى لازىم بولغان مەرىپەت «فوندى» .
ھەممە ئادەم ئۆز ئائىلىسىدە، ئۆز ئائىلىسى ئارقىلىق ئۆز بەختىنى تەشكىللىشى، ئۆز ئوبرازىنى جۇلالاندۇرۇشى، ئۆزىنىڭ ئىنسانلىق قەدىر ـ قىممىتىنى تېپىشى، ئۆزىنىڭ پەرزەنتلەر ئالدىدىكى، ئاتا ـ ئانا ۋە پېشقەدەملەر ئالدىدىكى، پۈتۈن مىللەت ۋە ئىنسانىيەت ئالدىدىكى ئىنسانىي — ئىجادىي تۆھپىكارلىق مەجبۇرىيەتلىرىنى بىجا كەلتۈرۈشى تامامەن زۆرۈر.
ئائىلە — ھەممە كىشى، پۈتۈن جەمئىيەت، ھەر ساھە غەمخورلۇق قىلىشى لازىم بولغان مىللىي تۇرمۇشنىڭ «ئۆرۈقى» .

ئائىلىدىن ئائىلىلەر سىستېمىسى — جەمئىيەت، ئىنسانلار تۈركۈمى — مىللەت تۈرلىنىدۇ، ئۆسۈپ يېتىلىدۇ. ئائىلىلەرنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى، ئەقلىي ۋە ئەخلاقىي شارائىتى ۋە قىياپىتىگە ئېتىبارسىز قاراش جەمئىيەت ۋە مىللەت، ئىنسانىيەتنىڭ رېئال ۋە كەلگۈسىگە ئېتىبارسىز قاراش ھېسابلىنىدۇ. روشەنكى، سىياسىي، ئىدىيىۋى، ئىقتىسادىي، تېخنىكىۋىي پۈتۈن ساھەدىكى غايە، پىلان، تۈزۈلمە، ئىسلاھات، مەبلەغ ۋە ئەمگەك ئەڭ ئاخىرىدا ئائىلىدىن ئىبارەت مۇشۇ تۈرمۈش ھالقىسىدا خاراكتېرگە، باھاغا، قىممەتكە، ئۆلچەمگە ئىگە بولىدۇ.

«ھەممە ئىنسان ئۈچۈن، ئىنساننىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن» دېگەن ئىنسانپەرۋەر قاراش ۋە پائالىيەت ئائىلىلەر ئارقىلىق رېئال ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

ئائىلە نېمە؟ ئۇنىڭ ئەپسۇنكار ۋە سېھرى نېمىلەر؟ مانا بۇ ئۇشبۇ ئەسەرنىڭ تەلقىن مۇساپىسىدىن ئىبارەت.

## 2. ئائىلە توغرىسىدىكى ئاڭ

ئائىلە شۇنچە گەۋدىلىك ئىجتىمائىي كاتېگورىيە ۋە تۇرمۇش تەشكىلى بولۇشىغا قارىماي، ئائىلە توغرىسىدىكى قاراشلار تولىمۇ مۇرەككەپ. ئېيتىش مۇمكىنكى، خېلى كۆرۈنگەن ئەربابلار، ئىقتىساد لايىھىلىگۈچىلىرى، تېخنىكىلىق مۇتەخەسسىسلەر، ھەتتا كۆپلىگەن ئائىلە باشچىلىرى ئائىلە توغرىسىدا چىگىش، خاتا ئاڭغا ئىگە. بۇ ئائىلە تەتقىقاتىنىڭ قاراڭغۇ ھالەتتە تۇرغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، شۇنىڭدەك ئائىلە تەتقىقاتىنىڭ داۋاملىق قاراڭغۇ ھالەتتە قېلىشىنىڭ سەۋەبلىرى جۈملىسىدىن.

ئائىلە ئېڭى ئەڭ قەدىمكى «رىگۋېدا» دەستۇرىدا، «مانۇ قانۇنى»، ھومېر داستانلىرىدا، كۇڭ فۇزى ئەسەرلىرىدە،



«ئىنجىل» نىڭ «مىسىردىن چىقىش»، «سۇلايمان قەسىدىسى» سەھىپىلىرى بىلەن بىر قىسىم ئەقلىيە سۆزلىرىدە، پلاتون (ئەپلاتون) نىڭ «غايىۋى دۆلەت» ناملىق ئەسىرىدە، ئارىستوتېلنىڭ «ئېتىكا» دېگەن كىتابىدا، «قۇرئان» سۈرىلىرىدە، فارابىنىڭ بەخت ۋە پازىل جەمئىيەت توغرىسىدىكى كىتاب ۋە رىسالىلىرىدا، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا، قابۇس مائالىنىڭ «قابۇسنامە» سى، نىزامۇل مۈلكىنىڭ «سىياسەتنامە» ناملىق مەرىپەت قوللانمىلىرىدا، ياۋروپا ئۇتوپىك سوتسىيالىستلىرىنىڭ گۈزەل ئارزۇلار بىلەن چايقالغان ئەسەرلىرىدە، مورگاننىڭ «قەدىمكى جەمئىيەت»، ف. ئېنگېلسنىڭ «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى» ناملىق كىتابلىرىدا، رىزائۇددىن ئىبن پەخرۇددىن، پەخرۇل بەناتلارنىڭ ئايرىم - ئايرىم يازغان «ئائىلە»، «ئائىلە ساۋاتلىرى» قاتارلىق بىراشورىلىرىدا ھەر خىل نۇقتا ۋە ھەر خىل قاراش ئاستىدا تىلغا ئېلىنغان. يۇقىرىدا ئىسمى زىكىر قىلىنغان ئەسەرلەر ئائىلىنىڭ كىشىلىك جەمئىيىتى ۋە ئىجتىمائىي ئەخلاقتا غايەت زور تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىردەك قەيت قىلىشقان ۋە ئۆز دۇنيا قاراشلىرى بويىچە غايىۋى، ئۆلچەملىك ئائىلە مودېللىرىنى روشەن ياكى غۇۋا بولسىمۇ تىلغا ئېلىشقان.

جەمئىيەتنىڭ «گېنى» ۋە مىللەتنىڭ قېلىپى بولغان ئائىلە ھەققىدىكى تارىخىي دەستۇرلار ئائىلە تەتقىقاتىنىڭ ئۆتمۈشىگە تەئەللۇق بولۇپ، بىز ئۈچۈن ئەنداز ۋە ئىلھام. ئەمما، ھەربىر ئىنسان بوغۇنلىرىنىڭ ئالمىشىشى، جەمئىيەت تۈزۈلمىسى، ئىقتىسادىي پائالىيەت ئۇسۇللىرىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئائىلىدىن ئىبارەت بۇ پائالىيەتچان ئىجتىمائىي كاتېگورىيە توغرىسىدىكى ئاڭ داۋاملىق لەرزىگە يولۇقۇشتىن خالىي بولالمايدۇ. بۇ بىزگە ئائىلە ئېڭى — ئائىلە توغرىسىدىكى

يېتەكچى چۈشەنچە ئۈستىدە داۋاملىق يېڭى - يېڭى مۇھاكىمىلەر ئېلىپ بېرىشىمىزنى، ئۇنى «ئالىملارنىڭ كىتاب ئىشكاپىدىن ئازاد قىلىپ» پۈتۈن ئائىلىلەرگىچە ئومۇملاشتۇرۇشىمىزنى تەقەززا قىلىدۇ. بىلىش لازىمكى، ئائىلە ئېڭى ئېغىزدىلا ئەمەس، ئەمەلىي تۇرمۇشتا، بىر بۆلەك ئاپتورلار ئىشكاپىدىلا ئەمەس، پۈتۈن ئائىلىدە، ئائىلە باشلىقلىرى بولغان ئاتا - ئانىلاردىلا ئەمەس، پۈتۈن ئىنسان نەسلىدە ھازىرلىنىشى لازىم بولغان ئاڭدىن ئىبارەت. ئۇنى ھاۋالە قىلغىلى، باشقا كىشى ئۈچۈن ۋاكالەت قىلغىلى بولمايدۇ.

ھازىرقى كۈندە ئائىلە چۈشەنچىلىرىنىڭ كۆرۈنەرلىك بىر قىسمى نادانلىق ۋە جاھالەت ياكى تەنتەكلىك ۋە ئەسەبىي ھاماقەتلىك روھىدىكى كىشىلىك قاراشلىرىنىڭ مۇھاسىرە چەمبىرىكى ئىچىدە بۇلغانغان.

بەزىلىرى «ئائىلە شەخسىي ئىش» دېيىشىدۇ. ئۇلار بۇ سۆزى ئارقىلىق ئۆزلىرىنى جەمئىيەتپەرۋەر، جامائەتپەرۋەر، ئومۇملۇق نۇقتىسىدا چىڭ تۇرغۇچى قىلىپ كۆرسىتىدۇ. جەمئىيەت بىلەن ئائىلىنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر - بىرىگە زىت ئىككى خىل مەنپەئەت مۇناسىۋىتى قىلىپ قويغۇچىلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ ئەڭ ئۆلچەملىك جەمئىيەتشۇناس ۋە ئەڭ غايىۋى ئائىلە ئەزاسى بولماسلىقى كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرغان گەپ. ئۇ بىلمەيدۇكى، ئائىلە جەمئىيەتنىڭ پۈتۈن گەۋدىسىنى ئۇيۇشتۇرغان ھايات بەخش ھۈجەيرە؛ ئائىلە مىللەتنى تەۋەللۇت قىلىپ، يېتىلدۈرىدىغان ئانتروپولوگىيىلىك بۆلاق؛ ئائىلە جەمئىيەتنى كەلگۈسىگە ئېلىپ ئۇچىدىغان بۈركۈت قانىتى؛ ئائىلىسىز مىللەت ۋە جەمئىيەت مەۋجۇت ئەمەس. ئائىلە جەمئىيەت پاراۋانلىقىنى كىشى بېشى ۋە تۇتۇن (ئائىلە) بېشىغا تەقسىم قىلىپ باھالايدىغان مىزان. مەشھۇر تاتار ئالىمى رىزا ئۇددىن ئىبنى پەخرۇددىن ئېيتقاندەك: «نادانلىقنىڭ نېگىزى



بىلەن كامالەتنىڭ قانىتى ئائىلىدە»، «مىللەتنى كۆتۈرۈپ تۇرغان نەرسە ئەسكەر ۋە باشقىلار بولماستىن، ئائىلىدىن ئىبارەت.»

بەزىلەر «ئائىلە مەنپەئىتى دېمەك مېنىڭ مەنپەئىتىم ياكى ئائىلە مەندىن ئىبارەت» دېيىشىدۇ. بۇ يۇقىرىدىكى ناتوغرا قاراشنىڭ يەنە بىر قۇتۇپتىكى ئېگوئىستىك (شەخسىيەتچىلىك) شەكلىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇلار ئائىلىنىڭ نىكاھ، قانداشلىق ۋە ئورتاق كىرىم - چىقىم ئالامەتلىرىنى مۇتلەقلەشتۇرگەن ھالدا ئۇنى جەمئىيەتكە قارشى قىلىپ قويىدۇ. ئۇلارچە ئائىلىنىڭ بەخت - سائادىتىنىڭ مۇھىم ئۇلى جەمئىيەت بايلىقىدىن يۇلۇپ ئېلىپ، ئۇنى ئائىلىنىڭ، ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي روزىغارىغا ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. كۆپلىگەن زىيانلىق ۋە بۇزغۇنچى خاراكتېرلىك ناچار ئىدىيە ۋە قىلمىشلار ئەنە شۇنداق ناتوغرا ئائىلە قارىشى بويىچە تەربىيىلەنگەن كىشىلەر تەرىپىدىن مەيدانغا چىقىرىلغان بولۇپ، بۇنداق قاراشتىكى كىشىلەر خېلى قويۇق جەمئىيەت قاتلىمىنى ھاسىل قىلغان. ئۇلار بىلمەيدۇكى، ئائىلە گەرچە ئىشكىلىرىگە قۇلۇپ سېلىنىدىغان، خاس مورىلاردىن تۈتۈن چىقىرىدىغان ئىقتىسادىي بىرلىك بولسىمۇ، ئۇ جەمئىيەتنىڭ، مىللەت ئۇيۇملىرىنىڭ بىر ياچېيكىسى. ئۇ جەمئىيەت گۈللەنگەندە گۈللىنىش مۇھىتىغا ئېرىشەلەيدۇ، جەمئىيەتتىن ئوزۇق ئالىدۇ ۋە جەمئىيەتكە تۆھپە قوشىدۇ. ئۇنى جەمئىيەت تىزگىنلەيدۇ ۋە ئۇ جەمئىيەتكە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بالىلار تەربىيىسى جەمئىيەتتىن، تەربىيە ۋە قانۇندىن ئايرىلالمىغاندەك، ئائىلىنىڭ تەربىيىۋى رولىدىنمۇ خالىي بولالمايدۇ. جەمئىيەتتىن خالىي ئائىلە مەۋجۇت ئەمەس. ئىنسان ئائىلە ئارقىلىق كىشىلىك جەمئىيىتى بىلەن تۇتىشىدۇ.

بەزىلەر «ئائىلە جىنسىي تۇرمۇشنىڭ قانۇنلاشقان شەكلى» دېيىشىدۇ. ئۇلار ئائىلىنىڭ جىنسىي مۇھەببەت ۋە جىنسىي

تۇرمۇشتىن ئىبارەت بىر فۇنكسىيىسى ئائىلىنىڭ بىردىنبىر ئۇلى دەپ قارايدۇ. نەتىجىدە ئائىلە مەسىلىلىرىنى مۇتلەق مەنىدىكى جىنسىي تۇرمۇش ئۆلچەملىرى بويىچە تەھلىل قىلىدۇ، باھالايدۇ. بىر قاراشتا بۇ ئىلمىي ئاساسقا ئىگىدەك قىلىسمۇ، بۇنداق قاراش شەخسنى جەمئىيەتتىن، مىللەتتىن، ئائىلىنىڭ ئېتنولوگىيىلىك مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرى ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىقتىن، تەلىم - تەربىيە ۋە ئىجتىمائىي مەجبۇرىيەتتىن ئايرىپ ئېلىپ قارىغاچقا ئائىلە مەسىلىسىنى ئەتراپلىق ئىزاھلىيالمايدۇ.

يۇقىرىدىكى بىرقەدەر ئىستىخىيىلىك خاتا قاراشتىن تاشقىرى، يەنە نەزەرىيە شەكلىنى ئالغان بىرقانچە ناتوغرا قاراشلار كىشىلەرنىڭ ئىلمىي ئائىلە ئېڭى تۇرغۇزۇشىغا توسقۇنلۇق كەلتۈرىدۇ.

ئۇنىڭ بىرى، «ئائىلە يوقىلىش نەزەرىيىسى» دىن ئىبارەت. بۇ جەھەتتىكى قاراشلار ھەر خىل مەنبەلەردىن كەلگەن بولۇپ، بەزىلىرى جەمئىيەتشۇناسلىق بويىچە ئائىلە ئۆز تەرەققىياتىدا «پولوگامىيە» (كۆپ نىكاھلىق)، «مونوگامىيە» (يەككە نىكاھلىق) دەۋرلىرىنى بېسىپ ئۆتتى، ئەمدى ئائىلە تارىخىي جەھەتتىن ئاخىرلىشىشقا يۈزلەندى، كەلگۈسىدىكى مۇھەببەت ۋە تۇغۇش - تەربىيىلەش فۇنكسىيىسىنى ئائىلە ئەمەس، جەمئىيەت ئورۇندايدۇ، دېيىشسە، يەنە بەزىلىرى ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئىدىيىلىرىنى تەنقىدلەش باھانىسىدا «ئاياللارنى ئومۇملاشتۇرماقچى»، «ئائىلىنى يوقاتماقچى» دېگەن سۆزلەر بىلەن ئائىلىنىڭ يوقىتىلىشىنى بىر خىل مۇمكىنلىك قىلىپ كۆرسىتىشتى. ئۇنىڭدىن باشقا «يەككە ياشاش» (بويتاق تۇرمۇش) بىلەن «جىنسىي ئەركىنلىك» تەشەببۇسلىرىنى ئائىلىنىڭ يوقىلىشقا يۈزلىنىش ئالامەتلىرى دەپ داۋراڭ سالغۇچىلارمۇ چىقىشتى. «ئائىلە يوقىلىش نەزەرىيىسى» چاڭ -



تۈتەكلىرى ئائىلە رىشتىسى، مىللەتنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى ۋە ئائىلىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئومۇمىي ئېتىبارىنى سۇسلاشتۇرۇپ، بىر قاتار ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

يەنە بىرى، «ۋاقىتلىق ئائىلە نەزەرىيىسى» دىن ئىبارەت. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، «جىنسىي ئەركىنلىك» ۋە بىر مەزگىللىك جىنسىي ئىشتىياق بىلەن پەرزەنت كۆرۈش خاھىشى بىلەن ئائىلىلەر ھازىرقىدەك بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق «يەككە ئائىلە» شەكلىدىن «ۋاقىتلىق ئائىلە» شەكلىگە كۆچىدۇ. ئۇلار تارىختىن بېرى بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق ئائىلە شەكلى يېنىدا ھەر خىل سەۋەب ۋە زۆرۈرىيەتلەر تۈپەيلى يۈز بەرگەن ئۇنداق ياكى مۇنداق ئاتالمىش «ۋاقىتلىق ئائىلىلەر» نى كەلگۈسىدىكى ئاساسلىق ئائىلە شەكلى، دەپ قارايدۇ ھەم بۇنداق «ۋاقىتلىق ئائىلە» مۇناسىۋەتلىرىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇلارچە، «ۋاقىتلىق ئائىلە» مۇھەببەت ۋە ئەركىنلىكنىڭ دەۋر قىلىش خاھىشىنىڭ ئۆزگىرىش رىتىمىغا لايىق دېيىلىدۇ. «ۋاقىتلىق ئائىلە نەزەرىيىسى» تەسىرىدە پراگماتىزم، ئېگوئىزم (شەخسىيەتچىلىك) ئىدىيىلىرى جانلىنىدۇ، ئائىلە مۇناسىۋىتى ھىيلە - نەيرەڭ ۋە تۇراقسىزلىقتىن خالىي بولالمايدۇ، بالىلارنىڭ تەقدىرى ۋە ئۆسۈپ - يېتىلىشى جىددىي بوھران ئىچىدە قالىدۇ.

يۇقىرىدىكى ئىككى خىل ئائىلە قارىشىدىن پەرقلىق بولغان يەنە بىر خىل ئائىلە قارىشىمۇ مەۋجۇت. ئۇ بولسىمۇ «مەدەنىيەتلىك يېڭىچە ئائىلە قارىشى» ياكى «تاكامۇللاشقان ئائىلە» مودېلىدىن ئىبارەت. «تاكامۇللاشقان ئائىلە» — بۇ تېخى ئىدېئال مودېل بولۇپ، ئوتوپىك سوتسىيالىستلار، ھازىرقى زامان جەمئىيەتشۇناسلىرى، ھەرقايسى دىنىي ئەخلاق تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە خاس تەسۋىرىي تەرىپلىرى بويىچە پەرقلەنگەن. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي بۇ خىل قاراشنىڭ

ئورتاقلىقى يەنىلا ئەنئەنىۋى بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق ئائىلىنى تۈرلۈك ئىجتىمائىي ۋە مەنىۋى نۇقسانلاردىن خالىي قىلىپ، ئۇنى مۇھەببەت، نىكاھ، جىنسىيەت، تەربىيە، ئەخلاق ۋە ماددىي تۇرمۇش جەھەتتە ساغلام، يېتىلگەن، گارمونىيىلەشكەن پازىل ئائىلىگە ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ خىل «تاكامۇللاشقان ئائىلە» قارىشىنىڭ قەدىمكى دۇنيادا (مەسىلەن، كۇڭ فۇزى، ئەپلاتون قاتارلىق) نامايەندىلىرى بولۇپ قالماستىن، ئوتتۇرا ئەسىر ۋە ھازىرقى زامان نامايەندىلىرىمۇ مەۋجۇت. ئۇلار ئۆزلىرىگە خاس كىشىلىك قارىشى ۋە غايىۋى جەمئىيەت نۇقتىئىنەزەرلىرى بويىچە «تاكامۇللاشقان ئائىلە» مودېلىنى تۈزگەن ۋە ئۇنىڭغا رەڭ بېرىشكەن. ۋەھالەنكى، مۇنداق «تاكامۇللاشقان ئائىلە» قارىشى ھەر خىل مىللەت ۋە مەدەنىيەت تۈركۈملىرى ئۈچۈن ھەر خىلدۇر.

## 3. ئائىلە تەتقىقاتىنىڭ مۇھىملىقى ۋە تەتقىقات ئۇسۇلى

ئائىلە — جەمئىيەت بولۇپ ئۇيۇشقان ئىنساننىڭ تۇرمۇش، مۇئامىلە ۋە نەسىل قالدۇرۇشىدىكى ئاساسىي ئىجتىمائىي قاتلىمى بولۇپ، ئائىلىگە تۇتاشمايدىغان ئىجتىمائىي ئىنساننى ۋە ئىنسانغا چېتىلىشمايدىغان ئىجتىمائىي ئائىلىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ.

ئائىلە — ئىنتايىن مۇھىم ۋە كاتتا تەتقىقات ئوبيېكتى بولۇپ، ئائىلە تەتقىقاتى كۆپ قىرلىق پەن تارمىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئائىلە تەتقىقاتى ئائىلىدىن ئىبارەت بۇ قەدىمكى، دائىمىي، كۆپ تەرەپلىمە، مۇرەككەپ ئىجتىمائىي تۈزۈلمىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە بىر قاتار ئىجتىمائىي — گۇمانىتار پەنلەر



تەرىپىدىن تەتقىق قىلىنىپ كەلدى.

ئانتروپولوگىيە ئىلمى ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخى نۇقتىسىدىن ئائىلىنىڭ كېلىپ چىقىشى (ئائىلە گېنېئالوگىيىسى) ۋە قەدىمكى جەمئىيەتتىكى ئائىلە شەكىللىرى، ئائىلىنىڭ توتېمىزملىق، قانداشلىق، ئۇرۇقداشلىق (ئانا ئۇرۇقى — ماتىرىئارخات ۋە ئاتا ئۇرۇقى —پاترىئارخات) دەۋرىدىكى ئالامەتلىرى، قەدىمكى جەمئىيەتتىكى ئائىلە ئانالوگىيىسى (سېلىشتۇرما تەتقىقاتى) قاتارلىق تېماتىك مەزمۇنلار ئۈستىدە ئىش ئېلىپ بارىدۇ. بۇ خۇددى مورگاننىڭ «قەدىمكى جەمئىيەت»، تېلورنىڭ «ئىپتىدائىي مەدەنىيەت» قاتارلىق ئەسەرلىرىدە ئىپادىلەنگىنىدەك قەدىمكى جەمئىيەت ئىزنالىرى ئۈستىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك قىدىرىش، ھازىرقى كۈنگىچە ساقلانغان ئىپتىدائىي ئۇرۇق ياكى قەبىلىلەر تۇرمۇشىنى ئۆگىنىش، قەدىمكى ئەدىبىيە ۋە سەنئەت ئەكس ئەتتۈرۈلگەن رىۋايەت، ئەپسانە، لېگىندا (قەھرىمانلىق داستانلىرى) ئۈستىدە فولكلور تەتقىقاتى ئېلىپ بېرىشنى ماتېرىيال مەنبەسى قىلغان ھالدا داۋاملاشتۇرۇلىدۇ.

ئېتنوگرافىيە ئىلمى ھازىرقى مەۋجۇت قەبىلە، خەلق ۋە مىللەتلەرنىڭ مىللىي مەدەنىيىتى، ئېتىقادى، تۇرمۇش ئادەتلىرى، ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتىدە گەۋدىلەنگەن مىللىي — پسىخىك ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆگىنىش ۋە ئۇلارنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىش جەريانىدا ئائىلىنىڭ ئېتنىك شەكلىنى مۇھاكىمە قىلىدۇ. ماددىي بۇيۇملار بىلەن مەدەنىي يادىكارلىقلارنى توپلاش، ئېتنوگرافىيىلىك مۇزېيلار تەسىس قىلىش، مىللەتلەر ۋە مەدەنىيەتلەرنى بىر قاتار «مەدەنىيەت تۈركۈملىرى» ۋە «مەدەنىيەت چەمبەرلىرى»گە ئايرىش ئۇلارنىڭ ئىلمىي مەشغۇلاتلىرى جۈملىسىدىندۇر.

جەمئىيەتشۇناسلىق ئىلمى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەممە

ساھەلىرى — ئىشلەپچىقىرىش، ئايرىۋاشلاش، ئىستېمال، ئەمگەك ۋە باشقۇرۇش، جەمئىيەتنىڭ تەبىئىي مۇھىت ۋە نوپۇس بىلەن بولغان ئالاقىسى، ماددىي تۇرمۇش ۋە مەنىۋى قىياپەت، ئىجتىمائىي زىددىيەت ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا گارمونىيىلىك تەرتىپ تۇرغۇزۇش يوللىرىنى مۇھاكىمە قىلىدۇ. جەمئىيەتشۇناسلىق ئۆز پائالىيەتلىرىدە ئائىلە مەسىلىلىرىگە، بولۇپمۇ ھازىر مەۋجۇت ئائىلىلەردىكى ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە ياندىشىدۇ. ئائىلىلەرنىڭ تەقدىرى توغرىسىدىكى ھەر خىل قاراشلار بىلەن ئائىلە ئىسلاھاتى مودېللىرى تولاراق ئۇلارنىڭ جەمئىيەت قاراشلىرىغا ياندىشىپ تىلغا ئېلىنغان. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ئۇلارنىڭ جەمئىيەتشۇناسلىق قاراشلىرى ئائىلىنىڭ سۇبيېكتى ئۈستىدە ئەمەس، مۇھىمى ئائىلىنىڭ ئوبيېكتىپ قىممىتى ئۈستىدە مۇھاكىمە قىلىشنى ئاساسىي ئورۇنغا قويىدۇ.

ئىقتىسادىي — مۇلازىمەت نۇقتىسىدىن ئېلىپ بېرىلغان ئائىلە تەتقىقاتى ئەمەلىيەتتە جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئائىلە تەتقىقاتىنىڭ بىر ساھەسى بولۇپ، ئائىلىنىڭ جەمئىيەت ئىقتىسادى ۋە ئىستېمال مۇناسىۋىتىدىكى رولى، ئائىلىنىڭ ئەمگەك ۋە سېتىۋېلىش ئىقتىدارى قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەرگە قارىتىلغان.

قانۇنشۇناسلىق ئىلمى ئائىلە مۈلكى ئىگىدارچىلىقى، ئائىلىدە ياشىغانلار، ئاياللار ۋە بالىلار ھوقۇق - مەنپەئىتى، ۋارىسلىق قانۇنى قاتارلىق جەھەتلەردە ئائىلە تەتقىقاتىغا ياندىشىدۇ. قانۇنشۇناسلىق ئىلمى ئائىلىنىڭ ئادەت قانۇنى، نىكاھ قانۇنى، كىشىلىك ھوقۇق قانۇنى، ۋارىسلىق قانۇنى ئۆلچەملىرىگە ئۇيغۇن ياكى ئۇيغۇن ئەمەسلىكى بىلەن ئۆز پائالىيىتىنى چەكلەيدۇ.

ئەخلاقشۇناسلىق ئىلمى ئائىلە مەسىلىلىرىنى ئەخلاقىي



نۇقتىنى تۇتقا قىلغان ھالدا بىرقەدەر كەڭ تەتقىق قىلىدۇ. ئەخلاقشۇناسلىق ئىلمىنىڭ ئۈچ چوڭ تارمىقى — ئىجتىمائىي ئەخلاق، كەسپىي ئەخلاق ۋە ئائىلە ئەخلاقى — نىڭ بىرى ئائىلە ئەخلاقى تەتقىقاتىدىن ئىبارەت. ئائىلە ئەخلاقى بىر تارماق ئىلىم سۈپىتىدە ئائىلىنى ھەممىدىن ئىلگىرى ئىنساننىڭ ئائىلە ئېڭىنىڭ سىرتلاشقان ئىجتىمائىي شەكلى، دەپ قارايدۇ. ئىنساننىڭ ئەخلاقىي سۇبيېكتى ئۇنىڭ دىققەت مەركىزىدە تۇرغان بولىدۇ.

ئائىلە ئەخلاقى — تارماق ئىلىم سۈپىتىدە غايەت زور گۇمانىتار ئىلمىي ۋە ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە. ئائىلە ئەخلاقى تېماتىكىسى ئائىلە تەتقىقاتىنىڭ ئەڭ مۇھىم مەنىۋى ئۇلى ئۈستىدىكى ئەخلاقىي ئىزدىنىش بولۇپ، ئۇ يەنە ئائىلە تەتقىقاتىدىكى «ئۇنتۇلغان» دېگۈدەك تاشلىنىپ قالغان ساھە. ۋەھالەنكى، ئۇ بۈگۈنكى كۈندە ئائىلىۋى زىددىيەت ۋە بوھرانلارنى ئىزاھلاش ھەم داۋالاشتا ئۇنۇملۇك شىپا بەخش ئەتكۈچى دورا بولۇپ تۇرماقتا.

ھەممىگە مەلۇمكى، ئەخلاق ئىنساننىڭ ئۆز - ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا بولغان ئاڭلىق ياكى ئادەتكە ئايلانغان مۇناسىۋىتىدىكى مەنىۋى - ۋىجدانىي ئۆلچەملەر جەمئىسىدىن ئىبارەت. ئۇ قەلب ھەرىكىتىنىڭ ئىجتىمائىي ئاڭ شەكلىدىكى سىرتلاشقان كۆرۈنۈشى. ئۇ قەلب قانۇنى. ئۇ ئىنساننىڭ ئۆز - ئۆزىگە ۋە جەمئىيەت ئەزالىرىغا تۇتقان نىيىتى، پوزىتسىيىسى، سۆز - ھەرىكىتىنىڭ ياخشى (ئىزگۈ)، يامان (قەبىھ) لىقىنى خاراكتېرلايدىغان قەلبىي ئۆلچەم، قەلبىي قانۇن، قەلبىي سوت بولۇش بىلەن بىللە يەنە جامائەت پىكرى ئۆلچىمى، قانۇنى ۋە سوتىدىن ئىبارەت.

يۇنان ئالىمى دېموكرىت: «نومۇسلۇق ئىش قىلغۇچى دەسلەپ ئۆز - ئۆزىدىن ئۇيۇلۇشى لازىم» دېسە، گېيوگو بۇنداق

ئۇيۇلۇش — نومۇس سىزگۇسىگە ھۆكۈم قىلىدىغان قەلب ئۆلچىمى ئىزگۇلۇكنى «ئىنسان مەنىۋى دۇنياسىنى يورۇتقۇچى قۇياش» دەپ تىلغا ئالغانىدى. نومۇس ياكى شەرەپ سەزگۇسى ئۆز - ئۆزىگە قارىتىلسا، ئەيىبلەش ياكى تەسەننا (ئاپىرىن) ئېيتىش ئۇنىڭغا جامائەتچىلىكتىن كېلىدۇ.

ئائىلە — ئەخلاق بۆشۇكى بولۇپ، ياخشى - يامان نىيەت، ئەخلاقىي چۈشەنچە ۋە ئادەتلىرىمىزنىڭ بىرىنچى «ئانا قارنى» ياكى مۇنبەت زېمىنىدىن ئىبارەت.

ئائىلە ئەخلاقى — ئائىلىدىن ئىبارەت كىچىكلىتىلگەن جەمئىيەت ياكى «مەملىكەت» نىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى تىزگىنلەيدىغان دەستىگاھ ۋە ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەينەك بولۇش بىلەن بىللە، يەنە ئۇ كەسپىي ئەخلاق، ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ يىلتىزى ۋە ئۇلىدىن ئىبارەت. مۇشۇ مەنىدە ئائىلە ئەخلاقىنىڭ تەسىر دائىرىسى ۋە ئىجتىمائىي قىممىتى ئائىلە كاتېگورىيىسىدىن چوڭدۇر، دېگەن فورمىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا بولىدۇ.

ئائىلە ئەخلاقى — ھەربىر ئادەم سۇبيېكتىدىكى بىرىنچى ئىنسانىي مەنىۋى روھ، بىرىنچى خاراكتېر تۈزۈلمە فوندى، بىرىنچى ئوبيېكتىپ دۇنياغا يۈزلىنىش دەھلىزى بولۇپ، ھەر بىر يەككە ئادەمنىڭ ئەخلاق «گېنېئالوگىيە مەيدانى» دىن ئىبارەت. ئائىلە ئەخلاقى شۇ شەخسنىڭ ئۆز ئىستىقبالىنى قازىدىغان مېتىن قورالى، ئۆز تارىخىنى يازىدىغان قەلىمى، ئۆز ئوبرازىنى تاراشلايدىغان ھەيكەلتىراش پىچىقى ھېسابلىنىدۇ. ھەركىم ئۆز ئەخلاقى ۋە پائالىيىتى بىلەن ھايات دېڭىزىغا يەلكەن سالىدۇ، ئائىلە ئېكىنزارلىقىغا ئۇرۇق چاچىدۇ. بۇنداق خۇسۇسىي - ئىندىۋىدۇئال ئەخلاق ھەممىدىن ئىلگىرى ئۇ ئۆسكەن ۋە ئۇ باشقۇرغان ئائىلىدە ھازىرلانغان بولىدۇ. ئائىلىدە تىكلەنگەن ئىزگۇ ئەخلاق - پەزىلەتنى ئىجتىمائىي تۇرمۇش بوران -



چاپقۇنلىرى ئاسان نابۇت قىلالمىغاندەك، ئائىلىدە «زاكىسىدىن تەگكەن» قەبىھ ئىللەتنى جەمئىيەتنىڭ تەربىيىسى ۋە قانۇننىڭ جازالىشى بىر يولىدا تۈزەپ كېتەلمەيدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئائىلە تۈنجى ئەخلاق ئوچىقى ۋە مەكتىپى.

ئائىلە ئەخلاقى تەتقىقاتى قانچىلىك مۇھىم بولسا، ئائىلە ئەخلاقى تەتقىقاتىنىڭ ئۇسۇلىمۇ شۇنداق مۇھىم. بۇ قاتناش قانچە زۆرۈر بولسا، قاتناش قورالى (ۋاسىتىسى) شۇنچە مۇھىم بولغانلىقىغا ئوخشايدۇ.

ئائىلە ئەخلاقى تەتقىقات ئۇسۇلى «قاتلام نەزەرىيىسى» نى مېتودولوگىيىلىك ئاساس قىلىشى لازىم. «قاتلام نەزەرىيىسى» شەيئىلەرنى تۈزۈلمە جەھەتتىن (ماكان جەھەتتىن) قاتلامغا بۆلۈپ تەتقىق قىلىش بىلەن راۋاجلىنىش جەھەتتىن (زامان جەھەتتىن) مەنبە، ئېقىم، زامان شەكلىدىكى قاتلاملارغا ئاجرىتىپ تەتقىق قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

«قاتلام نەزەرىيىسى» بويىچە ئائىلە ئەخلاقىنى تەتقىق قىلغاندا ئائىلىنىڭ كېلىپ چىقىش، ئۆزگىرىش ھالەتلىرى، ئائىلە تەركىبىي تۈزۈلمىسى، ئائىلە ئىچى - سىرتىدىكى مۇناسىۋەتلەر ئەخلاقى قاتارلىق مەسىلىلەر كۆزىتىلىدۇ.

ئائىلە ئەخلاقى تەتقىقات ئۇسۇلى يەنە «نەزەرىيىنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈش» ، «ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش» ئۇسۇلى بويىچە جانلىق رېئال ئائىلە مۇناسىۋەتلىرىنى كۆپلەپ كۆزىتىش، تىپىك ماتېرىيال توپلاپ مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. پىكرەن پەلسەپىلىك مۇھاكىمە بىلەن رېئال ئوپېراتسىيە ئۇسۇلىنى بىللە ئېلىپ بېرىش ئائىلە ئەخلاقى تەتقىقاتىنىڭ يولىنى يورىتىدۇ.

ئائىلە ئەخلاقى تەتقىقاتچىسى ئۈچۈن تارىخ، جەمئىيەت، ئائىلە، ئەدەبىي ئەسەر (رومان، دراما، كىنو، تېلېۋىزىيە) جانلىق كۆزىتىش كۆزنىكى بولۇپ، ئۇنى يىراق، جانلىق، تىپىك

دېتاللار بىلەن تەمىنلەيدۇ. ھادىسىلەردىن ماھىيەتلەرنى تېپىش، دېتاللاردىن تىپلارنى تۇرغۇزۇش ۋە ئائىلە ئەخلاقى تەلىم - تەربىيىسى، تەشۋىق - تەرغىباتى بىلەن شۇغۇللىنىش ئائىلە ئەخلاقى تەتقىقاتچىسىنىڭ ئىلمىي خىزمىتى ۋە كەسپىي مەشغۇلاتىدىن ئىبارەت.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، ئائىلە ئەخلاقى تولىمۇ كونكرېت تېما. ئۇ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەر، ھەرقايسى مەدەنىيەت تۈركۈملىرى، ھەرقايسى ئىجتىمائىي تەبىقىلەر ئۈچۈن پۈتۈنلەي بىردەك ئەمەس، شۇنىڭدەك بۇنداق كونكرېتلىق ئىچىدە مۇئەييەن تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي ئورتاقلىقمۇ يوق ئەمەس. بۇ بىزدىن بۇ تېمىگە كونكرېت تەتقىقات ئۇسۇلى بويىچە ياندىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ.



# ئىككىنچى باب ئائىلىنىڭ ماھىيىتى

«ئاتا - ئانا بىلەن ئوقۇتقۇچىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى — مىللەت ۋە ئۇنىڭ ھۇجەيرىسى بولغان ئائىلىنىڭ مەنىۋى قىياپىتىنى كۆرسىتىدىغان ئەينەك.»

— ئاپتور

## 1. ئائىلىنىڭ ئېنىقلىمىسى

ئائىلە — ئىنسانىيەت ھېچقانداق ئىجتىمائىي تەشكىل ۋە تۈركۈم ئۇيۇشتۇرمىغان قەدىمكى زاماندا ئۇيۇشقان بىرىنچى ھەم تۈپلۈك تەشكىلات بولۇپ، قەبىلە ۋە ھاكىمىيەت تەشكىللىرى بىلەن باشقا ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرىغا كېيىنچە تەدرىجىي ئىگە بولغان. بۇ بىزگە مۇنداق ھەقىقەتتىن دېرەك بېرىدۇ: ھەربىر ئادەم، ئۇنىڭ ھېچبىر نەرسىسى بولمىغاندىمۇ مۇئەييەن ئائىلىگە باغلانغان بولۇشى، باشقىچە ئېيتقاندا ئائىلىسىز بولماسلىقى لازىم. ئائىلە ئىنسان تۇرمۇشنىڭ ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك روھىنىڭ بىرىنچى ئۇچىقى. ھەربىر مىللەت، ئۇنىڭ ھېچبىر سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تەشكىلى ياكى ئورگانلىرى سىستېمىسى بولمىغاندىمۇ مۇئەييەن تىپتىكى ئائىلە سىستېمىسى، ئائىلىۋى تۇرمۇش (تۈتۈن) رىجىلىرى بولۇشى لازىم. ئائىلە مىللىي - مەدەنىي تۇرمۇش بىلەن مىللىي ئىپتىخار روھىيىتىنىڭ بىرىنچى بۇلىقى ۋە

زېمىنى. ئائىلىدە خۇدبىن، نادان، ھۇرۇن، قاششاق ۋە چېچىلغان شەخس ياكى مىللەت نىجادىيەتتىن يىراقلاشقان شەخس ۋە مىللەتتۇر.

ئائىلە — كۈچ، ماگنىت مەيدانى ۋە تۇتاشتۇرغۇچى رىشتە. ئائىلە خورۇچلىرىدا ئۇيۇل قىلغۇچى كۈچ بولمىغان، ئائىلە ئادەت قېلىپلىرى چۇۋۇلغان، ئائىلە پەقەت ھايۋانىنىڭ كىرىپ چىقىدىغان، ئەۋلاد پەيدا قىلىدىغان ئىنى ھالىغا چۈشۈپ قالغان مىللەت نورمال مۇۋازىنەت ۋە ساغلام روھتىن مەھرۇم بولغان مىللەتتۇر. ئۇنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ قانداق بەختىيارلىق داستانلىرى ياراتقانلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى پاجىئە پېرسوناژلىرىنىڭ نامزاتلىرىدۇر، خالاس. ئائىلەڭگە باق! ئەتراپىڭدىكى ئائىلىلەرگە قارا! ئۇنىڭدىن ئۆزۈڭنى، مىللىتىڭنى ئىزدە! مانا بۇ ئائىلە مەسىلىسىنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى چۈشەندۈرگۈچى ئەينەك.

ئۇنداقتا ئائىلە دېگەن نېمە؟

نەچچە ئون يىللاپ ناۋايلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ «نان دېگەن نېمە؟» دېگەن سوئالغا جاۋاب بېرەلمەيدىغان كاسىپلار بولغىنىدەك، چەۋرە كۆرۈپمۇ «ئائىلە دېگەن نېمە؟» دېگەن مۇئەممانى يېشەلمەيدىغان ئائىلە باشلىقلىرى خېلى نۇرغۇن.

ئائىلىگە ئېنىقلىما - تەبىر بىر خىل بېرىلگەن ئەمەس.

بەزىلىرى «ئائىلە — ئاتا - ئانا - پەرزەنتتىن تەركىب تاپقان ئىجتىمائىي بىرلىك» دەپ كۆرسىتىدۇ. بۇ تولۇق بولمىغان بىر خىل ئائىلە تەبىرى.

يەنە بەزىلىرى «ئائىلە — خوتۇن دېمەكتۇر» دېيىشىدۇ. تاتار ئالىمى رىزائۇددىن ئىبن پەخرۇددىن «ئائىلە» ناملىق رىسالىسىدە بۇ خىل قاراشنى ئىزچىل تەكىتلەيدۇ. ئۇ ئائىلە — خوتۇندۇر. خوتۇن كىشى ئائىلىنىڭ نېگىزى، رولچىسى، سەۋەبكارى. ئانا قۇچىقى بالا ئۈچۈن تۇنجى مەكتەپ. ئائىلە بەختى



ئەرنىڭ بىلىمى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئايالنىڭ بىلىملىكىدە، دەپ كۆرسىتىدۇ. بۇ ئائىلىدە خوتۇننىڭ كۆپ تەرەپلىمە رولىنى تەكىتلەش نۇقتىسىدىكى تەرغىبات خاراكتېرلىك مۇلاھىزە بولسىمۇ، ئائىلە ھەققىدىكى ئېنىقلىغۇچى تەبىر بولالمىسا كېرەك.

يەنە بەزىلىرى «ئائىلە — قانۇن بىلەن ئەخلاق ئېتىراپ قىلغان ئىككى جىنسلىق بىرلەشمە» دەيدۇ. بۇنىڭدا ئائىلىنىڭ توپ گېنېئالوگىيىلىك خۇسۇسىيىتى ئىككى جىنس — ئەر - ئايال مۇناسىۋىتى تىلغا ئېلىنغان ۋە ئۇنىڭ قانۇنىي نىكاھ رەسمىيىتى بىلەن جامائەت پىكرى ئېتىراپ قىلغان بولۇشى تەكىتلەنگەن. بىراق، بۇ پەقەت ئاددىي ئائىلىنىڭ يوقتىن بارلىققا كېلىشىدىكى بىرىنچى قەدەم بىلەنلا چەكلەنگەن.

يەنە بەزىلىرى «ئائىلە — ئىنسان نەسلىنى ئىشلەپچىقارغۇچى ئىجتىمائىي ھۆجەيرە ياكى بىرلىك» دېيىشىدۇ. دەرۋەقە ئىنسان، بولۇپمۇ ئىپتىدائىي ئىنسان تەبىئەت تەھلىكىسىنى يېڭىش ۋە نوپۇس ئاشۇرۇش تەقەززاسىدا جىنسقا چوقۇنۇش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. شىنجاڭنىڭ كۆكتوقاي ۋە قۇتۇبى ناھىيىلىرىدىكى قىيا تاشلارغا جىنسىي ئېتىقاد تەسۋىرلەنگەن قىيا سىزمىلىرى چېكىلگەن. ئەمما ئائىلە نوقۇل بىئولوگىيىلىك قوشۇلۇش ۋە نوپۇس ئىشلەپچىقىرىش بىرلىكى خىزمىتىنى ئۆتەش بىلەنلا خاراكتېرلەنمەيدۇ.

يەنە بەزىلىرى «ئائىلە — ئىجتىمائىي تۇرمۇش كەچۈرۈش ۋە ئىشلەپچىقىرىش بىرلەشمىسى» دەپ تەرىپلىشىدۇ. بۇ بىرقەدەر جەمئىيەتشۇناسلىق قاراشلىرىغا يانداشقان تەبىر بولسىمۇ، ھەرقانداق تىرىكچىلىك ۋە ئەمگەك تەشكىلىنى ئائىلە دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگىلى بولمايدۇ.

ئائىلە — بىر پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ باشلانغۇچ

ياچېيكىسى، ئېلېمېنتار ـ كىچىكلىتىلگەن شەكلى، جانلىق ۋە كۆپ قىرلىق ھۆجەيرىسىدىن ئىبارەت. ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەممە جەھەتلىرى ئائىلە تۈزۈلمىسى، ئائىلە پائالىيىتى ۋە ئائىلە خىزمىتىدە بەلگىلىك ئىپادىلەنگەن بولىدۇ.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، ئائىلە جىنسىي ـ بىئولوگىيىلىك ئامىلغا، ئىجتىمائىي (قانۇن، ئەخلاقىي ۋە ئىقتىسادىي) ئامىلغا، مەدەنىيەت (تەلىم، ئەقلىي ـ ئەخلاقىي مۇناسىۋەت، ئېتنىك ئەنئەنە) ئامىلغا، تارىخ (پەيدا بولۇش، راۋاجلىنىش) ئامىلغا ئىگە بولۇپ، بۇ تۆت ئامىلنىڭ ھەممىسى بىرلەشكەندىلا مۇئەييەن تارىخىي شەكىلدە مۇمكىنلىككە ئىگە بولغان؛ ئىككى جىنسنىڭ مۇھەببىتى ۋە نوپۇس قالدۇرۇشنى ئىپتىدا قىلغان؛ قانۇن ۋە جامائەتچىلىك ئېتىراپ قىلغان؛ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەقسىمات مۇناسىۋەت تورىغا قاتناشقان؛ ئائىلە شەكلىدە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت سەھنىسىگە كىرگەن؛ بالىلار تەربىيىسى، ئىجتىمائىي ئەخلاق ۋە ئائىلە ئەخلاقىي فۇنكسىيىلىرىنى ئۆتىگەن؛ مىللەتنىڭ مىللىي مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلغان ئائىلە مەيدانغا كېلىدۇ. يۇقىرىدىكى تۆت ئامىل ۋە سەككىز شەرت ئاساسىدا ئائىلىنىڭ ماھىيىتىنى بىلگىلى ۋە ئىزاھلىغىلى بولىدۇ. ھەربىر ئائىلە قۇرۇش قارارىغا كەلگەن ياش ئۆزلىرىنىڭ بۇ جەھەتتىكى ھازىرلىقلىرىنى ئەتراپلىق ئويلىنىشى لازىم.

ۋەھالەنكى، بىر قاتار جىنس، جىنسىي مەدەنىيەت تەتقىقاتىغا بېغىشلانغان كىتابلاردا «ئائىلە» چۈشەنچىسى نوقۇل ئەر ـ ئايالنىڭ، بولۇپمۇ ياش، جىنسىي خاھىشى ۋە جىنسىي ئىقتىدارى گۈللەش مەزگىلىدە تۇرغان ئەر ـ ئايالنىڭ سۇبيېكتىپ خاھىشى — فىزىئولوگىيىلىك ۋە پسىخولوگىيىلىك خاھىشچانلىقى نۇقتىسىدىنلا تەتقىق قىلىنغان. «ئائىلە» نىڭ ئۇلارنىڭ شەخسىي



روھىيىتىدىن ھالقىپ كەتكەن بالىلارنى تەربىيىلەش، قېرىلارنى كۈتۈش، ئائىلىنى باشقۇرۇش، جەمئىيەتكە جاۋابكار بولۇش قاتارلىق جەھەتلىرىگە بىر پۈتۈن مۇجەسسەم نۇقتىدا نەزەر ئاغدۇرۇلمىغان. بۇ، ئائىلىنى نوقۇل شەخسىي تۇرمۇش شەكلى دەپ قارالغانلىقتىن پەيدا بولغان بىر تەرەپلىمىلىكتۇر. بۇنداق بىر تەرەپلىمە قاراش ئۆزىنىڭ تولۇقسىزلىقى بىلەن ئىلمىي بولمايلا قالماستىن، يەنە ئۆزىنىڭ نوقۇل سۇبيېكتلىقى بىلەن بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىم.

## 2. ئائىلىنىڭ تۆت ئاساسىي ئالامىتى

ئائىلە — ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ بىرلىك شەكلى.

ئائىلە — ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەربىيىلەش تەرەپلىرىنى ھەمجەھەت قىلغان بىرلىك تەشكىلى.

ئائىلە — ئۆزىنىڭ تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ئىككى جەھەتلىمىلىكى، ئائىلە ئىچى ۋە ئائىلە سىرتىدىكى ئىجتىمائىي ـ مەنىۋى ئالاقە تورى بويىچە تىرىكچىلىك ھەم تۆھپىكارلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تۇرمۇش بىرلىكى.

ئائىلە يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئالامەتلىرىنىڭ بىر پۈتۈنلىكى ئاساسىدا ئۆز خىزمىتى ـ فۇنكسىيىسى (ئىقتىدارى) ۋە رولىنى بىجا كەلتۈرىدۇ. يۇقىرىدىكى ئالامەتلەر بىر پۈتۈن بولمىغاندا ئائىلە ئۆز خىزمىتىدە ئاقسايدۇ.

تۆۋەندە ئالدى بىلەن ئائىلىنىڭ تۆت ئاساسىي ئالامىتى ئۈستىدە توختىلىمىز.

1. ئائىلىنىڭ بىئولوگىيىلىك ئالامىتى

ئومۇمەن ئائىلىنىڭ ئىككى جىنس قوشۇلۇشى ۋە نەسىل

كۆپەيتىش ئىقتىدارى ئۇنىڭ بىئولوگىيىلىك ئالامىتى ياكى ئاساسى دېيىلىدۇ.

بىئولوگىيىلىك جەھەتتە ئائىلىنى كۆزەتكۈچىلەر ئائىلە، تۇر، تۇركۇم ئالامەتلىرىنىڭ ئىككى خىل جىنسنى ئاساس قىلغان ھالدا ھايۋانلار (بولۇپمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋانلار) ھاياتىدا كەڭ ساقلانغانلىقىنى؛ ئىنسان ۋە ھايۋاندا جىنسىي جەھەتتە بىرلەشكەن ئائىلە ھاياتىنىڭ ئۆمۈر مەزگىلى چەكلىمىسى بولىدىغانلىقىنى؛ ئىنسان ۋە ھايۋانلاردا ئەركەك ۋە چىشى (ئورغاچى) ھەر ئىككى تەرەپ روھىيىتىدە بىر قاتار ئوخشاشلىقلارنىڭ بارلىقىنى؛ ئېۋالىيۇتسىيە، تەبىئىي تاللاش ۋە ئىنساننىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى مەدەنىيەت قاتلىمى تۈپەيلىدىن ئىنسان ۋە ھايۋان ئائىلە ـ تۇركۇملىرى پەرقلەنگەنلىكىنى تەكىتلىشىدۇ.

ئىككى جىنس قوشۇلۇشى، ئىككى جىنس ئاساسىدا نەسىل قالدۇرۇش، ئىككى قوشۇلغان جىنسنىڭ باشقا يات جىنسلاردىن كۈنلەش روھىيىتى، ئەركەكنىڭ ئورغاچىنى باشقۇرۇش ۋە مۇھاپىزەت قىلىش تۇيغۇسى، نەسىل ـ ئەۋلادىنى كۈتۈش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئىش تەقسىمات پەرقلىرى، ئەركەكنىڭ جىنسىي پائالىيەتچانلىقى، ئەركەكنىڭ ئورغاچى ۋە تۇركۇمنى قوغداش يولىدا ھەتتا قۇربان بېرىشى قاتارلىقلاردا ئىنسان ئائىلە ئېڭى بىلەن يۇقىرى دەرىجىدىكى ھايۋان تۇركۇملىرىدە بىرقاتار ئوخشاشلىقلارنىڭ مەۋجۇتلىقىنى ئىنكار قىلماسلىق كېرەك. تەكشۈرۈشلەر بىر قاتار جىنسىي ھورمون ۋە سپىكىرلاتسىيە ئامىللىرىنىڭ ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقىنى، جىنسىي غىدىقلىنىش ۋە خاھىشنىڭ قوزغاتقۇچى سەۋەب ۋە جەريانلىرىنىڭ ئوخشايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئېيتىش كېرەككى، يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋانلار ئۆز خوجايىنى ئائىلىسىدىكى ئەر ۋە ئايال جىنسىي پەرقلىرىنى بايقايدۇ.



ئىنسان يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋاننىڭ كامالەتكە قاراپ تەدرىجىي راۋاجلىنىشى ئاساسىدا، بەلكى 3 — 5 مىليون يىللىق ئېۋالىيۇتسىيە ۋە تەبىئىي تاللاش ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن. ئۇ يۈز مىڭ يىللار ئالدى ـ كەينىدىكى ئەڭ قەدىمكى ئىجتىمائىي ـ مەدەنىيەت تۇرمۇش قاتلىمى تەسىرىدە ئىنسانغا خاس ئالامەتلىرى بىلەن ھايۋانات دۇنياسىدىن ئايرىلىپ چىققان.

ئىنساننىڭ ھايۋاندىن ئايرىلىپ چىقىشى ئۇنىڭ بىئولوگىيىلىك ئالامەتلىرىنى بىكار قىلغانلىقى ئەمەس، ئەلۋەتتە. بۇ پەقەت بۇ ئالامەتلەرنى ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي تۈسكە ئىگە قىلغانلىقى، خالاس.

ئىنسان ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا ئۆزلەشكەندىن كېيىن ئىلگىرىكى پىسخىك ئاساسلىرى بويىچە تېخىمۇ كۈچەيدى، تەپەككۇر روھىيىتىنى راۋاجلاندۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىلگىرىكى تەبىئىي قوغدىنىش شارائىتلىرى جەھەتتە ئاجىزلاشتى، ئۇنىڭ تېرىسى كىيىمسىز ياكى ئوت، ئىسسىقسىز سوغۇققا ماسلىشالمايدىغان بولدى، فىزىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكلەر يۈز بەردى. ئەگەر تەپەككۇر روھىيىتى تۈپەيلى تىل، تامغا ۋە دەسلەپكى ئېستېتىك، دەسلەپكى ئەخلاقىي پەرق ئېتىشكە ئىگە بولغان ( مەسىلەن، خالىغانچە يۆتەلمەسلىك، تاھارەت قىلماسلىق، كۆشەندىلەر بىلەن بولغان جەڭدە يېڭىلىپ قالسا ھايۋاندەك قېچىپ كەتمەي، ئۆلگىچە ياكى باشقىلار ئاجراتمىغۇچە جان تىكىپ ئېلىشىش) بولسا، جىسمانىي نازۇكلىنىش تۈپەيلى مۇھتاج بولغان ماسلىشىشقا قارىغاندا، مۇھتىنى ئۆزگەرتىش، مۇھتىنى ئۆزىگە لايىقلاشتۇرۇش پائالىيىتىگە ئۆتتى.

بىئولوگىيىلىك ئاساس ھازىرقى زامان ئائىلە تەشكىلىدىمۇ غايەت مۇھىم ئاساس. ئۇنىڭسىز مەيىل ـ ئىختىيار، مۇھەببەت ـ رەشىك، تۇغۇش ۋە مېھرىبانلىقنىڭ فىزىئولوگىيىلىك

ئاساسلىرىغا ئىگە بولۇش مۇمكىن ئەمەس.

### 2. ئائىلىنىڭ ئىجتىمائىي ئالامىتى

ئومۇمەن ئائىلە ئىككى جىنسنىڭ ھايۋانات تۈرلىرى شەكلىدە ئەمەس، بەلكى ئىجتىمائىي ئىنسان شەكلىدە قوشۇلۇشى، ئۆز نەسلىنى ئىجتىمائىي ئىنسانغا خاس جىسمانىي ۋە مەنىۋى جەھەتتە مەدەنىيەتلىك كىشى قىلىپ تەربىيىلىشى، جەمئىيەت تۇرمۇشى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان ھالدا تىرىكچىلىك ۋە تۆھپىكارلىق بىلەن شۇغۇللىنىشىنى ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي - مەدەنىي ئالامىتى قىلغان.

ئائىلە — ھەقىقىي مەنىسىدە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئۇيۇمىدىن ئىبارەت. ھەربىر كىشىنىڭ ئائىلە چۈشەنچىسى ئۇنىڭ قانداق جىنسىي قوشۇلۇش تەلپۈنۈشلىرى بىلەن ئەمەس، بەلكى، ئۇنىڭ قانداق ئائىلە قۇرۇش غايىسى ۋە ئائىلىنى قانداق قۇرۇش ۋاستىلىرى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. ھەربىر ئائىلىنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى ئۇنىڭ قانداق ھايۋانلىققىمۇ ئورتاق تۇرمۇش شەرتلىرىنى ئادا قىلغانلىقى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەت چۈشەنچىسى بىلەن، ئۇنىڭ مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى، بولۇپمۇ ئەقلىي، ئىلمىي، ئەخلاقىي ۋە ئېستېتىكىلىق تۈزۈلمىسى بىلەن، ئۇنىڭ ئائىلە ئىچى ۋە ئائىلە بىلەن جەمئىيەت ئارىسىدىكى ماددىي ۋە مەنىۋى مۇناسىۋەت گارمونىيىسى بىلەن باھالىنىدۇ. ئائىلىدىن چىققان مۇنەۋۋەر كىشىلەرنىڭ ئائىلىگە شەرەپ كەلتۈرۈشى بۇ پەۋقۇلئاددە ئائىلە شۆھرىتىنى ھاسىل قىلىدۇ، ھەتتا ئۇ بىر قاتار ئائىلىۋى نۇقسانلارنى ياپىدۇ.

### 3. ئائىلىنىڭ ئىچكى ئىجتىمائىي - مەنىۋى ئالاقە تورى

بۇ ئۆز ئىچىگە ئائىلە ئەزالىرىنىڭ تەبىئىي نەسەپ تۈزۈلمىسىنى (مەسىلەن، پېشقەدەملەر، ئاتا - ئانىلار، پەرزەنتلەر، كېلىن - كۈيئوغۇللار، نەۋرىلەر قاتارلىقلارنى)؛



ئائىلىدىكى ئىجتىمائىي ئالگىنى (مەسىلەن، مۇھەببەت ۋە مېھرىبانلىق، ھۆرمەت ۋە ئىززەت، ئەپۇ قىلىش ۋە تەلەپ قىلىش، ئائىلە مەخپىيىتى ۋە ئائىلە شۆھرىتى چۈشەنچىلىرىنى)؛ ئائىلىدىكى ئىش تەقسىماتى ۋە ئائىلىنىڭ جەمئىيەتكە خىزمەت قىلىشى قاتارلىقلارنى ئالىدۇ. بۇ جەھەتتە كىتابىمىز داۋاملىق تەپسىلىي مۇھاكىمە يۈرگۈزىدۇ.

### 4. ئائىلىنىڭ سىرتقى ئىجتىمائىي - مەنىۋى ئالاقە تورى

ئائىلە جەمئىيەتنىڭ بىر قىسمى، ئۇ پۈتكۈل ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت تارىخى بىلەن ھەر خىل ۋاستىلەر ئارقىلىق مەنىۋى ئالاقە - ئۇچۇر ئورناتقان بولىدۇ. ئەپسانە، رىۋايەت، كىتاب، تېلېۋىزىيە، مەكتەپ، تەرغىبات ئۇنىڭ مۇھىم ۋاستىلىرىدۇر. ئائىلە جەمئىيەتنىڭ بىر قىسمى، ئۇ ئۆزى تۇرغان مەھەللە، شەھەر ياكى يېزا، ئۆلكە ۋە دۆلەتنىڭ قوغدىنىش، مۇھىت ئاسراش، ئاپەتتىن خالىي بولۇشتىن تاكى خىزمەت، ئەمگەك، ئىشلەپچىقىرىش، قاتناش، بازار تەمىنلىشى، مائارىپ، سەھىيە، ھاكىمىيەتچىلىك، قانۇن - تەرتىپ قاتارلىق تۈپلۈك ۋە دائىمىي ئىجتىمائىي ھەرىكەت جەريانلىرىدىن بىر مىنۇتمۇ خالىي بولالمايدۇ. ئائىلىنى ئۇ تۇرۇۋاتقان جەمئىيەتنىڭ پۈتۈن شارائىتلار مۇجەسسىمى تىزگىنلەيدۇ. ئائىلە جامائەتچىلىكنىڭ بىر قىسمى، ئۇ ئۆزىگە ئالاقىدار قوشنا، تۇغقان ھەم كەسىپ، چوپقات، دوست - يار، قۇدا - باجا، ھەر خىل نۇقتىلار بويىچە ئىجتىمائىي ئالاقە ئېلىپ بارىدۇ. بۇنداق ئالاقىلارنىڭ ئۆلچىمى خىزمەت ياكى بازار مۇئامىلىسىدىكىدەك ئىش - ئەمگەك مىقدارى ياكى پۇل بىلەن، ياكى ئىنتىزام - قانۇن بىلەن ئەمەس، ئاساسلىقى جامائەتچىلىك پىكرى بىلەن بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. شۇ سەۋەبلىك كىشىلەردە بۇ جەھەتتىكى سەزگۈرلۈك كۈچلۈكرەك بولىدۇ.

ئائىلە يۇقىرىدىكى تۆت ئالامەتنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسى

سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ ئىچكى - سىرتقى، ماددىي - مەنىۋى، تەبىئىي - ئىجتىمائىي، دەرمەھەللىك - تارىخىي فۇنكسىيىسى — ئىقتىدارى ۋە رولىنى جارى قىلىدۇ.

## 3. ئائىلىنىڭ ئىقتىدارى ۋە رولى

ئائىلە مۇئەييەن ئىقتىدار زۆرۈرىيەتلىرىسىز مەيدانغا كەلمەيدۇ. مۇئەييەن ئىقتىدارنى ئادا قىلمىغان ئائىلىمۇ مەۋجۇتلۇق قىممىتىنى يوقاتقان ئائىلىدۇر.

ئائىلىنىڭ ئىقتىدارى ھەرقايسى ئائىلە شەكىللىرىدە، ھەرقايسى مىللەت، دۆلەت ۋە تارىخىي ھالەتلەردە پۈتۈنلەي بىردەكمۇ بولمايدۇ.

ئائىلە ئىقتىدارى — ئائىلىنىڭ ھاياتىي كۈچى، ئۇنىڭ پائالىيەت ئۇچۇرى ۋە ئائىلىنىڭ كونكرېت ئىجتىمائىي قىممىتىنىڭ ئىپادىسىدىن ئىبارەت.

ئائىلىنىڭ ئىقتىدارىنى تۆۋەندىكى فۇنكسىيىلەر بويىچە بايان قىلىش مۇمكىن:

1. ئائىلە جىنسىي مۇھەببەت پائالىيىتىنىڭ ئەڭ ئالىي بەرقارار ۋە ئومۇم ئېتىراپ شەكلى بولۇپ، جىنسىي مۇھەببەتنى تەمىنلەش ئىقتىدارىغا ئىگە. قەدىمكى رىم ناتىقى تىتسىرون: «نىكاھ جەمئىيەتنىڭ بىرىنچى باسقۇچىدۇر» دېسە، رۇس ئىنقىلابىي دېموكراتى بېلىنىسكى: «نىكاھ مۇھەببەتنىڭ قارار تېپىشىدۇر» دېگەنىدى. ئائىلە نىكاھدىن باشلىنىدىغان جىنسىي ئىقتىدارنى فىزىئولوگىيىلىك يېتىلىش، مۇھەببەت، ساداقەت ۋە نىكاھلىق جىنسىي تۇرمۇش سەنئىتى ئارقىلىق داۋاملاشتۇرىدۇ. ئەگەر مۇھەببەتنى پسىخولوگىيىلىك تەقەززا دېيىشكە توغرا كەلسە، فىزىئولوگىيىلىك جىنسىي زۆرۈرىيەتنى مۇھەببەتنىڭ دائىمىي ماددىي - جىسمانىي، باشقىچە ئېيتقاندا



فىزىئولوگىيىلىك ئاساسى دېيىش كېرەك. بۇ يەردىمۇ بىئولوگىيىلىك ۋە ئىجتىمائىي ئالامەت روشەن گەۋدىلەنگەن. ساداقەت — جىنسىي مۇھەببەتكە بولغان ئالىيجاناب ھۆرمەت ۋە ئەقىدە، ئۇنىڭ پاكلىقى ۋە ئىپپىتىگە قارىتا مەجبۇرىيەت ھەم جاۋابكارلىقتۇر. نىكاھلىق جىنسىي تۇرمۇش يەنە سەنئەتنى — گۈزەللىك ئامىللىرى، ئەخلاق گۈزەللىكىنى، زىددىيەت ۋە چۈشەنمەسلىكلەرنى ھەل قىلىشتىكى تەشەببۇسكارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2. ئائىلە يەنە جىنسىي ئىش تەقسىماتىنىڭ ئاساسىي ياچېيكىسى. ئائىلىدىكى جىنسىي پەرق ۋە مۇناسىۋەت بىئولوگىيىلىك جىنسىي مۇھەببەتتىن تاشقىرى يەنە ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى ۋە ئۆزئارا ھەمكارلىق بىلەن ئائىلىنى بىرلىكتە تۇتۇشتا گەۋدىلىنىدۇ. قەدىمكى ئانا ئۇرۇقى جامائەسى ۋە ئاتا ئۇرۇقى جامائەلىرىدە ئىش تەقسىماتى بىر خىل بولغان ئەمەس. ھازىر ئومۇمەن تەبىئىي تۈزۈلۈش ۋە تەبىئىيلىشىپ كەتكەن ئادەم ھەم خاھىش تۈپەيلى ئائىلە ئىچكى روزىغارلىرىنى سەرەمجانلاش، ئۆي ئىشلىرىنى باشقۇرۇش، ئائىلىنىڭ كىرىملىرىنى تېجەپ خىراجەت قىلىش، پەرزەنت تەربىيىلەش قاتارلىق كۆپلىگەن ئۆي ئىشلىرىنى ئايال جىنسى ئۈستىگە ئالغان. ئەرلەر ئائىلىدە ئايالنىڭ ياردەمچىسى، ئائىلە سىرتىدا ئائىلە شۆھرىتىنىڭ ئىگىسى، جەمئىيەت ۋە دۆلەت ئۈچۈن ئەمگەك قىلغۇچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق ئائىلىدىكى جىنسىي ئىش تەقسىماتى نەچچە تۈمەن يىللاردىن بېرى ھەممە مىللەت ۋە ئىرقلاردا بىردەكلىككە ئايلانغان.

ئائىلە ھەمكارلىقى، ئەرنىڭ ئايالغا مەنپەئەتلىك ئىشلارنى بېجىرىشى؛ ئايالنىڭ ئەرنى ئائىلە ئىچى - سىرتىدا قەدىرلىشى، ئۇنى ھەرقانچە نۇقسانلىرى بولغاندىمۇ قەلبىدىكى يېگانە شۆھرەت چىرىغى ۋە ئەقىدە مۇنبىرىگە قويۇپ كېلىشى ئائىلىدىكى جىنسىي

ئىش تەقسىماتىنىڭ نوقۇل ئەمگەك تەقسىماتى ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

3. ئائىلە — پەرزەنت دەرگاھىدىن ئىبارەت. ھەربىر كىشى جىنسىي زەنجىرىگە چېتىلغان مەلۇم كىشىنىڭ پەرزەنتىدۇر. بۇنداق پەرزەنت، بۇنداق كىشى يەنە مەلۇم جەمئىيەتنىڭ بىر جىنسىي ھۆجەيرىسى ۋە ئاساسىي ئىجتىمائىي بىرلىكىدىن ئىبارەت. ئائىلە يالغۇز ئۆز نەسلىنىڭ، ئۆز مىللىتى ئەۋلادلىرىنىڭ تۆرۈلۈش، تۇغۇلۇش ئۇقتىسىدىكى مۇقەددەس ماكان بولۇپ قالماي، يەنە يېڭى ئەۋلادنىڭ بىرىنچى مائارىپ ئوچىقى، بىرىنچى تەربىيە مەكتىپى. ئائىلىدە پەرزەنت بەدەن ۋە ھۆسن تۈزىدۇ، يورۇش - تۇرۇشنى ئۆگىنىدۇ، مىللىي تىلنى ئىگىلەيدۇ، ئەقىل تاپىدۇ ۋە قەلب خەزىنىسى بولغان ئەخلاق ئېڭى ۋە پەزىلەت ئادەتلىرىنى يېتىلدۈرىدۇ. دەرۋەقە، ئائىلە ئەزالىرى ۋە ئائىلە مۇھىتىنىڭ تەسىرىدە پەرزەنت ئىجابىي ياكى سەلبىي تىپتىكى كىشى بولۇپ چىقىشى مۇمكىن. ئائىلىدىن ئۇلۇغ دانىشمەنلەر، ئىختىراچىلار، قەھرىمانلار ۋە سەنئەت ئەربابلىرى چىقىشى مۇمكىن، ئوخشاشلا ئائىلىدىن قاباھەتلىك گېزەندىلەر، جامائەت جىنايەتكارلىرى، مىللەت ساتقۇنلىرى چىقىشىمۇ مۇمكىن. ئەمما ئەڭ خەتەرلىكى، ئەرزىمىگەن، تەنتەك، ھاماقەت، ھورۇن، لايغەزەل ئەۋلادنىڭ پەيدا بولۇشىدۇر. چۈنكى، نۇرانە ياكى قاباھەتتىن ئىبارەت ئىككى قۇتۇپقا نىسبەتەن بۇنداق ئەرزىمەس ئەۋلاد مىللەت قەدرىنى يەرگە كۆپرەك ئۇرىدۇ.

4. ئائىلە ئىجادىي ئەمگەك ۋە تۆھپىكارلىق ئىقتىدارىغا ئىگە. بۇ ئائىلىنىڭ جەمئىيەتنىڭ پائال ئىشلەپچىقىرىش ھۆجەيرىسى بولۇش قىممىتىدىكى ئاساسىي ھالقا. ف. ئېنگېلس «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى» ناملىق ئەسىرىدە ئىشلەپچىقىرىشنى ماددىي بايلىق



ئىشلەپچىقىرىش ۋە نوپۇس ئىشلەپچىقىرىش دەپ ئىككىگە ئاجراتقانىدى. ماددىي بايلىق ئىشلەپچىقىرىش ھەممە ئائىلىلەر بىلەن باغلانغان بولىدۇ. ھەممە ئائىلىلەر ئائىلە دېھقانچىلىقى، ئائىلە چارۋىچىلىقى، ئائىلە قول ھۈنىرى، ئائىلە دائىرىسىدىكى سودىدىن باشقا يەنە پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، ئەمگەك، خىزمەت، قوغدىنىش ۋە مۇلازىمەت ئىشلىرىغا ئەمگەك كۈچى، تېخنىكىلىق كۈچ يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. بۇ جەرياندا ئائىلىلەر ھەر ساھەدىكى تۆھپىكارلارنى يېتىشتۈرىدۇ. ئۆز ئائىلىسىنىڭ جەمئىيەتكە مەنپەئەت يەتكۈزۈش غۇرۇرىنى سېزىش، بۇرچىنى ئادا قىلىش ئائىلىنىڭ دائىمىي دىققەت مەركىزى ھېسابلىنىشى لازىم. بىلىش لازىمكى، «ئائىلە شىلىپ ئالغۇچى» ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى «ھەدىيە قىلغۇچى» بولۇشى لازىم. بۇ، ئائىلە بەخت - سائادىتىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا سالغان «فوندى» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

5. ئائىلە ئىستېمال، تېجەش ۋە مەئىشەت بىرلىكى بولۇپ، ئىنسان تىرىكچىلىك ھالاۋەتلىرىنى تەشكىللەش ئىقتىدارىغا ئىگە. ئائىلە كىرىم قىلىدۇ، چىقىم قىلىدۇ، ماددىي تەمىنلىنىش (مۇھىمى يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، تۇرار جاي ۋە باشقا خىراجەت قاتارلىقلارنى) ئېلىپ بارىدۇ. ئۇ، كىرىم - چىقىم بىلەن تەمىنلىنىشنى ئىلمىيلاشتۇرۇش، ئاقىلانىلەشتۇرۇش، گارمونىيىلەشتۇرۇش، مەنىلىك ۋە ھالاۋەتلىك ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن پىلان تۈزىدۇ. بۇ يەردە سەرپىيات بىلەن تېجەش، مەئىشەت بىلەن پاراۋانلىق توغرا ھەل قىلىنىشى لازىم. سەرپىياتنى تېجەش بولۇپمۇ ئاياللار جىددىي تەشەببۇس قىلىشى لازىم بولغان نۇقتا. ئاتاقلىق تاتار ئالىمى رىزائۇددىن ئىبنى پەخرۇددىن «ئائىلە» ناملىق رىسالىسىدە ئاياللارنى گادايلىششقا قارشى ئەسكەر، تېجەشلىك ئائىلە باشقۇرۇش پىلانچىسى، ئىنژېنېرى، ئىشچان قول، ئۆتكۈر زېھىن بىلەن بىر يىڭنە، بىر قايچە بىلەن پۈتۈن سۈرۈك

تېجەشنىڭ ئۆلىنى تۈزىدۇ، دەپ كۆرسىتىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئەرلەردىمۇ كۆرۈلىدۇ. قۇرۇق سۆلەت، مەيخور، قىمارغا ھېرىس، زەھەرگە خۇمار ئەرلەرمۇ ئائىلىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن، ئەخلاقىي شۆھرەت جەھەتتىن قىرقىيدۇ. بۇنداق كىشىلەردە يېتەرلىك كىشىلىك قارىشى، ھەقىقىي ئائىلە قارىشى تىكلەنمىگەن ياكى بۇزۇلغان بولىدۇ. مەئىشەت بىلەن پاراۋانلىق ئىككى نەرسە. ئائىلىدە تەق بولغان ماددىي مەئىشەتتىن ئۆز لايىقىدا لەززەتلىنىشنى بىلمەيدىغان، كېلەڭسىز، سەنئەتسىز، مەنىسىز ئائىلىلەرمۇ بار. ۋەھالەنكى، چۈۋەر ئائىلە باشقۇرغۇچىلار ئازغىنا مەئىشەتنى شېرىن ھالاۋەتكە ئايلاندۇرالايدۇ. ئائىلىنىڭ ئومۇمەن بايرام، تۇغۇلغان كۈن ۋە ئادەتتىكى كۈنلىرىنى كۆڭۈللۈك ئۆيۈشتۇرۇش ئائىلىنىڭ ئىستېمال، تېجەش (ھەتتا جەمغۇرلاش) ۋە مەئىشەت ئىقتىدارىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى. دائىمىي چېكىمچىلىك، ئىچكۈلۈككە بېرىلىش، قىمار، زەربىدار چىقىم ۋە باشقىلار ئائىلىنىڭ كۆڭۈل ئېچىش رولى بولماي، ئەكسىچە، ئائىلىگە پاراكەندە كەلتۈرىدۇ.

6. ئائىلىنىڭ كۈتۈش ۋە غەمخورلۇق ئىقتىدارى بولىدۇ. ئائىلە بالىلار، ئاتا - ئانىلار، پېشقەدەملەرنىڭ ساغلاملىقىنى قوغداش، ياشانغانلارنى ھەر جەھەتلىمە قەدىرلەش ۋە كۈتۈش، پەرزەنتلەرنى ئوقۇتۇش ۋە ئائىلىلىك قىلىش جەھەتتە بۇرچقا ۋە ئىقتىدارغا ئىگە.

7. ئائىلە تاشقى ئالاقە ئىقتىدارىغا ئىگە. بۇ ئائىلىنىڭ دوستلىشىش ۋە باشقا جامائەتچىلىك ئالاقە تورى تىكلەش، ئۇلارنى داۋاملاشتۇرۇش ياكى داۋاملاشتۇرماسلىق جەھەتتىكى ئىقتىدارىدىن ئىبارەت.

يۇقىرىدا ئائىلىنىڭ بىرقانچە خىل ئاساسىي ئىقتىدارى ۋە رولى ئۈستىدە توختالدۇق. ئۇ ئائىلىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىشتە كونكرېت ئەھمىيەتكە ئىگە.



# ئۈچىنچى باب ئائىلىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئائىلە شەكىللىرىنىڭ ئۆزگىرىشى

«ھايات — يۇقىرى كۆتۈرۈلۈش ۋە پەسلەش جەريانىدىن ئىبارەت.»
— ئارىستوتېل

## 1. ئائىلىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى تەتقىقات

ئائىلە ئىجتىمائىي كاتېگورىيە بولۇشى بىلەن ئۇ گېنېئالوگىيىلىك مەنبەگە ئىگە تارىخىي كاتېگورىيە ھېسابلىنىدۇ.

ئائىلىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە ھەرقايسى مىللىي تۈركۈملەر ياكى مەدەنىيەت چەمبەرلىرىدە ئۆزىگە خاس ئەپسانىلار ساقلانغان. بۇ ئەپسانىلار قانچىلىك بىر - بىرىدىن پەرقلىق بولسىمۇ، ئۇ ئالەمنىڭ ياراتقۇچى تەرىپىدىن يوقتىن يارىتىلغانلىقىغا بېقىنغان ھالدا ئىككى جىنسنىڭ قوشۇلۇشى ۋە بۇ دەسلەپكى نىكاھدىن ئىنسان بالىلىرى پەيدا بولغانلىقىنى ئورتاق تىلغا ئېلىشقان. بۇ ئەپسانىلەر ئالەم يارىلىشىنىڭ ياراتقۇچى مۇقەددەس كۈچ تەرىپىدىن يارىتىلىشىدىن تاكى دەسلەپكى بىر جۈپ بىۋاستە يارىتىلغان ئىنسانغىچە بىر باسقۇچ، ئۇلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن يېڭى ئىنسان ئەۋلادى پەيدا بولۇشقا باشلىغانلىقىدىن كېيىنكىنى بىر باسقۇچ قىلىپ تەرىپلىگەن.

سىبىرىيە — ئالتاي قەدىمكى ئاھالىلىرىدا باش تەڭرى — قاراخان ئەڭ يۇقىرى قەۋەت ئاسماندا تۇرۇپ قۇياش (مەرگەن تەڭرى)تىن تاكى يەر - سۇ ئىلاھلىرىنى بىنا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، يەر يۈزىگە بىر جۈپ «كىشى» ياراتقان، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى يەتمىش بەگ - خانلىق قۇرۇپ باشقۇرغان دېيىلىدۇ. كۆكتۈركلەر بۇقاراخان تەڭرىنى «كۆك تەڭرى» دەپ ئاتاشقان. ئارىئان — ھىندىلاردىمۇ باش تەڭرى «براخما» نىڭ ئەزالىرىدىن «پوترا» — پۇشتى — ئەۋلادلار پەيدا بولغان دېيىلىدۇ. جۇڭگونىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى قەدىمكى ئەپسانىلەردە باش تەڭرى — ساماۋى ئىمپېراتور ياراتقان يۈيى نامىلىق ئەركەك بىلەن نۈيگو نامىلىق ئايالنىڭ نىكاھلىق بولۇشىدىن كېيىن خانلار ۋە ئىنسانلار پەيدا بولغان دېيىلىدۇ. «ئىنجىل» ۋە «قۇرئان» دا سۆزلەنگەن ئەپسانىلەردە يەھۋى (ئاللا) ئىرەم بېغىدا لايدىن تۇنجى ئەركەك ئادەمنىڭ بەدىنىنى ياساپ، كېيىن ئۇنىڭغا جان بەرگەن. ئادەمگە بىلىش ئىقتىدارى ئاتا قىلىپ، ئۇنىڭغا ھەممە مالائىكلارنى قايىل قىلدۇرغان. پەقەت نۇردىن يارىتىلغان ئىبلىس ئادەمگە قايىل بولمىغانلىقى ئۈچۈن يەھۋى (ئاللا) تەرىپىدىن شەيتانلىققا دۇئايى بەنت قىلىنغان. كېيىنچە جەبرائىل مالائىكنى ئەۋەتىپ ئۇيقۇلۇق ئادەم قوۋۇرغىسىدىن بىرىدە ھاۋا ئانىنى ياساتقۇزغان ۋە تەڭرى ئۇنىڭغا جان بەرگەن. ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنىڭ نىكاھلىق قوشۇلۇشىدىن زېمىندا ئىنسان ۋە مىللەت كېلىپ چىققان، دېيىلىدۇ. «شاھنامە» دە تۇنجى ئادەم — گىلان (توپا ئادەم) نى تەڭرى يازدان ياراتقان دېگەن ئىران ئەپسانىلىرى تىلغا ئېلىنىدۇ. فىردەۋسى قەيۇمارس ئوبرازىنى گىلاندىن كۆچەيتىپ ياراتقانىدى. يۇنانىستان ئەپسانىلىرىدا لايدىن ياسىلىپ ئاسماندىن يەرگە تاشلانغان ئايال پاندورا بىلەن باش تەڭرى زېۋسنىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغان ئادەم



سىماسى پرومېتوس ھەققىدە سۆزلىنىدۇ.

قىسقىسى، ئىپتىدائىي ئەپسانىلەر ئىلاھىيلاشتۇرغان تەرىزدە بولسىمۇ، ئالەم بىنا بولغاندىن كېيىن، ئادەمنىڭ ئەركەك ۋە ئايال جىنس شەكلىدە بىنا بولغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ئىپتىدائىي قوشۇلۇشىدىن ئىنسان ئەۋلادلىرى دۇنياغا كەلگەنلىكىنى ئۇچۇر قىلىدۇ. ئالاھىدىلىكى شۇكى، بىرمۇنچە ئەپسانىلەردە دەسلەپكى ئوغۇل - قىز پەرزەنتلەرنىڭ تېخى ئۆزگە يات ئائىلىلەر شەكىللەنمىگەنلىكى ئۈچۈن بىر - بىرىگە نىكاھلىق قوشۇلغانلىقى ۋە بۇنداق قوشۇلۇشنىڭ يوللۇق دەپ قارالغانلىقى تىلغا ئېلىنغان.

ئائىلىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە مورگاننىڭ «قەدىمكى جەمئىيەت» نامىلىق كىتابى دەۋر بۆلگۈچ ئەسەر بولدى. كېيىنچىرەك تېلورنىڭ «ئىپتىدائىي مەدەنىيەت» نامىلىق ئەسىرى ۋە باشقا ئاپتورلارنىڭ ئىپتىدائىي تۇرمۇش، سەنئەت، ئېتىقاد توغرىسىدىكى بىر قاتار ئەسەرلىرى مەيدانغا چىقتى. ف. ئېنگېلس مورگاننىڭ كىتابىغا يۇقىرى باھا بېرىش بىلەن بىللە ئۆزىنىڭ «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى» نامىلىق ئەسىرىنى يازدى. كىتابنىڭ ئالدىنقى قىسمى ئائىلىنىڭ ماھىيىتى ۋە كېلىپ چىقىشى، ئائىلىنىڭ تارىخىي شەكىللىرىنى تەتقىق قىلىشقا بېغىشلانغان.

غەرب ئالىملىرى ئىچىدە ئائىلىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە ئامېرىكىلىق ئانتروپولوگ مورگاندىن ئىلگىرى گېرمانىيىلىك باخۇنىن 1861 - يىلى «ئانا ھوقۇقى» نامىلىق ئەسەر يازدى. ئۇ ئانا ھۆكۈمرانلىقى — گىنىكوكراتىيە ۋە قالايمىقان جىنسىيەت — «گېتېرىزم» ھادىسىسى ھەققىدە توختالدى. 1877 - يىلى فرانسۇز ئالىمى ئىسپىناس «ھايۋانلار جەمئىيىتى توغرىسىدا» نامىلىق ئەسەر يېزىپ، يۇقىرى

دەرىجىلىك ھايۋانلاردىكى جۈپ بولۇپ ياشاشنى مىساللار بىلەن كۆرسەتتى. مورگان 1871 ـ يىلى «قان قېرىنداشلىق سىستېمىسى» ناملىق ئەسەر ئېلان قىلدى. ئۇ 1877 ـ يىلى ئىجتىمائىي پەننى زىلزىلىگە سالغان «قەدىمكى جەمئىيەت» نى ئېلان قىلدى. 1886 ـ يىلى ئەنگلىيىلىك ماك لىننان «قەدىمكى تارىخ ئوچېركلىرى. ئىپتىدائىي نىكاھ» ناملىق كىتابىنى ئېلان قىلىپ، قانداشلىق ئائىلە سىرتىدىكى نىكاھ «ئېكزوگامىيە» ۋە قانداشلىق نىكاھ «ئىندوگامىيە» چۈشەنچىلىرىنى تىلغا ئالدى. فرانسىيىلىك لىتورنو 1888 ـ يىلى «نىكاھ ۋە ئائىلىدە تەدرىجىي تەرەققىيات» ناملىق كىتاب ئېلان قىلدى. ئەنگلىيىلىك ۋېستىرمارك 1891 ـ يىلى «ئىنسانىيەتنىڭ نىكاھلىنىش تارىخى» ناملىق ئەسەرنى نەشر قىلدۇردى.

تارىخ يەنىلا مورگاننىڭ «قەدىمكى جەمئىيەت» ناملىق ئەسىرىنىڭ ئائىلىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى نوپۇزلۇق ئورنىنى ئىسپاتلاپ كەلدى.

مورگان ئائىلە ۋە نىكاھ شەكىللىرىنى تارىخىي كاتېگورىيە شەكلىدە كۆزەتتى ۋە ئۈچ خىل ئائىلە شەكلىنى ياۋايىلىق، نادانلىق (ۋار ـ ۋارلىق)، سىۋىلىزاتسىيە (مەدەنىيەت) دىن ئىبارەت ئۈچ تارىخىي باسقۇچقا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ بايان قىلدى. مورگان ئىپتىدائىي ئىنساننىڭ تاكى ئوقيا ئىختىرا قىلىنىشقىچە ئۆتكەن ئۇزاق ھاياتىنى ياۋايىلىق دەۋرىگە، ئوقيادىن تۆمۈر قوراللارغىچە بولغان دەۋرنى نادانلىق دەۋرىگە، تۆمۈر قوراللار ۋە يېزىقتىن كېيىنكى دەۋرنى — سىنىپىي جەمئىيەتتىن باشلانغان دەۋرنى سىۋىلىزاتسىيە باسقۇچىغا كىرگۈزدى.

مورگان ئاتا ئۇرۇقى دەۋرىدىن ئىلگىرى ئانا ئۇرۇقى دەۋرى بولغانلىقىنى ئىسپاتلاپ، قەدىمكى تارىخ تەتقىقاتىنىڭ ئوقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ زور ئىختىرا بولدى.



ئائىلىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى تەتقىقات ئائىلىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋانلارنىڭ جىنسىي جۈپلىكى ۋە ئائىلىدىن ئىلگىرىكى پادا شەكىللىك جىنسىيەتتىن پەرقلىق ھالدا قانداشلىق، ئۇرۇقداشلىق ئائىلىنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى ئاساس قىلىدۇ.

## 2. قانداشلىق ئائىلە ۋە ئۇرۇقداشلىق ئائىلە

ئەڭ قەدىمكى ئىنسان جىنسىي تۇرمۇشنى تېخى نىكاھلىق ئائىلە شەكلىدە ئەمەس، بەلكى جىنسىي پەرق ۋە خاھىشلىرى بويىچە ئېلىپ بېرىشتى.

ئوتتىنىڭ كېلىپ چىقىشى بىلەن ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ئۇزۇقلىنىش ۋە ئىشلەپچىقىرىشتا ھايۋانات دۇنياسىدىن ئۈزۈل ـ كېسىل ئايرىلىپ چىقتى، نەتىجىدە قانداشلىق ئائىلە كېلىپ چىقتى. بۇ چاغدا ئائىلە جامائەسى ئىچىدە ئاتا ـ ئانا بولغۇچى بوغۇن بىلەن پەرزەنت بولغۇچى بوغۇن ئارىسىدىكى جىنسىيەت چەكلەندى. بۇ بىر ئاڭ، بىر ئەخلاقىي چۈشەنچە، ئىجتىمائىي ئادەت قانۇنى بولۇپ مۇئەييەنلىشىشكە باشلىدى. شۇندىن كېيىن ئوخشاش بوغۇن ئارىسىدا نىكاھلىنىش ساقلاندى. تۇغۇلغان باللار ئانىسىنى بىلسىمۇ، ئاتىسىنى بىلمەيتتى. پولوگامىيە[①] — گۇرۇپپىلىق نىكاھ دەپ ئاتالغان بۇ نىكاھ ھەرقانداق گۇرۇپپىلىقنى ئەمەس، بەلكى قېرىنداشلار ۋە بوغۇنلار ئارىسىدىكى نىكاھنى كۆرسىتىدۇ. بۇ چاغدىكى ئىش تەقسىماتىدا ئەمگەك ئاساسەن گۇرۇپپىلار — قېرىلار، ئەرلەر، ئاياللار بويىچە ئېلىپ بېرىلدى.

---

① گرېكچە «پولو» — كۆپ، «گاموس» — نىكاھ، پولوگامىيە كۆپلۈك نىكاھ مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

كېيىنچە ئائىلە ئىچىدە قانداشلار ئارىسىدىكى نىكاھ چەكلەندى. كىشىلەرنىڭ ئەخلاق ئۆلچەملىرى قان ـ قېرىنداشلار ئارىسىدىكى نىكاھنىڭ يولسىزلىقىنى تەلەپ قىلدى. نەتىجىدە قانداشلىق بويىچە ئەمەس، ئۇرۇقداشلىق بويىچە نىكاھلىنىش كېلىپ چىقتى. بۇ بىر ئائىلىنىڭ ئۇنىڭغا يېقىن، ئۇرۇقداش (تۇغقان) يەنە بىر ئائىلە ـ جامائە ئەزالىرى بىلەن نىكاھلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئانىلىق ئۇرۇقى جامائەسىنىڭ رەسمىلىنىشىنى كۈچەيتتى. ئانىلىق تۈزۈمى (ماترىئارخات) بويىچە ئانا ئائىلە جامائەسىنىڭ رەھبىرى بولىدۇ.

بىر ئانا ئۇرۇقى جامائەسى يېقىن ئۇرۇقداش باشقا ئانا ئۇرۇقى جامائەسىدىن ئۆز قىزلىرى، قىز نەۋرىلىرى ئۈچۈن ئوغۇللارنى ئۆز جامائەسىگە «ياتلىق» قىلدۇرۇپ ئېلىپ كېلىش، ئائىلە — فامىلىسى — نەسەبى قىز (ئانا) تەرەپ بولۇش ئۇرۇقداش ئائىلىنىڭ مۇھىم بەلگىسى بولدى. بۇ كۆيئوغۇل كىرگۈزۈشنى مەيدانغا چىقاردى. تارىخ كېلىن تۈزۈمىنى ئەمەس، كۆيئوغۇل تۈزۈمىنى بالدۇر ياراتقانىدى. بۇنداق نىكاھ تۈزۈمى گۇرۇپپىلىق نىكاھ (پولوگامىيە) نىڭ يەنە بىر شەكلىنى — پونالويا① ئائىلىنى كۆرسىتىدۇ. پونالويا ئائىلىدىكى كۆيئوغۇللار ھازىرقى بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق ئائىلىدىكى كۆيئوغۇلدىن پەرقلىق ھالدا، ئۆزى كىرگەن ئانىلىق جامائەسىدە گۇرۇپپىلىق نىكاھ بىلەن شۇغۇللىنىشى مۇمكىنىدى.

پونالويا ئائىلە بارغانسېرى گۇرۇپپىلىق نىكاھنى چەكلەش، ئەر ـ خوتۇنلارنى مۇقىملاشتۇرۇشقا قاراپ راۋاجلاندى. بۇ ئاتىلىق تۈزۈمگە قاراپ راۋاجلىنىش تەقەززالىرى بىلەن باغلىق ئىدى. ئاتىلىق تۈزۈمى يېڭى تاش قورال دەۋرى ئاخىرى، مېتال ـ مىس دەۋرى دەسلىپى شەكىللەندى. ئائىلىدە بىر ئەركەكنىڭ بىر خوتۇنى ئاساس، باشقا

① پونالويا — يېقىن ئۈلپەت دېگەن مەنىدىكى ئىبارە ئاساسىدا ئېلىنغان.



خوتۇنلار قوشۇمچە، بىر ئايالنىڭ بىر ئېرى ئاساس، باشقا ئەرلەر قوشۇمچە بولغان «جۈپ نىكاھ» ئائىلە شەكلى مەيدانغا چىقتى. بۇ بارغانسېرى ئاتا ئۇرۇقى تۈزۈمىنىڭ (پاترىئارخات) ئۆسۈپ بېرىشى ۋە ئاتا ھوقۇقىنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن بىر ئەرنىڭ ئاساسلىق بىر خوتۇنى، باشقا كۆپ خوتۇنلىرى بولۇش، بىر ئايالنىڭ بىر ئېرى ۋە ئۇنىڭغا سادىق بولۇش تۈزۈمىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ چاغدا ئائىلە جۈپ ھەم ۋاقىتلىق ئىدى، نىكاھ يىراقتىن بولۇپ نەسىل ياخشىلاندى، ئۇرۇقلار تۈركۈملىرىدىن قەبىلىلەر مەيدانغا كەلدى. ئىلگىرىكى گۇرۇپپىلىق (تۈركۈم) نىكاھ ئەيىبلەندى. ئىپپەت چۈشەنچىسى كۈچەيتىلدى. كېيىنچە بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق مونوگامىيە① ئائىلە شەكلى كېلىپ چىقتى.

يۇقىرىدا پولوگامىيە ئائىلىنىڭ گۇرۇپپىلىق نىكاھ (بۇمۇ پولوگامىيە دېيىلىدۇ)، پونالويا نىكاھ ۋە جۈپ نىكاھدىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئائىلە شەكلىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. ئۇلار قانداشلىق — پولوگامىيە، ئۇرۇقداشلىق — پونالويا ۋە جۈپ نىكاھ ئائىلە شەكىللىرىدىن ئىبارەت.

ئائىلىنىڭ بۇ ئىپتىدائىي شەكىللىرى جەمئىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، نوپۇس ۋە ئەخلاق، ئاڭ جەھەتتىكى راۋاجلىنىشى ئاساسىدا، ماددىي ـ ئىقتىسادىي ئۆزگىرىشنى پىشاڭ قىلغان ھالدا تەدرىجىي بىر ـ بىرىگە ئالماشقان.

ئائىلىنىڭ بۇ ئۈچ خىل ئىپتىدائىي شەكلى بىر خىل مودېل بولۇپ، ھەممە خەلقلەر ئاساسەن ئىلگىرى ـ كېيىن، ھەر خىل ئالاھىدىلىكلەر بىلەن بۇ خىل ئائىلە شەكىللىرىنىڭ كونكرېت ۋارىيانتلىرىنى باشتىن كەچۈرگەن.

① گرېكچە «مونوس» — بىر، «گاموس» — نىكاھ، بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق ھازىرقى نىكاھ تۈزۈمىنى كۆرسىتىدۇ.

بىرىنچى خىل قانداشلىق نىكاھنىڭ ئۆتكەن ئەسىردىلا ئۆلگىلىرى قالمىغانىدى. قالغان ئائىلە شەكىللىرى — پونالويا ۋە جۈپ نىكاھلىق ئائىلىلەر بىر قاتار ئىپتىدائىي خەلقلەردە، خەلق ئەپسانىلىرىدا ساقلانغان.

كېيىنكى زامانلاردىمۇ ئۆتمۈشتىكى پولوگامىيە ئائىلە ۋە جىنسىيەت ئالامەتلىرى سارقىندى سۈپىتىدە ساقلانغان.

ھىندىستان، مالايا، ئوكيانىيە، ئامېرىكا ئىندىئانلىرى ئارىسىدا، ھەتتا پۈتۈن جەنۇبىي ئامېرىكىدا، قىزلارغا ئەرگە چىقىشتىن ئىلگىرى جىنسىي ئەركىنلىك بېرىش ئادىتى ساقلانغان.

ئامېرىكىنىڭ كالىفورنىيە يېرىم ئارىلى، ئاۋستىرالىيە، ھىندىستاننىڭ گو، سانتال، پىنچە، كوتار قەبىلىلىرىدە بىرقانچە قەبىلە بىر جايغا توپلىشىپ، بايرام قىلىپ، ئەركىن جىنسىيەت ئۆتكۈزىدىغان ئادەت ئۇچرىغان. شىنجاڭنىڭ قۇتۇبى كاڭجىيا شىمىنزى (قىزىل يار) قىيا رەسىملىرى ئېھتىمال ئۇنىڭ بىر ئىپادىسى بولسا كېرەك. بۇ نوپۇس ئېھتىياجى، جىنسقا چوقۇنۇش ۋە ئىلگىرىكى قانداشلىق ۋاقتىدىكى ئەركىن جىنسىيەتنىڭ ۋە پونالويا جىنسىيىتىنىڭ چەكلەنگەندىن كېيىنكى سارقىندىسى ياكى قايتىدىن مۇقەددەس شەكىلدە يادلىنىشى مۇمكىن.

بابىلۇندا ئاياللار بىر قېتىم مىنىلىتتا ئىبادەتخانىسىغا بېرىپ ئەركەك بىلەن قوشۇلۇش رەسمىيىتىنى ئۆتەيدۇ. ئەرگە چىقىشتىن ئىلگىرى خالىغان يىگىت بىلەن قوشۇلۇش گانگ دەرياسىدىن ئوتتۇرا دېڭىزغىچە جايلاردا دىنىي پەردە بىلەن «گۇناھ يۇيۇش» شەكلىدە ئېلىپ بېرىلغان. ئېنگېلس، ئاسىيالىقلارنىڭ ھەممىسىدە بۇنداق گۇناھقا تۆلەم بېرىش ھادىسىسى ئۇچرايدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان.①

① «ماركس ـ ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» ، II توم، 1954 ـ يىل تاشكەنت، ئۇيغۇرچە نەشرى، 325 ـ بەت.



ئاتا ھوقۇقى دەۋرىدىكى جۈپ نىكاھ سارقىندىلىرى ئافرىقىدىكى ئاۋگىل، ھەبەشىستاندىكى بارىئا خەلقلىرىدە، باشقا بىرمۇنچە خەلقلەردە ساقلانغان. بۇنىڭدا توي قىلغان ئەركەك ئايال بىلەن قوشۇلۇشتىن ئىلگىرى، مېھمانلار ياكى باشقا تۇغقانلار بىلەن جىنسىيەت ئادا قىلىشى شەرت ئىدى. بىرىنچى كېچىلىك ھوقۇقى كاھىن، قامان (شامان) لارغا بېرىلىشمۇ ئۇنىڭ بىر جۈملىسى.

شىمالىي ئامېرىكىدىكى بەزى قەبىلىلەردە بىر قىزنى ئالغان ئەر، ئەگەر ئاچىسىنى ئالغان بولسا، پۈتۈن سىڭىللىرى بىلەن جىنسىيەتكە ھوقۇقلۇق دەپ قارىلاتتى.

## 3. بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق ئائىلە

بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق ئائىلە — مونوگامىيەنىڭ ئاساسى ئاتىلىق ھوقۇقىنىڭ راۋاجى ۋە سىنىپىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ شەكىللىنىشىدىن ئىبارەت. ف. ئېنگېلس «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى» ناملىق ئەسىرىدە «ئاتا ھوقۇقىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى خوتۇنلار جىنسىنىڭ پۈتۈن دۇنيا خاراكتېرلىك تارىخىي مەغلۇبىيىتىدۇر» ① دېگەنىدى.

مونوگامىيە ۋارۋارلىق دەۋرىنىڭ يۇقىرى باسقۇچىدىن سىۋىلىزاتسىيە دەۋرى دەپ ئاتالغان سىنىپىي ھۆكۈمرانلىققا قەدەم قويۇش ھارپىسىدا شەكىللەنگەن. مونوگامىيە جۈپ نىكاھلىقتىن ئۆسۈپ چىقتى.

مونوگامىيە ماھىيەتتە ئايال ئۈچۈن بىر ئەرگە نىكاھلىق بولۇش بولۇپ، ئەركەكنىڭ بىر ئايالغا نىكاھلىق بولۇشى شەكلەن

① «ماركس ـ ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» ، II توم، 334 ـ بەت.

ھالەتتە بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئاتا ھوقۇقى ۋە سىنىپىي جەمئىيەتتىكى ئائىلىدە ئەركەك ھاكىم، نەسىل - نەسەب - فامىلىدە ئائىلە ئەركەكنىڭ ئائىلىسى بولۇشنى ئاساس قىلىپ مەيدانغا كەلگەن. ئېنگېلس مونوگامىينى سىنىپىي زۇلۇم ئائىلىسى دەپ ئىزاھلايدۇ.

ئاتا نەسەب، ئاتا مۈلۈكدار، ئانا مىراسنى ئۆز پەرزەنتىگە بېرىش، مىراسخورلۇقتا ئوغۇل - قىز پەرقى، قىز چىقىرىپ بايلىق چىقارماسلىق، كېلىن كىرگۈزۈش ۋە ئۇنى ئىشقا سېلىش، ئەرنىڭ ئايالنى قويۇۋېتىش ھوقۇقى بولۇپ، ئايالدا ئاجرىشىش ھوقۇقىنىڭ بولماسلىقى مونوگامىينىڭ روشەن ئالامەتلىرى ئىدى.

ئېنگېلسنىڭ ئىزاھلىشىچە، مونوگامىيە ماھىيەتتە ئىندىۋىدۇئال نىكاھ بولماي، خوتۇننى خۇسۇسىي مۈلۈك قىلىشتۇر.

مونوگامىيە ھەرقايسى خەلقلەر ئەپسانە، رىۋايەتلىرىدە ساقلانغان ئائىلە شەكلى. يات ئەركەككە كۆرۈنمەسلىك، سىرتقا چىقسا قول ئايال بىلەن بىللە چىقىش [ھازىر يەنە بىر ئايال بىلەن بىللە چىقىش ]، ئائىلىگە مەخسۇس خوتۇننى ساقلايدىغان ئىت ياكى ئاختا قىلىنغان غولاملار قويۇش، ئايال بالا تۇغۇشتىن تاشقىرى ئائىلىدە دېدەك بىلەن بىللە ئىشلەش، ئائىلە خوجىدارلىقى مانا بۇلار ئائىلىنىڭ ئىچكى ئەھۋالى. «ئايال»، «مەزلۇم» ئىبارىلىرى ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى ئىزاھى.

ئەر - ئاياللارنىڭ ئەركىن مۇھەببەت ئىنتىلىشى جۈپ نىكاھ زامانىدىمۇ يات - يات چاقماقتەك يالتىراپ كۆرۈنگىنىدەك، مونوگامىينىڭ فېئودالىزم دەۋرىدىكى راۋاجىدا «ئاشىق - مەشۇق» داستانلىرى تەسۋىرلىگەندەك ئەركىن مۇھەببەت



ئىنتىلىشلىرى پەيدا بولدى. ئاياللىق پاك - ئىپپەتلىك بولغان، ئائىلە ئايالى ئۈچۈن ساداقەت ئېتىكاپى ھېسابلانغان، ئەر ئايالنىڭ يېرىم ئىلاھى بولغان ھالەتتە ئاياللاردا ئەخلاقىي بۇزۇلۇش ئۆلۈم بىلەن تەڭ ئىدى. بىز ئىشقى ئەركىنلىك تەسۋىرىنى «يۈسۈپ ۋە زۇلەيخا»، «دافنىنى ۋە خلويا»، «بىجان ۋە مانىجە»، «لەيلى ۋە مەجنۇن»، «پەرھاد ۋە شېرىن»، «گۈل ۋە نەۋرۇز»، «رومىئو - جولىيا»، «تاھىر ۋە زوھرا»، «ۋامۇق ۋە ئۇزرا»، «غېرىب ۋە سەنەم» داستانلىرىدىن كۆرسەك، ئايالنىڭ ئىپپىتى ئۇنىڭ ھاياتى ئىكەنلىكىنى «ئاتېلو» تراگېدىيىسىدىن كۆرىمىز.

كاپىتالىزم تاۋار - بازار ئالاقىلىرى ئايالنىڭ بۇزۇلۇشى ۋە پاھىشە بازىرىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

مونوگامىيە تۈر جەھەتتىمۇ مۇرەككەپتۇر. ئەرنىڭ بىر خوتۇنلۇق، كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشىدىن سىرت، قەدىمدە بەزى خەلقلەردە ئاكىسى قازا قىلسا، ئۇنىڭ خوتۇننى ئىنىسى توقال قىلىپ ئېلىش (تۈركىي خەلقلەردە)، قايچا قۇدا ئائىلىلەر بولغان. مۈلۈكدارلىق ۋە مىراس ھوقۇقى مونوگامىيە ئائىلە تۈر - تىپلىرىنى، ئائىلىۋى مۇناسىۋەت تىپلىرىنى بەلگىلەشتە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق ئائىلە قانداق كېلىپ چىققان ۋە قانداق كەچۈرمىشلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بولۇشىغا قارىماي، ھازىرغىچە ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ ياخشى ئائىلە شەكلى بولۇپ كەلدى. ئۇنى مۇتلەق مەنىدە ئەرلەرنىڭ ئاياللار ئۈستىدىكى ھۆكۈمرانلىقى، سىنىپىي زۇلۇم مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئائىلە شەكلى، ئاياللار ئۈچۈن بىر ئەرلىك بولغىنى بىلەن ئەرلەر ئۈچۈن يەنىلا كۆپ خوتۇنلۇقتىن ئىبارەت بولغان نىكاھ تۈزۈلمىسى دېگىلى بولمايدۇ. ئېيتىش كېرەككى، بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق ئائىلىلەر ئىچىدە ف. ئېنگېلس ئېيتقاندەك، ئەر - ئايال ھەر ئىككى تەرەپ ئۈچۈنمۇ ئوخشاش مونوگامىيە شەكلىنى ئالغان نۇرغۇنلىغان ئىناق، بەختلىك ۋە مەدەنىيەتلىك، تۆھپىكار ئائىلىلەر مەۋجۇت.

# تۆتىنچى باب ئائىلە ۋە ئىجتىمائىي مەدەنىيەت

«نىكاھ خۇسۇسىدا ھەر بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس رەسمى ۋە ئادىتى باردۇر.»

— ئەبۇ رەيھان بىرۇنى

## 1. ئائىلە ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش

ئائىلە — كىچىكلىتىلگەن جەمئىيەت بولۇشى بىلەن بىللە ئائىلىۋى تۇرمۇش ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئىجتىمائىي مەدەنىيىتى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن. بۇ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ مەيدانغا كېلىشى داۋامىدا ئىنسان تۈركۈملىرى تەدرىجىي ئائىلە شەكلىدىكى نىكاھ ۋە تۇرمۇش ئۇسۇللىرىنى قوللاندى، بۇ ماھىيەتتە ئىجتىمائىي مەدەنىيەتنىڭ مەيدانغا چىقىشقا باشلانغانلىقىنى كۆرسەتتى.

ئەلۋەتتە، مورگان ئىپتىدائىي ئىنساننى تاكى «سىۋىلىزاتسىيە» دەۋرىگىچە ياۋايىلىق، ۋارۋارلىق (نادانلىق) باسقۇچلىرىنى باشتىن كەچۈرۈپ تەدرىجىي يوسۇندا سىۋىلىزاتسىيە دەۋرىگە قەدەم قويدى، دەپ كۆرسەتسىمۇ، ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئىجتىمائىي پائالىيىتى ۋە تارىخىي ئىزلىرىمۇ كەڭ مەنىدە ئىجتىمائىي مەدەنىيەت قىممىتىگە ئىگە بولغان.



قەدىمكى رىم ئالىمى لۇكرېتىئۇس (Lucretius) بىرىنچى بولۇپ «تاش قورال دەۋرى» (Lithi cperi od) ئاتالمىسىنى قوللانغان بولسىمۇ، XIX ئەسىردە جون لوبېك «تارىختىن ئىلگىرىكى زامان» ناملىق كىتابىدا بۇ ئىبارىنى قوبۇل قىلدى ۋە كونا تاش قورال دەۋرى، يېڭى تاش قورال دەۋرى، برونزا قوراللار دەۋرى ۋە تۆمۈر قوراللار دەۋرى دېگەن تۆت دەۋر ئىبارىسىنى قوللاندى. جون لوبېك يەنە كونا ـ يېڭى تاش قوراللار دەۋرى ئارىسىدا ئوتتۇرا تاش قوراللار دەۋرى بولغان، دېگەننى ئوتتۇرىغا قويدى.

مورگان بىلەن جون لوبېكنىڭ دەۋر بۆلۈشلىرىنى بىر ـ بىرىگە سېلىشتۇرغاندا، تەخمىنەن كونا تاش قوراللار دەۋرى ياۋايىلىق دەۋرىگە، يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدىن سىنىپىي جەمئىيەت ۋە يېزىق مەيدانغا چىققۇچە ئۆتكەن دەۋرلەر ۋارۋارلىق دەۋرىگە، ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەر يازما تارىخ قالدۇرغان سىۋىلىزاتسىيە دەۋرىگە ياندىشىدۇ.

ئىپتىدائىي ئىنسان سوغۇق (بولۇپمۇ مۇز دەۋرى تەسىرى) بىلەن يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن قوغدىنىش ئۈچۈن ئۆڭكۈرلەرنى ماكان تۇتۇش بىلەن بىللە «ئىجتىمائىي تۇرمۇش مۇھىتى»گە يۆلىنىپ ياشايدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. ئۆڭكۈرلەردە تىرىكچىلىك قىلىش ۋە جىنسىي نىكاھ بىلەن شۇغۇللىنىپ نەسىل قالدۇرۇش بىلەن تەڭلا ئىنسانىيەت جەمئىيىتى، ئائىلە تۈرەلمىسى ۋە باشلانغۇچ ئىجتىمائىي مەدەنىيەت مەيدانغا چىقىشقا باشلىدى. جەمئىيەتنىڭ ئالغا قاراپ يەنە بىر قەدەم تاشلىشى بىلەن سۇنئىي بىناكارلىق ئالامەتلىرى — ئاددىي تۇرالغۇ ماكانلار پەيدا بولۇشقا باشلىدى. گېرمانىيىنىڭ رېيىن دەريا ۋادىسىدا، ئۇكرائىنانىڭ كىيېف شەھىرى ئەتراپىدا دەرەخ شاخلىرىدىن توقۇلغان قەدىمكى ئۆي قالدۇقى تېپىلدى. بۇنداق

ئۆيلەر 8 — 10، 20 پارچىسى بىر غوژمەك تۇركۇم بولۇپ جايلاشقانىكەن. رۇسىيىنىڭ تىمونوفكا دېگەن يېرىدىن يېرىم يەرگە يېرىم ئۈستىگە ياسالغان ئىپتىدائىي گەمە ئۆيلەردىن ئالتىسى تېپىلغان. بۇ ئۆيلەردە پىل سۆڭىكى، ياغاچ، لاي ئەسۋابلار، قىرغۇچ تاش ۋە بىر قازناق بولغان. ياۋروپانىڭ مالتا، كوستىنكى دېگەن جايلىرىدىن مۇقىم ساتما ئۆيلەر تېپىلغان. بىز بۇ تۇرار جايلارنى ئائىلە ۋە مەدەنىيەت ھادىسىسى دەپ چۈشىنىمىز.

بىرقەدەر رەسمىي پەرق ئېتىش ئېڭى ۋە ئەخلاقىي مەدەنىيەت مەيدانغا كەلگەن ئائىلە — پادىلارچە پەرقسىز ئىككى جىنس قوشۇلۇشىدىن قانداشلىق نىكاھ ئاساسىدىكى ئائىلىگە ئۆتۈش بىلەن بىر تەرەپتىن، ئائىلە بىلەن قانداشلىق ئائىلە شەكلىدىكى جەمئىيەت بىر گەۋدە قىلىنغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، جەمئىيەت ۋە ئائىلىنىڭ قانداشلىق تۈزۈمى شەكلىدىكى بىرلىكىدە ئىپتىدائىي مەدەنىيەت، باشقىچە ئېيتقاندا، ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ئىپتىدائىي ئائىلە مەدەنىيىتى بارلىققا كەلدى. ئېيتىش كېرەككى، ئىلگىرىكى پادىلارچە ئىككى جىنسنىڭ پەرقسىز قوشۇلۇشىدىن ئاتا - ئانا بىلەن ئوغۇل - قىز پەرقلىرى پەرقلەندۈرۈلۈپ، ئىككى قانداش بوغۇن ئوتتۇرىسىدىكى نىكاھنىڭ چەكلىنىشى ئەخلاقىي مەدەنىيەت چۈشەنچىسى ۋە تۈزۈمىنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى كۆرسەتكەنىدى.

ئائىلە جەمئىيەت شەكلىدە، جەمئىيەت ئائىلە شەكلىدە مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن ئۇ ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ پەيدا بولۇش ۋە راۋاجلىنىشىدىكى ئاساسلىق دەرگاھقا ئايلاندى. بۇنداق جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەت ھەممىلا جايدا، ھەممىدىن ئىلگىرى ئېتنولوگىيىلىك - مىللەتلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە مەدەنىيەت بولۇپ پەيدا بولۇشقا باشلىدى.



ھەربىر كىشى ئائىلىگە تەۋە بولغىنىدەك، ھەربىر مەدەنىيەتمۇ ئائىلىۋى تۈركۈمگە — ئېتنولوگىيىلىك مەدەنىيەت چەمبىرىگە تەۋە بولىدۇ. نەتىجىدە خۇددى ئائىلە - نەسەب - تارىخ راۋاندەك ئائىلە - مەدەنىيەت - ئەنئەنە مەيدانغا چىقتى. ھازىرقى زامان دۇنيا مەدەنىيىتى تېگى - تەكتىدىن ھەرقايسى مىللىي مەدەنىيەت بازىلىرىدا پەيدا بولغان مىللىي خاسلىققا ئىگە مەدەنىيەت تىپلىرىنىڭ ئۇلۇغ مۇجەسسەمىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئائىلىنىڭ ئىجتىمائىي خاراكتېرى، ئائىلىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش، ئىجتىمائىي ئېتىقاد، ئىجتىمائىي ئاڭ ۋە ئىجتىمائىي مەدەنىيەت بىلەن بولغان بىۋاسىتە ۋە دائىمىي مۇناسىۋىتى، ئائىلە ساپاسى، ئائىلە ئىقتىدارى ۋە ئائىلە شۆھرىتىنىڭ پۈتكۈل جەمئىيەت ۋە ئۇنىڭ مەنىۋى قىياپىتى بىلەن بولغان ئالاقىسى مەسىلىسى ئائىلە توغرىسىدىكى ئەتراپلىق ئىلمىي قاراشنىڭ ئۇلى ھېسابلىنىدۇ، ئائىلىنى جەمئىيەتتىن، مەدەنىيەتتىن ئۈزۈۋېلىپ، نوقۇل جىنسىيەت، نوقۇل جىنسىي خاھىش ئارقىلىق ئىزاھلىغۇچىلارنىڭ قاراشلىرىنى بىز بۇ تۈپكى، ئىلمىي ئائىلە قارىشىغا بىرقۇر سېلىشتۇرساقلا، ئۇ خىل قاراشنىڭ چاكىنا، يۈزەكى، بىر تەرەپلىمە، سۇبيېكتىۋىزملىق نۇقسانلىرىنى روشەن كۆرۈۋالالايمىز. بۇ ئىككى قاراشنىڭ سېلىشتۇرمىسى ئىنتايىن مۇھىم مەرىپەتچىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئائىلىنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ ئۆزى بىر مەدەنىيەت تارىخىي ھادىسىسى ئىدى. ئائىلىنىڭ راۋاجلىنىشى، شەكىل - ھالەتلىرى، تۈزۈلمە ۋە مۇناسىۋەت تىپلىرىمۇ ماھىيەتتە مەدەنىيەت ھادىسىسىدىن ئىبارەت. بۇ بىزگە، ئائىلە ۋە ئۇنىڭ كامىل شەكلى، ئائىلىۋى مۇھەببەت ۋە بەخت تېگى - تەكتىدىن

يەنىلا ئائىلە ئەزالىرىنىڭ مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى ۋە مەدەنىيەت ئورتاقلىقىغا باغلىق ئىكەنلىكىنى، ئائىلىنى تۈزەشتىكى تۈتىيا مەدەنىيەتتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

## 2. ئائىلە ۋە مىللىي مەدەنىيەت

ئائىلە مىللىي تىپتىكى ئىنسان تۈركۈمى، مىللىي تىپتىكى ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ بۆلىقىدۇر.

مەلۇمكى، «ئىنسانىيەت» ئىبارىسى ئومۇملاشتۇرۇلغان ئىبارە بولۇپ، ئۇ مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان ئائىلە، مەدەنىيەت ۋە جەمئىيەتلەرگە تەۋە، ئۇلاردىن كېلىپ چىققان، ئۇنى ئەكس ئەتكەن بولىدۇ. تاتار ئالىمى رىزائۇددىن ئىبنى پەخرۇددىن «ئائىلە» ناملىق رىسالىسىدە، ئائىلە سىرتىدىكى مىللەت مەۋجۇت ئەمەس، مىللەتنى كۆتۈرۈپ تۇرغان نەرسە ئەسكەر بىلەن كېڭەشمىلەر بولماستىن، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدۇر. مىللەتتىكى نادانلىق بىلەن كامالەتكە يېتىشنىڭ يىلتىزى ھەم قانتى ئائىلىگە باغلىق، دەپ كۆرسىتىدۇ.

ئانتروپولوگىيىلىك تەتقىقاتلار ئىنسان جىسمانىي تۈزۈلمىسى، ئېتنوگېنىزى ئاخىرقى ھېسابتا قانداش ۋە ئۇرۇقداش، قەبىلىداش ئائىلە - تۇتۇنلار تۈركۈمىدە شەكىللىنىش ۋە ئۆزگىرىشكە ئۇچرايدىغانلىقىنى كۆرسەتتى. مەركىزىي ئاسىيانىڭ بايقال غەربىدىن يەتتە سۇ ۋادىسى، قۇمۇلدىن ئامۇ ۋادىسىغىچە تېپىلغان قەدىمكى ئىنسان باش سۆڭەكلىرى سېلىشتۇرما تەتقىقاتى ئاندۇرونوپ — ئارىئان تىپىدىكى ئىنسان تۈركۈمىنىڭ موڭغۇلوئىت تىپىدىكى ئىنسان تۈركۈمى بىلەن ئارىلىشىش ئەھۋالىدىكى ھەر خىل قاتلاملارنىڭ پەرقىنى ئەكس ئەتتى. بۇ جەرياندا ئومۇمەن ئاق تەنلىك گۇرۇھقا



موڭغۇلوئىت گۇرۇھىنىڭ قىسمەن، كۆپرەك قىسمەن ئارىلاشقانلىقى ۋە ئوخشاش ئائىلىدە ئايال سۆڭىكىدە يېڭى ئارىلاشمىنىڭ ئەركەكتىن روشەنرەك چۆكمە ھاسىل قىلىشى ئومۇميۈزلۈك بىلىندى. بۇ ھال ئەركەك ئۇرۇقىنىڭ ئەسلى نەسلىدىكى نىسپىي مۇقىملىقى ۋە ئايالنىڭ ئۆزگىرىشچانلىقىنى بىرقەدەر تېزراق قوبۇل قىلىشىنى كۆرسەتتى. دېمەك، ئانتروپولوگىيىلىك ئىنسان تۈركۈملىرى ئالاھىدىلىكلىرى ئىنسان تۈركۈملىرىدىكى قانداشلىق ۋە ئۇرۇقداشلىق ئائىلىلەرگە زىچ باغلانغان.

مىللەت ھەممىدىن ئىلگىرى مۇئەييەن جۇغراپىيىلىك ماكاندىكى كۆچمە ياكى ئولتۇراقلاشقان ئاھالىنىڭ، ئىقتىسادىي تۇرمۇش بىرلىكى، قانداشلىق - ئۇرۇقداشلىق ئاساسىدىكى ئەجداد - ئەۋلاد ئىزچىللىقى، فولكلور، مىللىي مەدەنىيەت ۋە تىل بىرلىكى، ئۆز تارىخى ۋە ئۆز مەدەنىيىتى ھەققىدىكى بىردەك ئىپتىخار، جۈملىدىن ئۆز مىللىتى ھەققىدىكى بىردەك رىقابەت سەزگۈسىگە ئىگە ئىنسان تۈركۈمىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. مىللەت گەرچە فېئودالىزم ۋە كاپىتالىزم دەۋرلىرىدە بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدىغان ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولسىمۇ، جۈملىدىن مىللەت گەرچە ئۆز تەرەققىياتىدا بەزى تارىخىي قاتلام ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىگە بولسىمۇ، مىللەت ئومۇمەن جىددىي ئۈزۈلمىگە ئۇچرىمىغان تارىخىي راۋانلىقتىن ئىبارەت. ھازىرقى زامان مىللەتلىرىنى ئۇنىڭ تارىخىي يىلتىزى ۋە ئەجدادلىرىدىن ئايرىپ مۇھاكىمە قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

ئائىلە — غايەت چوڭ ئىجتىمائىي كۈچ.

ئائىلە — غايەت چوڭ ئېتنولوگىيىلىك ئاساسىي قاتلام ئۇيۇشما.

ئائىله — مىللەتنىڭ ھۇجەيرىسى. ئۇ مىللەتنى تەشكىل قىلغان تىلنىڭ بىرىنچى بۇلىقى. ئۇ مىللەتنىڭ پسىخىك مەدەنىيەت ـ فولكلور مەدەنىيىتىنىڭ بىرىنچى بۆشۇكى. ئۇ مىللەتنىڭ ماكان تۇركۇمىنىڭ بىرىنچى ئاتلاسى ۋە سىخېمىسى. ئۇ مىللەتنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇش ئورتاقلىقىنىڭ بىرىنچى ھالقىسى. ف. ئېنگېلس: «مىللەت ئىقتىسادىي كاتېگورىيە» دېگەنىدى. تارىخىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي كاتېگورىيە ئالامەتلىرىگە ئىگە بولغان ئائىلە يەنە غايەت چوڭ مىللىي مەدەنىيەت بازىسىدىن ئىبارەت.

ئائىله بىلەن مىللەتنىڭ مۇناسىۋىتى يەنىلا ئائىلە بىلەن مىللىي مەدەنىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى دەۋر قىلىش ئوقى قىلغان بولىدۇ.

بۇنى بىرقانچە جەھەتتىن ئىزاھلاش مۇمكىن:

مەلۇمكى، ماددىي مەدەنىيەت تارىخى ئائىلىلەرنىڭ ئانتروپولوگىيىلىك ۋە ئېتنولوگىيىلىك تەسىرىدە ئېتنىك مەدەنىيەت چەمبىرى ھاسىل قىلغان بولىدۇ. كۆپلىگەن ماددىي مەدەنىيەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئالامەتلىرى يېڭى تاش قورال دەۋرىدە، ئانا ئۇرۇقى جامائەسى مەزگىلىدە گېنېئالوگىيىلىك باشلىنىش پەيدا قىلغان. يېڭى تاش قورال دەۋرىدە ئىنسان تاشتىن، ياغاچتىن، سۆڭەكتىن، چىۋىقلاردىن، تېرە ۋە يۇڭدىن، بولۇپمۇ تاشتىن ھەر خىل بۇيۇملار ۋە ئۆيلەرنىڭ نۇسخىلىرىنى، تۇرار جايلار ۋە ئۆيلەرنىڭ بىرەر قاراشقا سىمۋوللۇقىنى ئىختىرا قىلدى. بۇ ھالەت برونزا (تۇچ قورال) دەۋرىدە داۋاملاشتى. شۇنى ئېيتىش كېرەككى، ھازىرغىچە دىققەت قىلىنمىغان مۇھىم ئېتنىك مەدەنىيەت مەنبەلىرى دەل يېڭى تاش قورال دەۋرىدە ئۆزىنىڭ دەسلەپكى بۇلاقلىرىنى پەيدا قىلغان. شۇ ئاساستا ماددىي مەدەنىيەتتىكى بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق مىللىي ئالاھىدىلىكلەر



شەكىللەنگەن.

مەنىۋى مەدەنىيەت تارىخىمۇ ئائىلىلەرنىڭ ئانتروپولوگىيىلىك ۋە ئېتنولوگىيىلىك تەسىرىدە ئېتنىك مەدەنىيەت چەمبىرى ھاسىل قىلغان. تىل، تىل ئائىلىسى ۋە سىستېمىلىرى، تامغا ۋە ھەرپىسمان ئالامەتلەر، ئانىمىزم، ئەۋلاد ئېتىقادچىلىقى، توتېمىزم، ئىپتىدائىي دىنىي، تېببىي، ھاۋارايى، يۇلتۇز، چۇش كۆرۈش، تۇغۇلماق، مۇخ (مەرسىيە) قاراشلىرى بىلەن ئەڭ قەدىمكى ئەپسانە، رىۋايەتلەرمۇ ئائىلىلەر تۇركۇملىرى ھاسىل قىلغان ئىنسان گۇرۇھلىرىنى بىرلىك چەمبەر قىلغان. بۇنىڭدا ئەجدادلارنى ئۇلۇغلاش، ئۇلارنىڭ نامىنى مۇئەككەل، شامان، ئىلاھ بىلىش، جىنسىي ئېتىقادقا بولغان ئىشەنچ، فامىلە ـ نەسەب ـ سۆڭەك سۈرۈشتۈرۈش، مۇزىكا ـ ناخشا ـ ئۇسسۇل ـ تىياتىر ـ سەيلە ـ مۇراسىم پائالىيەتلىرىمۇ كۈچلۈك مىللىيلىققا ئىگە فولكلور ھادىسىسى بولۇپ شەكىللەنگەن.

قىسقىسى، ئىنسانىيەتنىڭ ھازىرقى رەڭگارەڭ مىللىي مەدەنىيىتى ئەڭ قەدىمكى ئائىلىلەر سىستېمىسىنىڭ تەسىرىدە، يېڭى تاش قورال دەۋرىدە گېنېئالوگىيىلىك ئۆسۈشكە ئىگە بولغان. مىللىي مەدەنىيەتنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىمۇ ئۇنىڭ مىللىي ئائىلىلەر بىلەن قان بىلەن گۆشتەك يېقىن مۇناسىۋىتىنى ئىسپاتلىدى.

ئېيتىش كېرەككى، ھازىرقى كۈندىمۇ ئائىلە مىللىي مەدەنىيەتنىڭ بۇلىقى، بۆشۈكى، سەھنىسى ۋە قورغىنىدىن ئىبارەت. ئائىلىلەر مۇئەييەن خاس مىللەتكە تەۋە بولىدۇ. ئۇنىڭدا شۇ مىللەت نوپۇسى يېتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەزالىرى ئۆز مىللىتىگە خاس مىللىي تىل ـ يېزىق، ئۆي ـ روزىغار تۇتۇش، قائىدە ـ يوسۇن، مىجەز ـ خۇلق، سەنئەت ۋە مەدەنىيەت خۇمارلىقى بىلەن

ئۆز مىللىتى مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىدۇ، ئۇنى قوغدايدۇ، گەۋدىلەندۈرىدۇ، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىدۇ. بۇ جەرياندا تارىختا كۆپلىگەن مىللىي مەدەنىيەت ئەربابلىرى، مىللىي سەنئەت مەشھۇر كىشىلىرى ۋە مىللىي قەھرىمانلار مەيدانغا كەلگەن.

كۆك فۇزى: «ھەممە كىشى ئائىلىنىڭ مۇناسىپ ئەزاسى بولۇشى لازىم. شۇ چاغدىلا بەخت – سائادەت ۋە گۈللىنىش بولىدۇ» دەيدۇ. ئۇ ئائىلىنىڭ مۇھىم شەرتىنى ئائىلىدە ئاتا – ئانىغا بولغان يۇقىرى دەرىجىلىك ھۆرمەت، دەيدۇ.

فارابى «پەزىلەتلىك شەھەر ئەھلىنىڭ قاراشلىرى توغرىسىدا» دېگەن كىتابىدا پازىل شەھەر ۋە پازىل جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئائىلىنىڭ پازىل بولۇشى، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئەقىللىق، بىلىملىك ۋە ئەخلاقلىق بولۇشىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ.

ئائىلە ھەققىدە رىزائۇددىن ئىبىن پەخرۇددىن «ئائىلە» ناملىق رىسالىسىدە ئائىلە مەدەنىيىتىنىڭ مىللەتكە بولغان جىددىي ئەھمىيىتىنى تەكىتلەيدۇ. ئۇ بىلىم بىلەن پەزىلەتنىڭ، پەزىلەت بىلەن مىللەتنىڭ بەخت – سائادىتىنى زىچ باغلىغان ھالدا مەدەنىيەتلىك ئائىلىنىڭ مىللەتنى مەۋجۇت قىلىدىغان تايانچ ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، ھەربىر ئائىلىنىڭ ساپاسى مىللەتنىڭ رېئال ساپاسى، مۇجەسسەم ئىقتىدارى (ھەرخىل ئىقتىدارلىرىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى) تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. مەلۇم تارىخىي دەۋردە ھېچكىمنىڭ ساپاسى، قەدىرلىنىشى، بايلىقى، مەنسەپ دەرىجىسى، شۆھرىتى ئۆزى تەۋە بولغان مىللەتنىڭ ساپاسى ۋە مۇجەسسەم ئىقتىدارىدىن ھالقىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس. ھەركىم ئۆز بەختى ۋە ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى تەۋە بولغان ئىنسان تۈركۈمىنىڭ ئىجتىمائىي مۇمكىنلىكلىرىدىن



ھالقىغان ھالدا خىيال قىلىشقا بېرىلسە، ئۇ خام خىيالچى بولۇپ قالىدۇ. شەخسنىڭ (جۈملىدىن ئائىلىنىڭ) تەقدىرى ئاخىرقى ھېسابتا مىللەت تەقدىرى تەرىپىدىن بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. بۇ مەسىلىنىڭ بىر تەرىپى. ھەربىر ئائىلىنىڭ ساپاسى، مۇجەسسەم ئىقتىدارى ۋە كامالىتى ئۆز مىللىتىنىڭ ساپاسىغا، مەنىۋى كامالىتىگە، قەدىر – قىممىتى، شۆھرىتى ۋە تەقدىرىگە مۇئەييەن (ھەممە ئائىلىلەرنىڭ بولغاندا مۇتلەق) تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئائىلىلەرنىڭ مىللەتنىڭ تەقدىرى ۋە كەلگۈسى مەنىۋى قىياپىتىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى ئائىلە تەتقىقاتىدىكى غايەت سېھىرلىك ئىجتىمائىي تېماتىكا.

ئائىلىلەرنىڭ مىللەتنىڭ تەقدىرى ۋە كەلگۈسىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى مەسىلىسى ئاڭلىق، مىللىي تۈركۈم ئېڭىغا ئىگە، تارىخىي جاۋابكارلىق ۋە تارىخىي بىناكارلىق تۇيغۇسىغا ئىگە ھەربىر ئەر – ئايالنىڭ قەلبىدىكى دائىم يورۇق ماۋزۇ بولۇشى لازىم. رىزائۇددىن ئىبىن پەخرۇددىن «ئائىلە» ناملىق رىسالىسىدە ئاياللارنىڭ بىلىم ۋە پەزىلەت مەدەنىيىتىنى مەركەز قىلغان ھالدا ئائىلىنىڭ مەدەنىي ساپاسى ۋە مەدەنىيەت مۇھىتىنى تىلغا ئالغان. ئۇنىڭچە، ئانىدا، بولغۇسى ئانىلاردا مىللىي مەدەنىيەت ئالامەتلىرى ئېتىبارسىزلىققا ئۇچرىسا، مىللىي تىل – يېزىق ۋە سەنئەت خارلانسا، بۇنداق ئانىلاردىن تەشكىل تاپقان مىللەت بارغانسېرى مىللىي مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرىدىن مەھرۇم بولىدۇ. ئۇنىڭچە، خۇددى ئانا ئۇرۇقى زامانىسىدىكىدەكلا، ئانا مىللەتنىڭ تەگرىسىدىن ئىبارەت. دەرۋەقە، بالىلارنى ئۆز مىللىي تىلىدا سۆزلەشكە، ئۆز مىللىي پاسونىدا كىيىنىشكە، چاچ شەكىللىرىنى ئۆز مىللىي ئۇسلۇبىدا ياساشقا، تۇرمۇش ئادەتلىرىدە مىللىي خاسلىقنى گەۋدىلەندۈرۈشكە ئۆگىتىشتە ئانىنىڭ ئۈلگىلىك رولى ۋە

تەربىيىۋى تەسىرى چوڭ. ئەمما، ئائىلىنى مىللەتنىڭ مەدەنىيەت بوستانلىقىغا ئايلاندۇرۇشتا ئاتىنىڭ رولىنى، مەكتەپ مائارىپىنىڭ رولىنى، جامائەتچىلىكنىڭ — مەشرەپ، نەشر ـ ئەپكار، جامائەت پىكرىنىڭ رولىنى كەم ھېسابلىغىلى بولمايدۇ.

## 3. ئائىلە تىپلىرى

ئائىلە تىپى بىلەن ھەرخىل تىپتىكى ئائىلىلەردىكى ئائىلە ئىچىدىكى مۇناسىۋەت تىپى ھەرقايسى جەمئىيەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئەھۋالىغا زىچ تۇتاشقان بولىدۇ.

ئائىلىلەرنى نىكاھ شەكلى بويىچە «پولوگامىيە»، «پونالويا»، «مونوگامىيە» قاتارلىق تىپلارغا بۆلۈشتىن تاشقىرى، يەنە ھەرقايسى جەمئىيەت تەرەققىياتى دەۋرلىرىگە ئاساسلىنىپ تارىخىي تۈرلەرگە ۋە سىنىپىي ـ تەبىقە تۈرلىرىگە ئايرىش مۇمكىن.

ئائىلىلەرنى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەجداد ـ ئەۋلاد تۈزۈلمىسى ۋە ئائىلىنىڭ ھەجىمى بويىچە ئۇلارنى «چوڭ ئائىلە»، «كىچىك ئائىلە»، «مۇرەككەپ تۈزۈلمىلىك ئائىلە» دېگەن ئۈچ ئاساسىي تۈرگە ئايرىش مۇمكىن. ئەلۋەتتە، بۇ تارىختىكى نىكاھ شەكلى بويىچە ۋە ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى بويىچە ئائىلىلەرنى تۈرگە ئايرىش بولماي، مۇھىمى يېقىنقى زامان ۋە ھازىرقى كۈندىلىك تۇرمۇشتا ساقلانغان ئائىلە تىپلىرىنى نەزەردە تۇتىدۇ.

«چوڭ ئائىلە» ئىبارىسى ئائىلە نوپۇسىنىڭ كۆپلىكى، ئائىلە ئۆي ـ خانىلىرىنىڭ كۆپلىكى، ئائىلە بايلىقى ۋە شۆھرىتىنىڭ چوڭلۇقىغا قارىتىلغان بولماستىن، ئەنئەنىۋى، پارچىلانمىغان بىرقانچە ئەۋلادتىن تەركىب تاپقان ئائىلىلەرگە قارىتىلغان. «چوڭ ئائىلە» ئېھتىمال تولىمۇ يىراق قانداشلىق،



ئۇرۇقداشلىق، نەسەبداشلىق تۈزۈمىدىن سارقىت قالغان بولسا كېرەك. بىز چىڭگىزخانىنىڭ پۈتۈن بالا ـ نەۋرىلىرىنى ئەتراپىغا يىغقانلىقىنى، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» رومانىدىكى ھەشەمەتلىك جيا ئائىلىسىنى ۋە فېئوداللىق يەر ئىگىلىكى دەۋرىدىكى بوۋا ـ موما، ئاتا ـ ئانا، ئوغۇل ـ قىز، نەۋرە ـ چەۋرىلەر بىر جامائە بولۇپ ياشايدىغان، ئائىلىدە يەنە كۆپلىگەن كېلىنلەر، خىزمەتچىلەر بولغان ئەنئەنىۋى ئائىلىلەرنى «چوڭ ئائىلە» تىپىگە مىسال قىلىمىز.

چوڭ ئائىلىلەر ئاساسىي ئىقتىسادىي ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ ئائىلە مۆتىۋەرى ئىلكىدە بولغانلىقى بىلەن ئائىلە ھەققىدىكى پاترىئارخاللىق قاراشلارنىڭ قويۇق ئادەت كۈچى نوپۇزىغا تايىنىپ ساقلانغان بولىدۇ. بىز باجىننىڭ «ئائىلە» رومانىدىكى چوڭ ئائىلە بىلەن ئۆزبېك دراماتورگى يازغان «كېلىنلەر قوزغىلىڭى» ناملىق سەھنە ئەسىرىدە چوڭ ئائىلىنىڭ فېئوداللىق ئىمتىيازچىلىقى قاتتىق سۆكۈلگەنلىكىنى كۆرىمىز. ئەمما، بۇرژۇئازىيە جەمئىيىتىدىمۇ چوڭ ئائىلىلەر ساقلانغان. ئۇنىڭدىن باشقا ئائىلە مۇناسىۋەتلىرىنى ئاقسۆڭەكلەرچە جىددىيلەشتۈرمىگەن، چوڭ ئائىلە شەكلىنى داۋاملاشتۇرۇشقا ھەم ھاجىتى ھەم ئاقىلانىلىقى بولغان چوڭ ئائىلىلەرمۇ مەۋجۇت.

ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە ياكى ئىجتىمائىي زۆرۈرىيەت ۋە تۇرار جاي شارائىتى بويىچە بىرقەدەر چوڭ ئائىلە شەكلىدە ساقلانغان كۆپلىگەن دېھقان، كاسىپ ۋە ئادەتتىكى خەلق ئائىلىلىرىمۇ مەۋجۇت. بۇ ھال «چوڭ ئائىلە» تىپى كىچىك ئائىلىلەرگە نىسبەتەن ئېيتىلغانلىقىنى، چوڭ ئائىلىلەردىمۇ چوڭ ـ كىچىكلىك، باي ـ گادايلىق، ھاكىممۇتلەق ـ شەپقەتدارلىق پەرقلىرى بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

«چوڭ ئائىلە» ئىبارىسى ھازىرقى كۈندە ئايرىم مۇستەقىل

ئائىلە بولۇپ چىقىپ كېتىش سالاھىيىتى بولغان ئوغۇل ـ كېلىن ئائىلىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ھېچبولمىغاندا يېرىم «مۇستەقىل» ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋە ئائىلىدە ئۈچ، تۆت ھەتتا (بۇ تولىمۇ ئاز) بەش ئەۋلاد ئەجداد ـ ئەۋلادنى تەمىنلەپ تۇرغان كۆپ بوغۇملۇق ئائىلىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

بۇنداق چوڭ ئائىلىلەردە باشقۇرۇش ھوقۇقى ئومۇمىي مۈلكىي ئىگىدارچىلىق قايسى قاتلام ئەۋلادتا بولسا، ياكى ئاساسلىق ئاتا ـ ئانا كىرىمى بولسا، شۇنىڭغا تەئەللۇق بولىدۇ. ئۆزى قېرىغان بولسىمۇ مۈلۈك ئىگىدارچىلىقىنى قولىدا تۇتقان فېئودال، ئاقسۆڭەك ياكى بايلار چوڭ ئائىلىدە ھۆكۈم قىلغۇچى بولۇشى مۇمكىن. ئوخشاشلا، قېرىغان ئاتا ـ ئانىنى ھۆرمەت بىلەن كۈتۈشكە قويۇپ، قاۋۇل ئاتا ـ ئانا ئائىلىنى باشقۇرغان بولۇشى مۇمكىن. مائاش ياكى ئۇدۇللۇق كىرىم مەنبە قىلىنغان چوڭ ئائىلىلەر بىلەن زور سالماقتىكى مۈلۈك، فوند ۋە ئامانەت سوممىسى كىرىم مەنبەسى قىلىنغان چوڭ ئائىلىلەردە ئائىلە باشقۇرۇش ھۆكۈم ھوقۇقى شۇ كىرىم مەنبەسىگە ئىگە قاتلامدا بولىدۇ.

چوڭ ئائىلىلەر مۇرەككەپ تۈزۈلمىگە ئىگە. ھەربىر قاتلامنىڭ ئىقتىسادىي ھەل قىلغۇچ كۈچى ۋە ئۇلارنىڭ پىكىر قىلىپىلىرىدا دەۋر پەرقلىرى ۋە مەدەنىيەت، تۇرمۇش تەجرىبە پەرقلىرى بولىدۇ. چوڭ ئائىلىلەرنىڭ ھەرقايسى قاتلام ۋە ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئەخلاقىي ئۆلچەملىرىدە ئورتاقلىق ۋە ئالاھىدىلىكلەر بولىدۇ.

چوڭ ئائىلە تىپى بىر مەزگىل خاتا ھالدا فېئوداللىق ئائىلە شەكلى دەپ قارىلاندى. گەپ، ئۇنىڭ ھەربىر كونكرېت ئائىلىگە خاس مۇناسىۋەت ۋە مەنىۋى قىياپەت خاراكتېرىگە باغلىق. چوڭ ئائىلىلەرنىڭ بىر قاتار ئەۋزەللىكلىرى ۋە چەكلىمىلىرى بولىدۇ.



مەسىلە ئۇنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىنى قانداق ھەل قىلىپ، ئەۋزەللىكلىرىنى قانداق جارى قىلىپ، مىللىي ئۇيۇشۇشچانلىق، ئەنئەنە ئىزچىللىقى ۋە ئەخلاقىي ئادەتلىرىنى كامالىغا يەتكۈزۈشتە.

«كىچىك ئائىلە» ئىبارىسى ئائىلە نوپۇسىنىڭ ئازلىقى، ئائىلە ئۆي ـ خانىلىرىنىڭ چاقىقانلىقى، ئائىلە بايلىقى ۋە تەسىرىنىڭ كىچىكلىكىگە قارىتىلغان بولماستىن، تولا ھاللاردا چوڭ ئائىلە پەرزەنتلىرىنىڭ چوڭ ئائىلە ھىمايىسىدە ياكى چوڭ ئائىلىدىن يىراقراق خىزمەت مۇھىتىدا قۇرغان مۇستەقىل ئائىلىگە قارىتىلغان. بەزى چوڭ ئائىلىلەر پارچىلىنىش ۋە چوڭ ئائىلىدىكى پېشقەدەملەرنى كۈتۈش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىش شەكلىدە كىچىك ئائىلىلەر كېلىپ چىقىدۇ.

گەرچە، كىچىك ئائىلە تىپى يىراق ئۆتمۈشتە مەۋجۇت بولسىمۇ، كىچىك ئائىلە تىپى ئەنئەنىسىنى ئىنكار قىلغىلى بولمىسىمۇ، كىچىك ئائىلىلەر مۇقىم كۆچمەس مۈلۈك، نۇرغۇن سومملىق فوند ياكى سەرمايە زاپاسلىرى بولمىغان، تولىسى مائاشقا ۋە دائىملىق، ئۇدۇللۇق كىرىمگە تايىنىپ ياشايدىغان ئائىلىلەرنىڭ تۇرمۇش تەشكىلىدىن ئىبارەت.

كىچىك ئائىلىلەرنىڭ چوڭ ئائىلە يېنىدا، چوڭ ئائىلە ھىمايىسىدىكى شەكلىمۇ، چوڭ ئائىلىسىز ياكى چوڭ ئائىلىنىڭ پارچىلىنىشى ياكى ئاجىزلىشىشىغا ۋارىسلىق قىلىپ قالغان شەكىللىرىمۇ بولىدۇ. ئەر ـ خوتۇن مەركەز قىلىنغان، پەرزەنت، بەزىدە ئاتا ياكى ئانىلىرى (ئەرنىڭ ياكى ئايالنىڭ) بولغان مۇنداق يىغىنچاق ئائىلىلەر كىچىك ئائىلىنىڭ ئەڭ كۆپ تارقالغان شەكلىدۇر.

چوڭ ئائىلىلەر بىلەن كىچىك ئائىلىلەر تەدرىجىي بىر ـ بىرىگە ئايلىنىشى مۇمكىن. بىرمۇنچە ئائىلىلەر ئەنە شۇنداق

ئۆتۈش ھالىتىدە بولىدۇ.

«مۇرەككەپ تۈزۈلمىلىك ئائىلە»لەر ھەرخىل ئىجتىمائىي سەۋەبلەر بىلەن مەيدانغا كەلگەن، ئادەتتىكى نىكاھ ۋە قانداشلىق ئالاقىلىرى ئاساسىدا ساقلانغان چوڭ ياكى كىچىك ئائىلىلەر تۈزۈلمىسىدىن ئىبارەت. بۇ خىل ئائىلىلەر بىرەر چوڭ ئائىلە ياكى كىچىك ئائىلىنىڭ ئەركەك ئەزالىرىنىڭ مۇستەقىل يەنە بىر خوتۇنلۇق ئائىلە تۇتۇشى؛ كۆپ خوتۇنلۇق ئائىلىلەر؛ باشقا ـ باشقا ئاتا ـ ئانىلار ۋە پەرزەنتلەردىن تۇرلۇك سەۋەبلەر بىلەن مەيدانغا كەلگەن ئائىلىلەر؛ قازا قىلغۇچى ئوغۇل ياكى قىز ئورنىغا ئۇنىڭ ھايات قېرىنداشلىرىنى چېتىپ قويۇشتىن قايتا تەشكىللەنگەن ئائىلە؛ ۋاپات بولۇش ئالدىدىكى ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن ئائىلە باشلىقى بولۇپ، يېتىم ـ يېسىرلارنى كۈتۈشنى ئۈستىگە ئالغان ئائىلە قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئۆلۈم ھادىسىسى بىلەن جۈپتىسىز قالغان، بولۇپمۇ شۇ خىلدىكى ياشانغان كىشىنىڭ ئائىلىسىنى يەنە ئائىلە دەپ قاراش مۇمكىن. نىكاھ ئۇقتىسىدىن ئالغاندا، نىكاھدىن ئايرىلىش بىلەن تۇل ياكى بويتاق ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ تىرىكچىلىك ماكانلىرى ئائىلە ھېسابلانمايدۇ. گەرچە، ئىنسان ھاياتى، جۈملىدىن، ئائىلە تارىخى يېتىم ـ يېسىرلىق، بويتاقلىق ۋە تۇللۇق، ياشانغان ۋاقتىدا جۈپتىدىن ئايرىلغان بويتاقلىق، ئاسراندىلىق، قايتا يېنىشىۋېلىش ياكى قايتا نىكاھلىق بولۇش، ياشانغانلارنىڭ نىكاھلىق بولۇشى قاتارلىق ئائىلىۋى ھادىسىلەردىن خالىي بولۇشى مۇمكىن بولمىسىمۇ، ھەتتا دۆلەت باشلىقلىرى، دىنىي رەھبەرلەر، پاراۋان ئائىلىلەرمۇ خۇددى ئاۋام خەلقتەك بۇ ھادىسىلەرنى توسۇشقا ۋە بۇنداق قىسمەتلەردىن ساقلىنىشقا چارىسىز بولسىمۇ، نىكاھلىق يېشىدا نىكاھسىز تۇرمۇش



كەچۈرۈش ئائىلە تۇرمۇشى ھېسابلىنالمايدۇ. بۇنداق قاراش ئۇلارنىڭ نىكاھلىق ئائىلىگە ئېرىشىپ ئۆز تۇرمۇشىنىڭ شەرم ـ ھايا ۋە ھەقىقىي ئائىلىۋى مەدەنىيەت مۇھىتىدا ئۆتۈشى زۆرۈرلىكىنى سېزىپ يېتىشى ئۈچۈنمۇ زۆرۈردۇر. بىلىش لازىمكى، ئائىلە نۇرانە مەدەنىيەت ۋە ئەخلاق بارگاھىدىن ئىبارەتتۇر.

## 4. ئائىلىۋى مۇناسىۋەت تىپى

«ئائىلە تىپى» بىلەن «ئائىلىۋى مۇناسىۋەت تىپى» باشقا ـ باشقا ئىككى كاتېگورىيە. ئەگەر ئائىلە تىپى ئائىلىنىڭ تۈزۈلمە شەكلىنى نەزەردە تۇتسا، ئائىلىۋى مۇناسىۋەت تىپى ئائىلىنىڭ ئىچكى مۇناسىۋەت مەزمۇنىنى، ئائىلىنىڭ ئىچكى خاراكتېرى ۋە مەدەنىيەت شەرتلىرىنى ئەكس ئېتىدۇ.

مەلۇمكى، ئائىلە كىچىكلىتىلگەن جەمئىيەت، كىچىكلىتىلگەن مۇناسىۋەت تورى، كىچىكلىتىلگەن ئەخلاقىي مەدەنىيەت قورغىنى. بۇنىڭدا ئائىلە ئەزالىرىنىڭ، بولۇپمۇ ئەر ـ ئايالنىڭ ئۆزئارا ۋە باشقىلارغا قاراتقان مۇناسىۋىتىنىڭ مەدەنىيەت تىپى گەۋدىلەنگەن بولىدۇ. روشەنكى، ئائىلىۋى مۇناسىۋەت تىپى ماھىيەتتە ئائىلە مەدەنىيەت تىپىنىڭ مۇھىم بىر قىسمىدىن ئىبارەت.

1. دېموكراتىك مۇناسىۋەت تىپى ۋە ھاكىممۇتلەقلىق مۇناسىۋەت تىپى

بۇ يەردىكى «دېموكراتىك» ۋە «ھاكىممۇتلەقلىق» ئىبارىلىرى بىر تەرەپتىن دۆلەتنىڭ سىياسىي تۈزۈمى كاتېگورىيىسىگە تەئەللۇق بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىن سىنىپىي جەمئىيەتكە ئۆتۈشتىكى ئائىلە ئارىستوكراتىيىسى زامانىدا مەيدانغا كەلگەندى. قانداق

بولۇشتىن قەتئىينەزەر بۇ ئىبارىلەر ئائىلىلەر ئۈچۈن، بولۇپمۇ بىرقانچە كىچىك نىكاھ بىرلىكى (كىچىك ئائىلە) نى ئۆز ئىچىگە ئالغان چوڭ ئائىلىلەر ئۈچۈن ئارىيەت ئېلىنغان ئىبارە بولۇپ، ئومۇمىيلىق جەھەتتە بىر ئائىلىدىكى سىنىپىي مۇناسىۋەت دېگەن مەنىنى بىلدۈرمەيدۇ.

ئەسلىدە ئائىلىلەرنىڭ بۇ خىل مۇناسىۋەت تىپلىرى ھەرقايسى جەمئىيەت تۈزۈملىرىنىڭ دېموكراتىك كىشىلىك مۇناسىۋىتى ياكى ھاكىممۇتلەقلىق كىشىلىك مۇناسىۋىتىنىڭ ئائىلىۋى شەكلىدىن ئىبارەت ئىدى. ئەمما، ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، دېموكراتىك كىشىلىك مۇناسىۋەتلىرى تەرغىب قىلىنىدىغان ياكى مەۋجۇت بولغان، ئۈستۈنلۈك ئالغان ئىجتىمائىي مۇھىتتىمۇ ئائىلىدە ھاكىممۇتلەقلىق قاراشلىرى، ئۆلچەملىرى، ئىستىلى ساقلانغان ئەھۋاللار بولىدۇ. ئوخشاشلا، ھاكىممۇتلەق كىشىلىك مۇناسىۋەتلىرى مۇھىتىدىمۇ ئىنسانپەرۋەر ئائىلىۋى مۇناسىۋەتلەر ساقلانغان بولىدۇ.

ئائىلىۋى مۇناسىۋەتتىكى دېموكراتىك ياكى ھاكىممۇتلەق مۇناسىۋەت ئايرىم ئوخشاپ كەتكەن ھالقىلار بىلەن ئەمەس، بەلكى بىر پۈتۈن شۇ خىل خاراكتېر ئالغان تەقدىردىلا شۇ خىل تىپ بولالايدۇ.

ئائىلىۋى مۇناسىۋەتتىكى بۇ خىل تىپ مۇھىمى ئائىلىنىڭ ئىلگىرىكى ئائىلىۋى نەسەبكە ۋارىسلىقى، ئائىلىنىڭ كېلەچەكسىزلىكى ياكى ئەمەسلىكى، نىكاھ مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئەركىن - ئىختىيارىي بولغانلىقى ياكى ئىلگىرىكى ئائىلە مۇھىتىدا نەسەب نوپۇزى، پۇل، مال مۇناسىۋىتى بىلەن زورمۇزور مەيدانغا كەلگەنلىكى، ئەتراپتىكى قانداش ئائىلىلەردە مۇنداق تاقابىل تۇرۇشقا شەرتلىك ئائىلىلەرنىڭ بار - يوقلىقى، كۈچلۈك - ئاجىزلىقى قاتارلىقلارنى تاشقى سەۋەب ۋە تاشقى شەرت



قىلغان بولىدۇ.

ئائىلىۋى مۇناسىۋەتتىكى دېموكراتىك ياكى ھاكىممۇتلەق تىپ ئىچكى سەۋەب ياكى ئىچكى ئامىل نۇقتىسىدىن ئائىلىنىڭ ئاتاقتىكى ياكى ئەمەلىي ئىش باشقۇرۇشتىكى ئائىلە باشلىقى ياكى خوجىدارنىڭ كىشىلىك قارىشى، ئىرادە تۈزۈلمىسى، پىكىر قىلىش خاراكتېرى، مۇئامىلە ئىستىلىگە باغلىق بولىدۇ. ئومۇمەن، ئۆز نەزەر دائىرىسى، ئۆز نەزەرىدىكى مودېل، ئوبراز، ئۆزى كۆتكەن تەلەپ بىلەن ئائىلە ئەزالىرىنى بىر نۇقتىغا مۇتلەق بويسۇندۇرۇشقا ئۇرۇنۇش، بولۇپمۇ ئائىلىدىكى كېلىن، كۈيئوغۇل، ئاسراندى باللار، ئاجىز قېيناتا - قېينانىلارنى سوغۇق مۇناسىۋەت ئوبيېكتى قىلىش ئائىلىۋى مۇناسىۋەتتىكى ھاكىممۇتلەقلىق ھېسابلىنىدۇ. ئەكسى ھالدا ئۆز تەلىپى بىلەن ئۆزگىلەرنىڭ ئورۇندىشى ئارىلىقىدىكى يېتەرسىزلىككە تاقەت قىلىش، ئاستا - ئاستا ئىلھام بېرىش، ھەرخىل پىكىر، كۆڭۈللەرگە رەھىمدىللىك بىلەن قۇلاق سېلىش، تەشەببۇسكارلىق، قارشى پىكىرلەرنى ئاڭلاش، ئىجابىي تەرەپلىرىگە كۆز يۈگۈرتۈش، رىغبەتچان ۋە ئەپۇچانلىقنى بىرلەشتۈرۈش ئائىلىۋى مۇناسىۋەتتىكى دېموكراتىك ئىستىل ۋە روھ ھېسابلىنىدۇ.

ئائىلىدە ھاكىممۇتلەق ئورۇندا تۇرۇشقا ئىنتىلىش بىر خىل ئاڭ بولۇپ، ئۇ ھەتتا خاراكتېر تۈسىنى ئالىدۇ. «چوڭ ئەركەكچىلىك» دەپ ئاتىلىدىغان پاتىرىئارخات قەبىلە باشلىقلىق ئېڭى ياكى سۇنغان ئاقسۆڭەك، ئەمەلدارلاردەك ئەسلى سەلتەنىتىنى جەمئىيەتتە ئەسلىگە كەلتۈرەلمەي ئائىلىدە زوراۋانلىق يۈرگۈزىدىغان خاھىش، ئاياللاردا «چوڭ ئەركەكچىلىك» تىن مۇداپىئە كۆرىمەن دەپ، ھەممىنى باشقۇرۇشقا ئىنتىلىش ئىستىلى ئۇنىڭ ئىپادىسىدىن ئىبارەت.

ئائىلە مۇناسىۋىتىدىكى ھاكىممۇتلەق تىپنىڭ ھەممىسى ئەرنىڭ ئايالغا ياكى ئايالنىڭ ئەرگە قارىتا غەيرىي دېموكراتىك مۇئامىلىدە بولۇشىدىلا ئەمەس، بەلكى كۆپ ھاللاردا ئەر - ئايال بىرلىشىپ ئائىلىدىكى ئىنسانىي قەدىر - قىممىتى بولغان كۆيئوغۇل، كېلىن ۋە ئاسراندى، ئۆگەي پەرزەنت كەبى ئائىلە ئەزالىرىنىڭ، بولۇپمۇ بىۋاسىتە قانداشلىق مۇناسىۋىتى يىراق بولغان يۇقىرىدىكىدەك ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە ئېتىبارسىزلىق قىلىشىدا روشەن گەۋدىلىنىدۇ. ئېيتىش كېرەككى، ئەركەك ياكى ئايال ھاكىممۇتلەق ئارقىلىق پاتىرىئارخات زوراۋان ياكى ماتىرىئارخات زوراۋانغا ئايلىنىشى مۇمكىن. ھەر ئىككى ھالەت ئۇلارغا ۋە ئائىلىگە بەخت كەلتۈرمەيدۇ.

ئائىلە — كېڭەشتۇر. مۇھەببەت — دائىمىي قىزغىنلىق پەرۋىشىدىن ئىبارەت. پەقەت كېڭەش ئارقىلىق مۇھەببەتلىك ئائىلە ئۇلىنى چىڭىتىش مۇمكىن.

ئېيتىش كېرەككى، ئوقۇمۇشلۇق، ئادىل، كۆكسى - قارنى كەڭ ئەرلەر - ئاياللار ئائىلىنى ئۇلگىلىك ئۆلچەم بويىچە مەركەزلىك باشقۇرىدۇ، دېموكراتىيە نامىدا يۈز بېرىدىغان پاتىپاراقچىلىق، باشباشتاقلىق ۋە ئەدەب - ئەخلاقسىزلىققا يول قويمايدۇ. ئۇلار يەنە مۇنداق ئائىلە تۈتۈش ئۆلچەملىرىنى بىر قاتار ئىدىيىۋى، پسىخىك ۋە سەنئەت چېۋەرلىكلىرى بويىچە، ھەممىنى رازى قىلىدىغان، ئائىلە ئەزالىرىنى كامالەتكە يېتەكلەيدىغان قىلىپ باشقۇرىدۇ. بۇنداق ئائىلىدىن نادىر پەرزەنتلەر تەربىيىلىنىپ چىقىدۇ.

2. مۇستەقىل مۇناسىۋەت تىپى ۋە بېقىندى (يۆلەنمە) مۇناسىۋەت تىپى

بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان ئىككى قارىمۇ قارشى تىپنى



سىياسىي مەنىدە، مۇتلەق مەنىدە چۈشەنمەسلىك لازىم. بۇ ھەرقايسى ئائىلىلەردە مۇتلەق مۇستەقىل ياكى مۇتلەق يۆلەنمىلىك بولۇشنى تەلەپ قىلمايدۇ، ئەكسىچە ئۆزئارا ھەمكارلىق ۋە گارمونىيىلىك مۇناسىۋەتنى تەلەپ قىلىدۇ.

بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان مۇستەقىل ياكى يۆلەنمە مۇناسىۋەت ئومۇمەن ئائىلىلەرنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئەخلاقىي مۇناسىۋەت تەرتىپىگە قارىتىلغان. چوڭ ئائىلىلەر ئىچىدىكى كىچىك ئائىلىلەر، ھەتتا چوڭ ئائىلىلەردىن ئايرىلىپ چىققان يېڭى كىچىك ئائىلىلەر مەيلى ئىقتىسادىي شەرت ياكى ئائىلىۋى ئەخلاق، رىشتە تۈپەيلى يەنىلا چوڭ ئائىلىگە يۆلەنگەن بولىدۇ. بۇ نورمال، ساغلام ھادىسە. ئوخشاشلا بىرقانچە مۇستەقىل كىچىك ئائىلىلەر نامدا چوڭ ئائىلە دەپ ئاتالغان ئىقتىسادىي يۆلەنچىسى ئاجىز ئاتا - ئانىلار ئائىلىسىنى ماددىي ۋە پەرزەنتلىك رىشتى، ئەخلاقىي جەھەتتە تەمىنلەيدۇ، يۆلەيدۇ. بۇمۇ نورمال ۋە ساغلام ھادىسە.

ئەمما، ئائىلىۋى مۇناسىۋەتتە، مەنىۋى جەھەتتە، تەڭ بوغۇن قاتلىمىدا تۇرغان ھالەتتە پىكىر، ئىرادە ۋە مەيل - خاھىشتا بىرسى يەنە بىرسىنى بېقىندۇرۇشقا ئۇرۇنۇش، بولۇپمۇ بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى قېرىنداشلار مۇناسىۋىتىدە ئۆسۈپ بېرىشى ئېھتىمال بولغان بۇ خىل خاھىش ئۇنىڭ مۇھىم ئىپادىلىرىدىن ئىبارەت.

ئېيتىش كېرەككى، ئاتا - ئانا بىلەن پەرزەنت، يېشى چوڭلار بىلەن كىچىكلەر، ئىقتىسادىي كىرىم جەھەتلەردىكى پەرقلەر بىلەن بولىدىغان مۇناسىۋەت قاتلىمىنى بۇنىڭغا كىرگۈزمەسلىك لازىم. بولمىسا ئائىلە ئەدەب ۋە ئەنئەنە، قاتلام جەھەتلەردە تەرتىپسىز بىر جىدەلخانىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

بېقىندۇرۇش بىلەن بېقىنىش ھەر ئىككىسىنى خالايدىغان

كىشىلەرمۇ بولىدۇ. بېقىندۇرۇشتىن ئىپتىخار، بېقىنىشتىن خاتىرجەملىك ھېس قىلغۇچىلارمۇ بولىدۇ. ئەمما، بىز بېقىندۇرۇش ھەتتا خارلاش نەزەرىدە بېقىندۇرۇشنى ئەيىبلەيمىز. ئۇ ئىنسانپەرۋەرلىككە زىت مەنىۋى زۇلۇم، جىسمانىي ھاقارەتتۇر. ئېرى ئۆز ئايالىنى ھەممە جەھەتتە قۇللارچە بېقىندۇرۇشنى ئەرنىڭ غۇرۇرى دەيدىغان ياكى ئايالى تولىمۇ مەتۇ ئەرگە تېگىۋېلىش ھېسابىدا بولمىغۇر قىلمىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئائىلىلەر قاتتىق ئەيىبلىنىشى لازىم.

ئائىلە باشلىقىنىڭ ئائىلىدىكى يېتەكچى رولى ۋە نوپۇزى بېقىندۇرۇش ھېسابلانماسلىقى، جۈملىدىن ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئۆزى بىلگەن سەنەمگە ئۇينىشى مۇستەقىل مۇناسىۋەت دەپ قارالماسلىقى كېرەك.

### 3. ئىناق مۇناسىۋەتلىك ئائىلە تىپى ۋە رىشتىسى ئاجىزلاشقان ئائىلە تىپى

ئومۇمەن ئائىلىدە ئەر ـ ئايال مۇناسىۋىتى قىزغىن، راۋان داۋام قىلىۋاتقان ئائىلىلەر ئىناق مۇناسىۋەتتىكى ئائىلە دېيىلىدۇ. بۇنداق ئائىلىلەر ئەقىل، بىلىم، ئەخلاق، مۇھەببەت، ساداقەت، قىزغىنلىق، ئائىلە سەنئىتى، شېئىرىي تۈس ئالغان بولىدۇ. بۇنداق ئائىلىلەردە ئاساسەن ئائىلىۋى زېرىكەرلىك، سۇسلۇق بولمايدۇ. بۇنداق ئائىلىلەر روھىيەت جەھەتتىن تاشقىرى، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئوچۇق ـ ئاشكارا، پىلانچان، تېجەشلىك بولىدۇ. بالىلار تۇرمۇشىمۇ ئىللىق مۇھىتتا قىزغىن كەيپىياتتا ئۆتىدۇ.

ئەكسى ھالدا ئائىلىۋى مۇناسىۋەت رىشتىسى سۇسلاشقان، قىزغىن، ئىناقلىق سوۋۇغان، زېرىكىش ۋە دەرگۇمانلىق ئۈستۈن ئالغان، ئەر ـ ئايال بىر ـ بىرىنىڭ سىرىنى بىلەلمەي ئۆزى بىلگىنىچە گۇمانىي پەرەز قىلىپ تۇرىدىغان، پات ـ پات يەڭگىل



غىژىلدىشىپ قالىدىغان ئائىلىلەر بولىدۇ. بۇ خىل ئائىلىلەر تەشكىللىنىشتىن باشلاپلا شۇنداق بولۇشى ياكى كېيىنچە ئىناقلىقتىن سوۋۇپ شۇنداق بولۇشى مۇمكىن. ئائىلىۋى تۇرمۇش ئىسپاتلىدىكى، ئومۇمەن، ماھىيىتى ياخشى، مەرىپەتلىك ئائىلىلەر ئۆز ئائىلىسى تارىخىدا يۈز بەرگەن ئوڭۇشسىزلىقلارنى يېڭىپ، گۇمانلارنى يېشىپ، ئىغۋالارنى رەت قىلىپ ئىناق، ھەتتا مۇھىم ساۋاقلار ئالغانلىقى تۈپەيلى تېخىمۇ ئىناق ئائىلىگە ئايلىنىشقا قادىر.

رىشتىسى سۇسلاشقان ئائىلە مۇناسىۋەت تىپىگە شۇ بىر مەزگىلدە ئائىلىنىڭ ئاساسىي ئۇلى بولغان ئەر ـ ئايالنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان تونۇشى، ئىشەنچىسى ۋە قەدىر ـ قىممەت ئىپادىلەش بۇرچىدا ئىللەت پەيدا بولغان ھەرخىل ئائىلىلەر كىرىدۇ. كىشىلىك تۇرمۇش مۇرەككەپ بولغىنىدەك، بۇنداق ئائىلىۋى رىشتىنىڭ سۇسلىشىشىغا بولغان سەۋەبلەر بىلەن بۇ خىل سۇسلاشقان رىشتىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكىللىرىمۇ ھەر خىل. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئەر بىلەن ئايالنىڭ ئۆز قەلبىدە مەنىۋى ھەمكارلىقنىڭ بولماسلىقى، ھەتتا ئۇنىڭ توسقۇنلۇققا ئايلىنىشى ياكى ئەر بىلەن ئايالنىڭ بىرسىدىكى مەنىۋى ھەمكارلىق خاھىشىنى ئىپادىلەپ بېرىشكە مۇمكىنلىك ۋە ئىشەنچىنىڭ بولماسلىقى، ئۇنىڭ رەت قىلىنىشىنى ئائىلىدە ساغلام، نورمال مۇناسىۋەت رىشتىنى سۇسلاشتۇرۇشتىكى ئاساسىي سەۋەب دېيىشكە بولىدۇ. بۇ مىڭلىغان ـ مىليونلىغان مىساللار ـ ھادىسىلەر بىردەك ئىسپاتلىغان ماھىيەتلىك سەۋەبتۇر.

ئائىلىۋى مۇناسىۋەت رىشتىنىڭ سۇسلىشىشى ئائىلە مۇناسىۋىتىدىكى بوھران ھالىتىنى شەكىللەندۈرۈشى مۇمكىن. بىز كۆپ ئۇچراتقان ئەھۋال ئومۇمەن نىكاھدىن ئاجرىشىش بىلەن

قايتا يارىشىشنىڭ كۆپلەپ تەكرارلىنىشى؛ نىكاھدىن ئاجراپ قايتا يېڭى نىكاھلىق بولۇش؛ نىكاھدىن ئاجراپ نىكاھسىز ئۆتۈش ياكى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئائىلىنى ئىناق ئائىلىگە ئايلاندۇرۇش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.



# بەشىنچى باب مۇھەببەت مەدەنىيىتى مەسىلىلىرى

«ئىنسان ئەقىل ـ ئىدراكتىن چەتنەپ كەتكەندە، ھەتتا ئۆزىنىمۇ چۈشىنەلمەي قېلىشى مۇمكىن.»

— تالىرات

## 1. مۇھەببەت ۋە ئېتىقاد

كىشىلىك — ئىنساننىڭ شەخسىي تۇرمۇشى بىلەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ تارىخى ۋە رېئال مۇجەسسىمىدىن ئىبارەت. بىز «كىشىلىك» دېگەندە مۇئەييەن تارىخىي دەۋردىكى مۇئەييەن ئىنسان تۈركۈمىنىڭ شۇ بىر رېئال دەۋرگە مەنسۇپ شەخسىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى نەزەردە تۇتىمىز. كىشىلىكنىڭ پاجىئەسى بىلەن ئۈمىدى، بەختى بىلەن ئارزۇلىرى شۇ دەۋرنىڭ مەدەنىيەت دەرىجىسى، ئۇ تەۋە بولغان ئىنسان تۈركۈمىنىڭ — مەملىكەت ۋە دۆلەتنىڭ تۇرمۇش مۇمكىنچىلىكلىرى، بەخت قارىشى، ئەخلاق ئۆلچىمى، ئەنئەنە جۇغلانمىسى، روھىي قىياپىتى قاتارلىق تارىخىي، رېئال ۋە تۈركۈمدىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ كونتروللۇقىغا ئۇچرايدۇ. رېئال تۇرمۇشتىن ئايرىلىپ ئەپسانىلاردەك بەخت ھەۋەسلىرىگە بېرىلىش، ئۆزى تەۋە ئىنسان تۈركۈمىدىن ئايرىلىپ باشقا ئىنسان

تۈركۈملىرى سائادەت مۇمكىنلىكلىرىنى كىشىلىك ئۆلچىمى قىلىش ئەخمەقلىق ياكى خام خىيالغا بېرىلىشتۇر.

مۇھەببەت — كىشىلىك مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشىدىكى ئاساسلىق بىر ھالقا. بىر مىللەتنىڭ مۇھەببەت قارىشى ۋە ئۇنىڭ رېئال تۇرمۇشتىكى ئىپادىلىنىشى شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيەت دەرىجىسى ۋە مەنىۋى قىياپىتىگە باغلىق. ئوخشاشلا، بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت دەرىجىسى ۋە مەنىۋى قىياپىتى شۇ مىللەتنىڭ مۇھەببەت، جىنسىيەت، نىكاھ ۋە ئائىلە، پەرزەنت ۋە تەربىيە ھالىتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. شۇ سەۋەبلىك كەلگۈسىشۇناسلار بىر مىللەتنىڭ يېقىن كەلگۈسىدىكى تەقدىرىگە ھۆكۈم قىلغاندا، باشقا ئامىللار بىلەن بىللە شۇ مىللەتنىڭ مۇھەببەت، ئائىلە ۋە تەربىيە مەدەنىيىتىنىڭ ئاڭ ۋە پائالىيەت سۈپەتلىرىنى مۇھىم ئۆلچەم قىلىدۇ.

مۇھەببەت — مەدەنىيەت كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ. ئۇ ئائىلە نۇقتىسىدىنلا ئەمەس، يەنە ھەقىقىي مۇھەببەتنىڭ مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى، مەدەنىيەت سۈپىتى ۋە مەدەنىيەت - سەنئەت ۋاستىلىرى نۇقتىسىدىنمۇ مەدەنىيەت ھادىسىسىدۇر.

مۇھەببەت مەسىلىسىدە، بولۇپمۇ ئائىلىدە ئۇزاق ياشاش جەريانىدا يۈز بەرگەن مۇھەببەت زىددىيەتلىرىدە كۆرۈلگەن تۈرلۈك تۈمەن ماجىرالارنى ئومۇملاشتۇرغاندا تۆۋەندىكى بىرقانچە مەسىلىگە توپلىنىدىكەن. بۇ ھەقتە توختىلىش مۇھەببەت مەدەنىيىتى تەربىيىسى ئەھمىيىتىگە ئىگە. بىلىش لازىمكى، مۇھەببەت تەربىيىلىنىشنى ھەممىدىن جىددىي تەلەپ قىلىدىغان دائىرىدۇر. بۇ جەھەتتە بولۇشقا قويۇۋېتىش ياكى نوقۇل جىنسىيەتكە، گۈزەللىككە، ئىقتىسادقا ۋە تىزگىنلەشكە يۆلىنىش بىر تەرەپلىمىلىكتۇر.

مۇھەببەتتە تەربىيىلىنىش ئۆزلۈكىدىن ۋە ئۆز - ئۆزىگە



تەنقىدىي قاراپ چىقىش ئاساسىدا بولغاندىلا ئۇنۇم ھاسىل قىلىشى مۇمكىن.

مۇھەببەت — گۈل، پەرۋىش قىلىپ تۇرمىسا سولىدۇ. مۇھەببەتتە سۇسلىشىش ۋە قايتا كۆچىيىش رىتىمى بولىدىغانلىقىنى ئېتىبارسىز قالدۇرماسلىق لازىم. بەزىدە ئۆز مەھبۇبى خۇددى «قايتا كەشىپ» قىلىنغاندەك تېخىمۇ نۇرانە بولۇپ جىلۋىلىنىدۇ. بەزىدە ئۇ «ھە، ھە» دەپ كۆن ئۆتكۈزۈلىدىغان ئوبيېكتقا ئايلىنىدۇ. مانا بۇ سۇسلىشىش ۋە كۆچىيىش قانۇنىيىتىنىڭ ئالامىتى.

مۇھەببەت — ئوت، ئۇنى قالاپ تۇرمىسا، كوچلىسا، ئۆچىدۇ، سورۇلىدۇ. مۇھەببەت ئاسراشقا، پەرۋىشكە موھتاج. بۇنداق ئاسراش، پەرۋىش ھەربىر ئەر - خوتۇننىڭ مەنىۋى قىياپىتىگە ئەمەس، يەنە ئۇنىڭ مۇھەببەت تەربىيىسى ھەققىدىكى خاس بىلىمىگە، تەجرىبىسىگە، روھىي جەھەتتىكى يېتىلىشىگە ۋە بىرقەدەر مەنىۋى تۇرمۇش سەنئىتىگە باغلىق.

مۇھەببەت مەدەنىيىتىدە ھەل قىلىش لازىم بولغان بىرىنچى ئاڭ مۇھەببەت بىلەن ئېتىقادنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى بىلىشتىن ئىبارەت.

كۆپلىگەن غەرب مۇئەللىپلىرى مۇھەببەت مەدەنىيىتى توغرىسىدا سۆز ئاچقاندا بىرىنچى ئورۇنغا جىنسىيەت ۋە جىنسىيەت مەدەنىيىتىنى قويۇۋاتقاندا، بىزنىڭ ئېتىقاد مەسىلىسىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشىمىزمۇ دەل مۇھەببەتنىڭ ئائىلىۋى ۋە ئىجتىمائىي قىممىتىنى تەكىتلەش ئۈچۈندۇر.

مەلۇمكى، ئېتىقاد بېغىشلانماق، غايە تۇتماق ۋە ئۇنىڭغا ئىشەنچ (ئىمان) قىلماق، بۇ خىل ئېتىقادنى ۋىجدانەن ساقلىماق — ئەقىدە قىلماقتۇر. ئېتىقاد، ئۇ كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھەسىدە — ئىجتىمائىي، سىياسىي غايە -

مەسلەك، ئەخلاق، دىنىي ئىدېئولوگىيە، ئىلىم ـ پەن ئېتىقادى، ئائىلە ـ مۇھەببەت ئەقىدىسى قاتارلىق ساھەلەر بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋەتلىرىدە غايەت زور تەسىر سالمىقىغا ئىگە مۇھىم ۋە روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە ئېتىقاد ئىبارەت. ئېتىقادنى نوقۇل دىنىي سېغىنىش، ھەتتا خۇراپىي دوگماتىزم، جاھىل زاھىتكەشلىك دېيىش تولىمۇ يەڭگىللىك ھۆكۈمدۇر.

مۇھەببەت ئېڭى ئاددىيلا ئاڭ بولماي ئېتىقاد دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن ئاڭدۇر. مۇھەببەتنىڭ ھەربىر كىشىگە مۇھىملىقى، مۇھەببەتنىڭ ئائىلىدە ھەل قىلغۇچ قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكى، ئۆمۈر تارىخى بىلەن ئائىلە تارىخىنىڭ نەچچە ئون يىللاپ داۋاملىشىشى دەل مۇھەببەتنىڭ ئېتىقاد تىپىدىكى ئاڭ ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ. بىز كىنو ـ رومانلاردا غەرب ئىنسان تۈركۈملىرىنىڭ ھازىرقى تۇرمۇشىدىكى ئاتالمىش «قەھۋەخانا مۇھەببىتى» ، «مەيخانا ياخشى كۆرۈپ قېلىشى»نى ھەقىقىي مەنىسىدىكى مۇھەببەت ئېڭى دېيەلمەيمىز. ئۇ ۋاقىتلىق خاھىش بولۇپ، ئۆمۈرلۈك ئېتىقاد ئېڭى ئەمەستۇر.

سۆز ئارىسىدا شۇنى ئېيتىش كېرەككى، ھازىرغىچە غەرب ـ شەرق ئىنسان تۈركۈملىرى ئۇزۇن ـ كېسىل مۇتلەق مەنىدە بولمىسىمۇ مۇنداق ئۈچ خىل ئومۇم كىشىلىك قاراش تىپىنى روشەن ئىپادىلەشتى:

بىرىنچى خىلى، ئىنسان بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى كىشىلىك قاراش ئۆلچىمى قىلغان تىپ. بۇ قەدىمكى گرېكلاردىن تاكى ھازىرقى غەربىي ياۋروپا ـ ئامېرىكا ـ ئاۋسترالىيىلىكلەردە كەڭ تۈردە ئىپادىلەندى. ئۇلار تەبىئەت تەتقىقاتى (پەندە) ، تەبىئەتكە تەقلىد قىلىش (سەنئەتتە) ، ئىنسان تەبىئىتى (مۇھەببەتتە) قاراشلىرىنى تەكىتلەشتى. ئۇلارنىڭ ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، مېھرىبانلىق قاراشلىرى يەنىلا ئىنساننىڭ تەبىئىي



ئالامەتلىرىنى، ئىنساننىڭ تەبىئىي ھوقۇق ۋە ئىقتىدارلىرىنى ئاساس قىلغان. ئۇلارنىڭ چۈشەنچىلىرىچە، مۇھەببەت — ئوزۇق، جىنسىي خاھىش — ئوزۇقلىنىش بولۇپ، ئىنساننىڭ بىئولوگىيىلىك تەبىئىيلىكى ئاساس قىلىنغان.

ئىككىنچى خىلى، ئىنسان بىلەن مۇقەددەس روھىيەتنىڭ (جۇملىدىن ئىلاھىيەتنىڭ) مۇناسىۋىتىنى كىشىلىك قاراش ئۆلچىمى قىلغان تىپ. بۇ قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيالىقلارنىڭ «قۇت» (مۇقەددەس ئالەم روھىيىتى) قاراشلىرى، غەربىي ئاسىيا، شىمالىي ئافرىقىلارنىڭ ئىلاھىيەت قاراشلىرىدا كەڭ ساقلانغان. ئۇلار پەن، ئەخلاق، سەنئەت، دىن ۋە جەمئىيەت تەتقىقاتىدا ئىزچىل تۈردە قۇت ۋە ئىلاھىيەت پانتېئىزمىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويدى. ئۇلارنىڭ چۈشەنچىلىرىچە، مۇھەببەت — ئالەمنىڭ توپ قانۇنىيىتى — مۇسپەت ـ مەنپىيەت قانۇنىيىتىنىڭ ئىككى جىنس مۇناسىۋىتىدىكى قۇتلۇق ئىپادىلىنىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا ئۆزىنىڭ «رىسالەئى ئىشق» (مۇھەببەت ھەققىدە) ناملىق ئەسىرىدە مۇھەببەتنى تەڭرىنىڭ ئالامىتى، ئالەمنىڭ قانۇنىيىتى، ئىنساننىڭ ماھىيىتى دەپ يېشىدۇ. ئۇ ئاسمان جىسىملىرىنىڭ بىر ـ بىرىنى تارتىشى، ھەرىكىتى، پەسىللەر، ھايات چېچەكلىرى، كېسەلنىڭ ساقىيىشى، كېسىلگەن تالنىڭ كۆكلىشىنى مۇھەببەت دەپ قارايدۇ. بۇ يەردە مۇھەببەت قارىمۇ قارشى تەرەپلەرنىڭ بىرلىكى (گارمونىيىسى) ، ئالەمنىڭ بىرلىكى ۋە قانۇنىيەت بويىچە رەتلىك راۋاجلىنىشى دەپ قارالغان. ئىبن سىنا ئىككى جىنس مۇھەببىتىنى قارىمۇ قارشى قۇتۇپ ۋە جىنسلار بىر ـ بىرىنى تارتىشىنىڭ ئىنساندىكى ئىپادىسى، دەپ قارايدۇ ۋە مۇقەددەسلەشتۈرىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائىمۇ:

«ئىشق ئوتىدىن چەرخ ئۆرۈر، بۇ پەلەك،
ئىشق ئىرۇر بىل زى سىما تاسەمەك.»

(پەلەك ئىشق بىلەن ئايلىنىدۇ، ئاسمان قەرىدىن دېڭىزدىكى بېلىققىچە ئىشق بىلەن تولغان.)

دېگىنىدە بۇ قاراشنى گەۋدىلەندۇرگەن. ئىسلام سوپىزىم ئېقىمىمۇ تەڭرىنى «مەشۇق»، بەندىنى «ئاشىق»، ئىنسانىنىڭ تەڭرى بىلەن بولغان مۇقەددەس مۇناسىۋىتىنى «ئىشق»، تىرىكنىڭ روھىيەتتە، ئۆلۈكنىڭ جەسەتتە تەڭرى ۋە تەبىئەت بىلەن قوشۇلۇشىنى «ۋەسلى ئىلاھىيە» دەپ ئاتايدۇ. مەركىزىي ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيا ئىنسان تۈركۈملىرىنىڭ مۇھەببەتنى جىددىي، ئېتىقاد، ئەقىدە، مۇقەددەس بىلىش ئەنئەنىسىنى خۇراپاتلىق دېگەن بەدكەردە بىلەن چېپىپ تاشلاپ، باشقىچە مۇھەببەت قاراشلىرىنى يېڭى ئىلمىي كەشپىيات قاراپ، كەڭ تەرغىب قىلىش ئۇنۇمسىز. بىلىش كېرەككى، ئىسرائىلىيە ـ پەلەستىن چېگرا قىلىنغان بۇ ئىككى مەدەنىيەت چەمبىرىدىكى جەڭ مىلادىيىدىن ئىلگىرىلا باشلانغان ۋە بۈگۈنگىچە داۋاملاشماقتا.

ئۈچىنچى خىلى، ئىنسان بىلەن ھاكىم (پادىشاھ، ئىمپېراتور)نىڭ مۇناسىۋىتىنى كىشىلىك قارىشى ئۆلچىمى قىلغان تىپ. بۇ قەدىمكى خۇاڭخې ۋادىسىدىن ھازىرقى شەرقىي ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىياغىچە كەڭ يېيىلغان ئىنسان تۈركۈملىرىدە كەڭ ئىپادىلەنگەن. ئۇلاردا تەڭرى ئاسمان ئىبارىسىدىن باشقا خاس مەنىدە پەقەت زېمىندىكى پادىشاھ ـ ئىمپېراتورلارغا تەقلىد قىلىنىپ «شاڭدى» (ئاسماندىكى ئىمپېراتور) دېيىلىدۇ. ئەپسانىۋى ئەسەرلەردە ئۇلار تەختلىرى، ۋەزىر ـ سەركەردىلىرى، خانىش ـ كېنىزەكلىرى بار قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ. قىسقىسى، ئاسمان زېمىنىنىڭ تەقلىدى، ھاسىلىسى قىلىنىدۇ. بۇ تىپتىكى كىشىلىك قارىشىدا



«ئەمەلدارلىق ـ بايلىققا ئېرىشىش» بەخت يولى ھېسابلانغان، پادىشاھ ئوردىلىرىدا ھەشەمەتلىك خانىش ـ كېنىزەكلىك سىستېمىسى ساقلانغان، يۇرتلار ئائىلە ـ تۇتۇن مۇقىملىقى، ئىتائەتمەنلىكنى ساقلاش ئارزۇسى بويىچە يېزا ـ مەھەللە تۈزۈمىدە تىزگىنلەنگەن بولىدۇ.

يۇقىرىدىكى ئۈچ خىل ئىنسان تۈركۈملىرىنىڭ ھازىرقى تۇرمۇشىدا مەلۇم ئارىلاشما قاراشلار بولغانلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار تۈپ ئەنئەنىسى دەخلىسىزلىكى بويىچە راۋاجلانماقتا.

مەركىزىي ئاسىيا، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقى بۇ ئۈچ خىل كىشىلىك قارىشى تىپى ۋە مەدەنىيەت، جۈملىدىن مۇھەببەت ۋە ئائىلە مەدەنىيىتى تىپىگە بىپەرۋا مۇناسىۋەتتە بولالمايدۇ. بىز ئۆزىمىز ياشاۋاتقان ئوچۇق رايون ۋە ئوچۇق خەلقئارا بازار مۇھىتىدا يەنىلا:

«بىز گۈزەل ئەخلاققا ئېرىشكەندىلا بەختكە ئېرىشىمىز» (فارابى)، «ئەخلاق ھەربىر كىشى ئۈچۈن ئۆز ـ ئۆزىنى ئىدارە قىلىش ئىلمىدۇر»، «ھاياسى يوق يۈز، جېنى يوق تەنگە ئوخشايدۇ» (ئىبن سىنا)، «ئەدەب — مۇھەببەتنىڭ بېزىكى ۋە پەردازىدۇر» (نەۋائى)، «ھايا پەردىسى بىلەن ئورالغان ئىنساننىڭ ئىپپەت پەردىسى يىرتىلماس» (ئابدۇللا ئەدلانى) دەپ قارايمىز.

يۇقىرىدىكىلەرنى ئومۇملاشتۇرغاندا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇھەببەت ۋە ئائىلە قاراشلىرى ئۆز ئىنسان تۈركۈمى ۋە مەدەنىيەت چەمبىرىنىڭ ئەنئەنىسى ئاساسىدا ئىلمىيلىشىشى، ئىنسانپەرۋەرلىشىشى ۋە كامالەتكە يۈزلىنىشى لازىم.

## 2. مۇھەببەت ۋە جىنسىيەت

يېقىندىن بېرى مۇھەببەت پسىخولوگىيىسى، جىنسىي تۇرمۇش توغرىسىدا بىر قاتار كىتابلار، كىنو - تېلېۋىزىيە فىلىملىرى خەلقىمىز ئارىسىدا كەڭ تارقىلىپ، بىر قاتار تەسىر پەيدا قىلدى. بەزىلەر بۇنى بىرقەدەر توغرا چۈشىنىپ ھەل قىلغان بولسا، بەزىلەر ھەرخىل مۇجمەل قاراشلارغا غەرق بولۇپ، ئاتالمىش «جىنسىي ئازادلىق» ئەسەبىيلىكىگە مۇپتىلا بولۇشتى. بۇ ھال كىتابىمىز ئۆز ئىختىيارىمىزدىن تاشقىرى بولسىمۇ بۇ ھەقتە توختىلىشنى تەلەپ قىلدى.

مەلۇمكى، مۇھەببەت نوقۇل جىنسىيەت ئەمەس، ئەمما ئۇ جىنسىيەتتىن خالىي ئەرسىمۇ ئەمەس. ئېيتىش كېرەككى، جىنسىي خاھىش ۋە جىنسىي تۇرمۇش نىكاھلىق مۇھەببەتنىڭ بىئولوگىيىلىك شەرتى، شۇنىڭدەك نەسىل قالدۇرۇش ۋە مەنىۋى تۇرمۇشنى نورمال داۋاملاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم ۋاستىسى.

جىنسىيەت ھېچقانداق سىرلىق ھادىسە بولماستىن، جانلىق تەبىئەت، بولۇپمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋانلاردا كۆرۈلىدىغان ھاياتىي ئىقتىدار.

ئىنسانلارنىڭ جىنسىي خاھىشى ۋە جىنسىي تۇرمۇشى ئىنساننىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا، ئىنسان سەزگۈلىرىنىڭ ئىنسانلىنىشىغا، ئىنساننىڭ ئەقلىي تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي ئاڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تەدرىجىي يوسۇندا ھايۋاننىڭ جىنسىي خاھىشى ۋە ھايۋانىي جىنسىيەتتىن پەرقلەندى. ئىنساننىڭ ھايۋاندىن پەرقلىنىشى ئۇزاق تارىخىي جەرياندا نەچچە يۈز مىڭ يىللارنى باشتىن كەچۈردى. نوقۇل جىنسىيەت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ھايۋانلارچە پەقەت «كۆيلەش مەزگىلى» بىلەن چەكلەنمەسلىك؛ جىنسىي لەززەت رايونلىرىنىڭ كۆپىيىشى؛ ئىزا



ۋە شەرم - ھايا؛ باشقا ھەركىم بىلەن ئەمەس، پەقەت ئۆزى سۆيگەن كىشى بىلەن قوشۇلۇش؛ مۇھەببەت ۋە رەشك قىلىش — مانا بۇ ئىنسان جىنسىيىتىدە پەيدا بولغان بەش چوڭ ئالاھىدىلىك بولۇپ قالدى.

مۇھەببەت ئېڭىنىڭ پەيدا بولۇشى ئىپتىدائىي ئىنساننىڭ جىنسىي ھاياتىغا بىۋاسىتە ئىنقىلابىي تەسىر كۆرسەتتى. شۇندىن كېيىن ئىنسان جىنسىي تۇرمۇشتا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ھايۋانلىقتىن ئايرىلدى ۋە ھايۋانلىق جىنسىي خاھىشىغا زىت مەۋقەگە ئىگە بولدى. مۇھەببەت ئېڭىنىڭ پەيدا بولۇشى يەنە ئىنساننىڭ پۈتكۈل روھىي دۇنياسىغا، ئۇنىڭ ئېتىقادى، سەنئىتى، فولكلورى، پەرزەنت تەربىيىلىشى، قانداشلىق - قەبىلە - مىللىي ئۇيۇشۇشچانلىقى، مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ۋاستىلىك، ئىجادىي تەسىر كۆرسەتتى.

مۇھەببەتنىڭ جىنسىي تۇرمۇشتا بىخلىنىشى جىنسىي تۇرمۇشنىڭ مەدەنىيەتكە يۈزلىنىشىنىڭ مۇقەددىمىسى بولدى. مۇھەببەت، ئىنساننىڭ ھايۋانىي جىنسىيەتتىن تۈپتىن پەرقلىق، ھەتتا ئۇنىڭغا بىۋاسىتە زىت بولغان يېڭى جىنسىي كاتېگورىيىنى مەيدانغا كەلتۈردى. شۇنداق قىلىپ، جىنسىي مۇھەببەت جىنسىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن، ئەمما جىنسىيەتنىڭ ھەرقانداق جىنسىي مۇھەببەتنى ئۆز ئىچىگە ئالالمايدىغان بولدى.

مۇھەببەتنى جىنسىي خاھىشتىن كېلىپ چىققان، دېگۈچىلەرمۇ، ئۆز - ئۆزىنى سۆيۈشتىن باشقىلارنى سۆيۈشكە ئۆتۈشتىن كېلىپ چىققان دېگۈچىلەرمۇ بار. قانداق بولمىسۇن جىنسىي مۇھەببەت جىنسىي خاھىشنى بىئولوگىيىلىك ئاساسى قىلسىمۇ، جىنسىي خاھىش نوقۇل ھالەتتە جىنسىي مۇھەببەتنىڭ ئۆزى ئەمەس. گەرچە ھەركىم جىنسىي خاھىش ۋە «مۇھەببەت»

ئىبارىسىنى قانداق ئىشقا سالمىسۇن، مۇھەببەت مۇستەقىل بىر كاتېگورىيە — جىنسىي مۇھەببەتتىكى روھىيەت كاتېگورىيىسى بولۇپ، ئۇ نوقۇل ھېسسىيات ياكى نوقۇل ئەقىلدىن ئەمەس، بەلكى ئىنسان روھىيىتىنىڭ پۈتۈن مۇرەككەپ رىشتىلىرىدىن تەركىب تاپقان.

مۇھەببەتنىڭ پەيدا بولۇشى جىنسىي تۇرمۇشتا ئىككى نەرسىنى پەيدا قىلدى:

ئۇنىڭ بىرى، پۈتۈن جەمئىيەتتە ئۆز مۇھەببەت ئوبيېكتىنى خۇسۇسىيلاشتۇرۇش، يەككە ئىگىلەش، ئۇنى قوغداش، ئۇنىڭغا جاۋابكارلىق.

ئەبۇ رەيھان بىرۇنى: «نىكاھ ئۆز ئورغاچىسىنى قىزغىنىش ۋە تالىشىش كەبى يامان ئەھۋالغا يولۇقۇشتىن ساقلايدۇ» دېگەنىدى. شۇنداق قىلىپ رەشك (كۈنلەش، قىزغىنىش) مۇھەببەتنىڭ تاشقى پوستىغا ئايلاندى. بۇ ئادەتتە ئېيتىلىدىغان «مۇھەببەت شەخسىيەتچىدۇر» دېگەن سۆزگە ئىخچاملانغان.

ئۇنىڭ يەنە بىرى، ئۆز مەھبۇبى ئۈچۈن پىداكارلىق بولۇپ، بۇ ئادەتتە ئېيتىلىدىغان «مۇھەببەت ئۆز مەھبۇبى ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىشتۇر» دېگەن سۆزگە ئىخچاملانغان.

جىنسىي خاھىش (جىنسىيەت) ئىنساننىڭ جىنسىي تۇرمۇشىدىكى بىر يىلتىز بولۇپ، ئۇنىڭدىن جىنسىي مۇھەببەت شېخى ۋە ئائىلە گۈلى يېتىلىشىمۇ، ياتلاشقان جىنسىيەت شېخى ۋە جىنايى جىنسىي قىلمىشلار ئۆسۈپ چىقىشىمۇ مۇمكىن. مۇھەببەتتىن رەشك، نەپرەت ۋە جىنايەت يولىنى بويلاپ ئەگرى سىزىق بىلەن يۈز بېرىدىغان مەسىلىلەرمۇ دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. ھەقىقىي مۇھەببەتسىز جىنسىيەت ئىنسانىيەت جىنسىي مەدەنىيىتى نۇقتىسىدىن غەيرىي نورمال جىنسىيەت دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىپادىلىنىش شەكىللىرى قانچە كۆپ بولسىمۇ،



ئۇ ئىككى ئاساسىي شەكىلدىن سىرتقا چىقىپ كېتەلمەيدۇ. ئۇنىڭ بىرى غەيرىي نورمال جىنسلىق جىنسىيەت، ئۇنىڭ ئىككىنچىسى ئائىلىۋى مۇھەببەتسىز جىنسىي مۇناسىۋەتتىن ئىبارەت. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى جىنسىيەتنىڭ ياتلىشىشى، نورمالسىز پائالىيەتكە ئايلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

غەيرىي نورمال جىنسلىق جىنسىيەت ئىنساننىڭ ئۆز جىنسىغا ئوبيېكت بولالايدىغان ئىككىنچى جىنس بىلەن ئەمەس، بەلكى ئوخشاش جىنسلار ئارىسىدا، ئىنسان بىلەن ھايۋان ئارىسىدا، ئىنسان بىلەن نەرسە - بۇيۇملار ئارىسىدا نوقۇل جىنسىي خاھىشنى غىدىقلاش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان، ئادەت تۈسى ئالغان غەيرىي نورمال جىنسىي قىلمىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق جىنسىيەت مۇھەببەت ۋە نورمال جىنسىي مۇناسىۋەت رىشتىسى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئادەتلىنىش، ھەتتا ئىجىل بولۇپ قېلىش بىلەن تەكرارلىنىپ تۇرىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئوخشىمىغان دەۋر ۋە مىللەتلەردە ھەرخىل ئىپادىلەنسىمۇ، تۈپ ماھىيىتى بىلەن تەبىئەت قانۇنلىرىغىمۇ، مۇھەببەت مەدەنىيىتىگىمۇ زىت، ئىنساننىڭ ئۆز - ئۆزىنى دەپسەندە قىلىشى، ئۆز قىممىتى ۋە غۇرۇرىنى يەرگە ئۇرۇشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مۇھەببەتسىز جىنسىي مۇناسىۋەت ئىنساندا ئوخشاش بولمىغان جىنسلار ئارىسىدىكى ھەقىقىي نىكاھلىق جىنسىي مۇھەببەتتىن خالىي بولغان، نوقۇل جىنسىي غىدىقلىنىش خاھىشى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان ھەرخىل جىنسىي مۇناسىۋەتكە قارىتىلغان. بۇ باسقۇنچىلىق (ئۇنىڭ ھەرخىل تىپلىرى)، جىنسىيەت چەكلەنگەن ئائىلە ئەزالىرى ياكى تۇغقانلار ئارىسىدىكى قالايمىقان جىنسىي مۇناسىۋەت (گىنتىرىزم)، ۋاقىتلىق نىكاھ ۋاسىتىسى بىلەن «قانۇنلاشتۇرۇلغان» كۆپ نىكاھلىق جىنسىيەت، پاھىشە قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنداق بولمىغۇر، مۇنداق

غەيرىي نورمال جىنسىي مۇناسىۋەت مەيلى مەجبۇرىي، مەيلى ئىختىيارىي، مەيلى ئاشكارا، مەيلى خۇپىيانە بولسۇن، ھەممىسى ھايۋانىي جىنسىي تەلەپ، نوقۇل جىنسىي شەھۋانىيلىق، جىنسىي خاھىشنى ھەل قىلىش مەقسەت قىلىنغاچقا جىنسىيەت مەدەنىيىتىنىڭ مەنىۋى ئۇلى — نورمال جىنسىي مۇھەببەتتىن خالىي، ياتلاشقان بولىدۇ. گەرچە بۇنداق جىنسىيەتتە «لەززەت» ياكى قىزغىن تەبەسسۇم ئىپادىلەنگەندەك بولسىمۇ، ئۇ مۇھەببەت ھېسابلانمايدۇ. روشەنكى، مۇھەببەت، بىردەملىك ياكى جىنسىي غىدىقلىنىش ۋاقتىدىكى «سۆيۈملۈكۈم»، «ياخشى كۆرىمەن» دېگەن قوزغاتقۇچى ئىبارىلەر بىلەن باھالىنىدىغان روھىي ھادىسە بولماستىن، بەلكى ئىنساندىكى شەخسىي تۇرمۇشنىڭ بىر پۈتۈن، ئاڭلىق ۋە ھېسسىياتلىق روھىي غايىسى، ئەقىدىسى، خەزىنىسى ۋە سىستېمىسىدىن ئىبارەت. مۇھەببەتتىن ئىبارەت بۇ مەنىۋى سىستېما بىلەن مۇھەببەتكە تەقلىد قىلىپ غىدىقلاش ھاسىل قىلىدىغان سۆز ۋە قىزغىنلىق پۈتۈنلەي ئىككى نەرسە. ئالدىنقىسى ئۆزىنى ئۆز مەھبۇبىغا بېغىشلىغان ئۆمۈرلۈك بىناكارلىق، كېيىنكىسى جىنسىي غىدىقلىنىشنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئىككىنچى جىنستىن پايدىلىنىۋېلىش ياكى ئۆزئارا پايدىلىنىۋېلىش، خالاس. ئەگەر بىرىنچىسى ئۆز مەھبۇبىغا ئۆزىنى قۇربان قىلىشنى مەركەز قىلسا، كېيىنكىسى ئۆز ئوبيېكتىنى ئۆزىگە خىزمەت قىلدۇرۇشنى مەركەز قىلىدۇ. ئەگەر ئالدىنقىسى ئۆز ئوبيېكتىنى مەقسەت قىلسا، كېيىنكىسى ئۆز ئوبيېكتىنى نوقۇل ئۆز جىنسىيىتى ئۈچۈن ۋاستە، قورال قىلىدۇ. بۇنى پەرق قىلىش مۇھەببەتلىك تۇرمۇشنى ھىمايە قىلىش، دەپسەندە بولۇشتىن ساقلاش ئۈچۈن سۇ بۆلگۈچ خاراكتېرلىك ئىنتايىن مۇھىم، خەلق بۇنى ئېنىق



پەرقلەندۈرىدۇ، شۇ سەۋەبلىك ئالدىنقىسىنى «سۆيگىنى»، كېيىنكىسىنى «ئويىنىشى» دەيدۇ. پۈتۈنلەي كىشىلىك تۇرمۇش قىممىتى بىلەن تولغان «سۆيگىنى» بىلەن، جىنسىي غىدىقلاش قورالى قىلىنغان «ئويىنىشى» ئەنە شۇنداق ماھىيەتلىك ۋە كەسكىن پەرقلىنىدۇ.

مۇھەببەت رىشتىسى بولمىغان جىنسىيەتنىڭ ئەڭ كۆپ شەكلى پاھىشە ۋە زىنا بولۇپ، ئۇ مىللەتنىڭ مەنىۋى قىياپىتىگە ئېغىر ئاقىۋەتلەر ئېلىپ كېلىدۇ. پاھىشە ـ زىنا ھادىسىسى ئومۇمەن ئىككى سەۋەبتىن — مەنپەئەتدارلىق ۋە غەيرىي نورمال جىنسىي خاھىش ئادىتىدىن مەيدانغا چىقىدۇ. مەنپەئەتدارلىق مەقسەت قىلىنغان پاھىشە كەسپىي پاھىشىخانا پاھىشىسى (تىجارەت شەكىللىك پاھىشە)، كەسىپتىن سىرتقى ئىقتىسادىي مەنپەئەت مەقسەت قىلىنغان پاھىشە، ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىشخانا ياكى مۇئەسسەسە، ياكى بىرەر ئېھتىياجنى ھەل قىلىش بەدەل قىلىنغان پاھىشە قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاقچا ۋە ھوقۇق مۇھەببەتسىز جىنسىيەتنىڭ ناھايىتى سالماقلىق سەۋەبچىسى بولۇپ، ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بېرىلىدىغان پاھىشە بۇنىڭدا شەكلى ئۆزگەرگەن باسقۇنچىلىق، جىنسىيەت قۇللىقى، جىنسىي دەپسەندە ھېسابلىنىدۇ. شۆھرەت، ھوقۇق، مال ـ مۈلۈك، گۈزەل ئاياللارنى ئۆز ھوقۇقى ئارقىلىق قولغا كىرگۈزۈۋېلىش خاھىشى تارىختىن بېرى ھوقۇقدارلىقتىن دائىم تۇغۇلۇپ كەلگەن ئەڭ پەسكەش جىنسىي ئېكسپلاتاتسىيە ۋە مىللەتنىڭ مەنىۋى قىياپىتىنى بۇلغاش ھېسابلىنىدۇ. ئېيتىش كېرەككى، بۇنداق جىنسىيەت قانچىلىك سەنئەتلىك بولغانلىقى بىلەن ئومۇمەن مۇھەببەتسىزدۇر. بۇ ھوقۇقدارلار ۋە ئۇلارنىڭ سېزىپ يول قويىدىغان رەپىقىلىرى قەلبىدىن ئىنسان روھىيىتىدىكى ئەڭ زور

بايلىق — مۇھەببەتنى ئېلىپ تاشلايدۇ، ئۇنى ئەرزىمەس، رەڭگارەڭ، ھايۋانىي جىنسىي غىدىقلاشلارغا ئالماشتۇرىدۇ.

غەيرىي نورمال جىنسىي خاھىش ئادىتى بىر قىسىم يولدىن چىققان كىشىلەردىكى ھېچقانداق مەنپەئەتدارلىقنى مەقسەت قىلمىسىمۇ، يات كىشى بىلەن جىنسىي غىدىقلىنىشنى ھۇزۇر بىلىدىغان جىنسىي نورمالسىزلىققا قارىتىلغان. بۇنداق جىنسىي خاھىش شۇ كىشىنىڭ ئائىلە تارىخى تەسىرى، ئۆزىنىڭ كۆپ نىكاھلىق تۇرمۇشتىكى مۇۋەپپەقىيەتسىزلىكى، يامان كىشىلەرنىڭ ئۇ مۇھەببەت بوھرانىغا ئۇچرىغاندا ئالداپ كېتىشى، بىر جىنستىكى يامان كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىپ قېلىش، ئۆزىنىڭ سوزۇلغان تەنھا تۇرمۇشقا بەرداشلىق بېرەلمەسلىك، روھىي كېسەل ياكى روھىي چۈشكۈنلۈككە دۇچار بولۇش، ئائىلە جىنسىي تۇرمۇشىدىكى سوغۇقچىلىق، ناچار كىتاب ۋە سۆزلەر بىلەن سېرىق سىن ئالغۇ لېنتىلىرى تەسىرىدە تىزگىنسىز خىيالىي رومانتىكىغا بېرىلىش قاتارلىقلار بىلەن قەدەممۇ قەدەم پەيدا بولىدۇ. بۇ ھەرقانداق قاباھەت، جىنايەتنىڭ تۇغما ئەمەس، بەلكى ناچار مۇھىت ۋە ناچار ئىدىيە تەسىرىدە قاتلام ـ باسقۇچلۇق ھالدا شەكىللىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ مەسىلىنىڭ سان ئۆزگىرىشىدىن سۈپەت ئۆزگىرىشى ھاسىل قىلىشتەك بىر تەرىپى. شۇنى ئېيتىش كېرەككى، ئۇ مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن ئىپپەت ـ نومۇستىن چىققان، جىنسىي غىدىقلىنىشنىڭ جىنايى يولىنى ئادەت قىلغان ئىكەن ئۇ ئۆز بەختى ئۈچۈنمۇ، جەمئىيەتنىڭ ئەخلاقىي ساپاسى ئۈچۈنمۇ چوڭ بۇزغۇنچى ئاپەتتۇر. بۇ مەسىلىنىڭ ئاپەتلىك رولىدىن ئىبارەت ئىككىنچى تەرىپى. بۇ باسقۇچقا يەتكەن كاردىن چىققان شەخسنى تەربىيىلەش، ئىپپەتكە قايتۇرۇش ئومۇمەن مۇمكىنسىزدۇر.

بۇنىڭدىن باشقا، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا پۈتۈنلەي يولدىن



چىققان، كەسپىي پاھىشە خاراكتېرى ئالغان كىشىلەرنى ھېسابلىمىغاندا، يات ـ يات باشقا بىرەر ئوبيېكتقا «ئاشىق» بولۇپ قالىدىغان تورمۇزسىز كىشىلەرمۇ بولىدۇ. ئۇلارنىڭ روھىيىتىدە ئىپتىدائىي تۇرمۇشتىكى «جۈپ نىكاھ» ئالامەتلىرى مەۋجۇتتەك تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەرلىرى ياكى ئاياللىرى قونچاق، ئۆزى مەلۇم توچكىلارنى بىر ـ بىرلەپ قولغا كەلتۈرۈشنى «بەخت»، «مۇھەببەت» دەپ قارايدىغان «جىنسىيەت تەرسالىرى» بولۇپ، ئۇلار ھايۋانات دۇنياسىنىڭ ئىنسان ئائىلىسىنى نىقاب قىلغان بىر گۇرۇھى، خالاس. ئۇ ئائىلىگە، مىللەتكە، مەدەنىيەتكە، مۇھەببەتكە ۋەكىللىك قىلمايدۇ ۋە بۇ ئۇلۇغ ئىبارىلەر ئۇلار ئۈچۈن ھېچنەرسە ئەمەس. ئۇلارنى ئىقتىسادىي زۆرۈرىيەت ياكى زوراۋانلىق تۈپەيلى ئىپپەت ساتقۇچىلاردىن نەپرەتلىك ئورۇنغا قويۇپ لەنەتلەش لازىم. چۈنكى، ئۇلار مۇھەببەتنى ساختىلاشتۇرغۇچى مىكروبلاردۇر. ئۇلار ئۆز ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا بىر قېتىممۇ مۇھەببەتكە مۇيەسسەر بولمىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ ياكى ھېس قىلمايدۇ. ئۇلار تەرىپىدىن خارلانغان ئەرلىرى، خوتۇنلىرىمۇ مۇھەببەتسىزلىكنىڭ زىيانكەشلىككە يولۇققۇچىلىرىدۇر. بۇنداق غەيرىي نورمال جىنسىي خاھىش ئادىتىدىكىلەر پاتقاقتا پاتقانچە شۇنچە پېتىپ تەرسالىشىدۇ ۋە ئۆزىنى تەنھا قويماسلىق ئۈچۈن پاك ئائىلىلەرنى بۇزۇشقا، دەللاللىق قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ. ئۇلار ھەتتا ياش قىزلارنى ئىشتىن چىقىرىدۇ. مىللەت گەۋدىسىدىكى بىر قاتار جىنسىيەت نورمالسىزلىقى مۇشۇ تۈركۈم تۈپەيلى ساقلىنىدۇ ۋە ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملىشىدۇ. بۇ ئومۇم مىللەت بىرلىكتە تۆمۈر سۈپۈرگە بىلەن تازىلاشقا تېگىشلىك ئىللەتتۇر. كىشىلەر ئەيدىز كېسىلىگە ھوشيار. بىلىش لازىمكى، بۇ ئىللەت ئەيدىز ۋە ھالاكەت كەلتۈرگۈچى ئەڭ تۈپ پاجىئە مىكروبىدىن ئىبارەت.

## 3. مۇھەببەت ۋە روھىيەت

جىنسىيەت ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ نوقۇل جىنسىي پائالىيەت شەكلىدىن قويۇق روھىي ھادىسىگە ئايلاندى. جىنسىي مۇھەببەت ئۆزئارا ياخشى كۆرۈشكەن ئىككى جىنس كىشىنىڭ روھىيەتتىكى غايىۋى قوشۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ نىكاھ شەكلىدە دائىمىي بەرقارار تېپىشىدىن ئىبارەت. بىز مۇھەببەت دېگەندە ئەڭ ئالدى بىلەن جىنسىيەتنى، گۈزەل ھۆسن - جامال تەلپۈنۈشىنى، ئىقتىسادىي پاراۋانلىق شەرتلىرىنى ئەمەس، بەلكى روھىي تۇرمۇشتىكى مۇھىم نىكاھ شەكلىنى ئالغان باب - باراۋەر، پىداكارانە قوشۇلۇشنى نەزەردە تۇتىمىز. روھىيەتسىز نىكاھلىق مۇھەببەتنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

روھىيەت ئەلۋەتتە ئادەم ھېس - تۇيغۇ، ئەقىل - ئىدراكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان كەڭ مەنىۋى دۇنيا. نىكاھلىق مۇھەببەتسىز جىنسىي تۇرمۇشتىمۇ ئاڭ ۋە ھېسسىيات پائالىيىتى بولىدۇ. مەلۇم مەنىدە جىنسىي تۇرمۇشتىكى ياتلىشىش روھىي ياتلىشىش، جىنسىي ئاڭنىڭ ياتلىشىشى بىلەن باشلىنىدۇ. بۇ يەردە ياتلاشقان روھىيەت رول ئوينايدۇ. بۇنداق روھىيەت ئۆزىنىڭ نۇرانە بولمىغانلىقىنى، خۇنۇكلىكىنى، ئېپتىخارسىزلىقىنى، ئاھانەت خاراكتېرىنى تۇيۇپ تۇرۇپ، جىنسىي غىدىقلاشقا يول قويغانلىقى ئۈچۈن يەنە روھىي زىددىيەتكە تولغان بولىدۇ. ئۇنىڭ قۇتۇلدۇرۇلۇش ياكى ئۆزى ئويغىنىپ قۇتۇلۇش مۇمكىنلىكى ساقلانغان بولىدۇ. بۇ مۇمكىنلىك، ئومۇمەن ئۇنىڭ ياتلىشىش دەرىجىسىگە توغرا تاناسىپتۇر.

مۇھەببەتنى يېتىلدۇرۇش ۋە ساغلام راۋاجلاندۇرۇشتا ھەرقانداق ماددىي - ئىقتىسادىي شەرتلەر، جۈملىدىن پۇل، كىيىم - كېچەك، زىبۇ - زىننەت، سەيلى - ساياھەت بىلەن



ئەمەل - مەنسەپ قاتارلىق تاشقى ۋاستىلەر، گەرچە مەلۇم تەسىر كۆرسەتسىمۇ، ئەمما ئىككى قەلب ئارىسىدىكى روھىي - مەنىۋى باغلىنىشتەك بىۋاسىتە ۋە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىيالمايدىغانلىقىنى پۈتكۈل تۇرمۇش ئىسپاتلاپ كەلمەكتە.

مەلۇمكى، بۇ مۇھەببەتنىڭ غايەت زور ۋە غايەت ئىنچىكە روھىي باغۋەنلىك، مەنىۋى بىناكارلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، مۇھەببەت ھەر ئىككى تەرەپنىڭ بىر - بىرىگە باغۋەنلىكى، بىر - بىرىگە بىناكارلىقى بولۇپ، بىرى پائال باغۋەن، بىرى پائالىيەتسىز گۈلزار، بىرى پائال بىناكار، بىرى پائالىيەتسىز بىنا ئەمەس. شۇنداقتىمۇ، خۇددى مۇڭلايدىغان ئىسكىرىپكىنى يەنىلا ماھىر مۇزىكانت چېلىشى ياخشى، دېگەندەك، بۇ ئىشتا ئەركەكنىڭ تەشەببۇسكارلىقى، سەبرى - ئەجرى ۋە ماھىرلىقى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلغىنى تۈزۈك.

مۇھەببەتتىن ئىبارەت روھىيەت بىناكارلىقىنىڭ بىرىنچى ئۇلى ئەقىل - ھېسسىيات (قەلب) گارمونىيىسىدۇر.

مۇھەببەتتىكى روھىيەت ئىجابىي روھىيەت بولۇپ، ئىككى جىنسنىڭ ئىجتىمائىي ۋە جىنسىي تۇرمۇش، ئائىلە ۋە ئىجادىي ئەمگەكتىكى گارمونىيىلىكىگە ئاساسلانغان روھىيەتتۇر.

مۇھەببەت — قەلب گارمونىيىسى بولۇپ، ئائىلە ھاياتىدا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ داۋاملىق قەلب مۇناسىۋىتىنى تەڭشەپ تۇرۇشى ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە.

قەلب گارمونىيىسى بولغان مۇھەببەتتە سىرداشلىق، بىر - بىرىنى ئومۇمىي جەھەتتىن، شۇنىڭدەك كونكرېت جەھەتتە دائىمىي چۈشىنىپ بېرىش ئىنتايىن مۇھىم. دائىم پىكىرلىشىش، تەڭ - باراۋەر ئاساستا پىكىر - ئويلىرىنى دېيىش ياكى ئاڭلاش، روھىيەت - كەيپىياتتا بىردەكلىكتە ئېرىشىش

ئۇچۇن پىكىرلىشىش ماھارىتىنى ئىگىلەش لازىم. شۇنى بىلىش ھاجەتكى، ھەرقانداق ئىككى كىشى رېئال تۇرمۇشتا دائىملىق سۆزلىشىپ تۇرۇش بىلەن بىر - بىرىنى چۈشىنىدۇ، بىر - بىرىگە ماسلىشىدۇ. پىكىرلىشىشتە ئىككى تەرەپنىڭ ئىچكى دۇنياسى، رايىش ياكى قاتتىق قوللۇقى، خەسىس ياكى ھېسداشلىقى، قىساسخور ياكى ئەپۇچانلىقى قاتارلىقلار ئوچۇق كۆرۈنىدۇ. ئەقىللىق ئەركەك ياكى ئايال بۇنداق پىكىرلىشىشتە، ئۆزىنىڭ سەۋەن ياكى ئۆز جۇپتىدىن ئاجىز، ھەتتا خۇنۇك تەرەپلىرىنى بايقايدۇ، داۋاملىق بۇ جەھەتتە ئۆزىنى يېتىلدۈرىدۇ.

ئەر - ئايال بىر - بىرىنىڭ مۇھەببەت رىشتىنى پەرۋىش قىلىش ئۈچۈن بىر - بىرىگە نىسپىي ماسلاشقان دەرىجىدە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشى لازىم. بىر - بىرىنىڭ ئىجادىي ئەمگىكىنى ئوقۇشى، ئۇ ھەقتىكى مۇلاھىزىلارغا كۆڭۈل بۆلۈشى، بەزى تېماتىك مەسىلىلەرگە پىكىر بېرىشى، ھەمكارلىششى خۇددى ھاۋا تەنگە لازىم بولغاندەك زۆرۈر. بىلىش ھاجەتكى، روھىيەت ھېسابلانغان مۇھەببەت روھىي تۈزۈلۈش، مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى بىلەن داۋاملىق ئۆز گارمونىيىسىنى، ئۆز تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلىشى كېرەك. ئۇ باشتىكى بىر قېتىملىق بىناكارلىق، ئەھدى (توختام، ۋەدە) بولۇپ قالماستىن، بەلكى پۈتۈن ئۆمۈر جەريانىدا داۋاملىق تەمىن قىلىنىشى لازىم.

ئائىلىنىڭ بەرقارارلىقى، مۇھەببەت روھىيىتىنى ئەقىل - ھېسسىياتتا داۋاملىق يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن ھەر ئىككى مەھبۇب ئالدى بىلەن ئىنزىگۇ قەلب ئىگىسى، ھەقىقىي ئىنسانپەرۋەرلىكتە يەكدىل بولۇشى لازىم. تۇرمۇش بۇ خىل ياكى بۇ خىل بولمىغان ئائىلىلەرنىڭ بەخت ۋە ئاپەتلىك ئۆز ھاياتى، ئائىلە ۋە بالىلار بەخت - ئاپەتلىرىنى دائىم ئاشكارىلاپ كەلدى. خارەزملىق شائىر نىشات مۇھەممەتنىياز «ھۆسن ۋە دىل» داستانىدا:



«كىشى بولمىسا گەر ئەھلى جاھانغا كېرەك،
ئۇ بولالمىغۇسىدۇر، جەۋھەرى جانانغا كېرەك.»

دەيدۇ. جانغىمۇ (ياشاشقىمۇ) ئەرزىمىسە، يەنە جانانغا نېمە كېرىكى بولسۇن؟! نەۋائى ئىنسانغا «ۋاپاسىزدا ھايا يوق، ھاياسىزدا ۋاپا يوق» دەپ توغرا ئېيتقان. ئۇ: «ئىنساننىڭ ئەقىل چىرىغى — پۈتۈن كائىناتنىڭ كۆزىدۇر» دەپ كۆرسىتىدۇ.

فارابى ھەقىقىي ئىنساندا بولۇشقا تېگىشلىك 12 خىل خىسلەت - پەزىلەت ھەققىدە توختالغان. ئۇ سالامەتلىك، توغرا مۇھاكىمە، ئەستە قالدۇرۇش، ئۆتكۈر زېھىن، ئىللىق سۆز، دائىم ئۆگىنىش، ئاچ كۆز بولماسلىق، ھەقىقەتپەرۋەرلىك، ئادالەتپەرۋەرلىك، ۋىجدان - غۇرۇر، پۇل ۋە بايلىقتىن يىرگىنىش روھى، قەتئىيەت قاتارلىقلار ئىچىدە ئەقلىي ئامىللارنى، قەلب خاسىيەتلىرىنى تەكىتلىگەن.

مۇھەببەتتىن ئىبارەت قەلب گارمونىيىسىنىڭ ئىككىنچى ئۇلى مەنىۋى گۈزەللىكتىن — ئەخلاقىي گۈزەللىكتىن ئىبارەت. ئېيتىش كېرەككى، ئەخلاقىي گۈزەللىك ئەقىل، بىلىم، قەلب بىرلىكىنىڭ خۇشبۇي گۈلى.

گۈزەللىك — جەلبكار ئىقتىدار. ئەمما، قەلب گۈزەللىكىسىز ھۆسن - جامال گۈزەللىكى ھەم قىسقا، ھەم مۇكەممەل بولمىغان ھەم بىر قاتار مۇرەككەپلىكلەرگە تۇتۇشىدىغان بايلىقتۇر. ئۆزبېك ئەدىبى ئابدۇللا پاشا خوجا:

«ھۆسن بولسا كۆڭۈلگە مەرغۇپ،
ياخشى ئەقىل بولسا جانغا مەرغۇپ.»

دېگەنىدى.

ياشلىق گۈزەللىكى يوپۇرماقتىكى شەبنەمدەك ئۆتكۈنچى، كىيىنىش ۋە پەرداز گۈزەللىكى ھەرقاچان ئۆزىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈش قاتلىمىدا جۇلا قىلىدۇ. ئادەم ياشانغانسېرى قالىدىغىنى

بىرلا گۈزەللىك — قەلب خەزىنىسىدۇر.

گۈزەللىك مۇھەببەتتە ئىشتىياق ھەم رەشىك قوزغىشى مۇمكىن. تاتار ئالىمى رىزائۇددىن ئىبن پەخرۇددىن «ئائىلە» ناملىق رىسالىسىدە ئايالنىڭ ياسىنىشىنى ئۆز ئېرى ئۈچۈن بولۇشى لازىم، دەيدۇ. ئۇ شۇ شەرتتە «سىنائىي جامال» (زىننەتلەنگەن جامال) غا قوشۇلىدۇ. مېنىڭچە، جامائەتچىلىككە ئەدەب، سالاپەت ۋە يېقىملىق كىيىنىش بىلەن قاتنىشىش لازىم.

بۇ ئاياللار ئارا كىيىنىش ـ ياسىنىش بەس ـ بەسلىكى پەيدا قىلماسلىقى ئۆلچەم قىلىنىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئايالنىڭ ئۆز ئېرى ئالدىدىكى روھسىز، كېلەڭسىز كىيىنىپ يۈرۈشى ياخشى ئەمەس. خەلق ئارىسىدا «ئاناڭنى ئاتاڭغا پەردازسىز كۆرسەتمە» دېگەن سۆز شۇ مەنىدە ئېيتىلغان. ئەبۇ رەيھان بىرۇنى «پاكىز كىيىملەر كىشىدە زاھىر ۋە روشەن مۇرۇۋۋەت بارلىقىنى ئىپادىلەيدۇ» دەيدۇ. ئېيتىش كېرەككى، كىيىم ـ كېچەك ۋە زىبۇ ـ زىننەتنىڭ ئۆزى ھەممىدىن بۇرۇن شۇ شەخسنىڭ قەلب مىزانى، كىشىلىك قارىشىنى كۆرسەتكۈچى ئۈچۈر ئەينىكىدۇر.

ئۆزىنىڭ مىللىي تۈركۈمىدىن ھالقىغان دىنىي مۇتىۋەرلىك كىيىنىشلىرى، خان ـ بايۋەچچە جابدۇنۇشلىرى ۋە شاللاق ئالا ـ بېشىل كىيىنىشلەر ھەممىدىن ئىلگىرى كىيىنگۈچىنىڭ ئالىيجانابلىقى، بايلىقى ۋە گۈزەللىكىنى ئەمەس، بەلكى زورۇققان شەكىلدىكى پۇچەكلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلارنى روھلاندۇرۇپ تۇرغان نەرسە ئاقىللار ھىمايىسى ئەمەس، پۇچەكلەرنىڭ باشقۇرۇشىدۇر. نەۋائى: «كەمتەرلىك دوستلۇق چىمەنگاھلىقىدا پاكىز گۈللەر ئاچار ۋە بۇ چىمەن گۈللىرىنى دوستلۇق، ئۇلپەتلىك بەزمىگە ئېلىپ بېرىپ چاچار»، «غادايغان ئادەم ئەل دىلىدىكى ئۆزىنىڭ كىشىلىك قەدرىنى پەسەيتەر»



دېگەنىدى.

قەلب گۈزەللىكى ئالماس ـ ياقۇت بولسا، ئۇنىڭ يالتىراق نۇر جۇلالىسى ھەممىدىن ئىلگىرى خۇش تەبەسسۇم ۋە خۇش زۇۋاندۇر. «چېھرى — قەلب ئەينىكى» (گوركى). ئىنسان چېھرى مەنىدار، چۈنكى «روھىي زېمىندا بىز ئۈچۈن ئەڭ گۈزەلى ئىنسان چېھرىدۇر» (لىفنتىرگ). چېھرى قەلبنىڭ نامايەندىسى، ئۇ شائىرانە قىياپەتتىكى ئىلھام مەبۇدىسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ. خۇش زۇۋان ئۇلۇغ گارمونىيىلىك گۈزەللىكتۇر. نەۋائى: «تىلىغە كۈچى يەتكەن دانىشمەن، سۆزىگە ئەركىنلىك بەرگەن ئەخمەقتۇر» دەپ توغرا ئېيتقان. غەلىبە ۋە مۇۋەپپەقىيەت، بەخت ۋە كامالەت كۆپ ھاللاردا ئەقىل بىلەن سۆز مەدەنىيىتى تەرىپىدىن، باشقىچە ئېيتقاندا، بۇ ئىككىسىدە ئۆزىنى يېڭىش ئاساسىدا رويابقا چىقىدۇ.

مۇھەببەتتىن ئىبارەت قەلب گارمونىيىسىنىڭ ئۈچىنچى ئۇلى ياكى شەرتى مۇھەببەتنى سەنئەتلىك تەشكىللەشتۇر. بۇ كەڭ دائىرىلىك مەسىلىگە ئائىت خاس كىتابلار نۇرغۇن، بىز ئومۇملاشتۇرۇپ توختىلىمىز.

مۇھەببەت، مۇھەببەتلىك ئائىلىۋى تۇرمۇش ۋە جىنسىي تۇرمۇش سەنئەت گۈزەللىكىگىمۇ موھتاج. سەنئەت گۈزەللىكىنىڭ تۈپ ئاساسى مۇھەببەت چىنلىقى بىلەن مۇھەببەت ئىنزگۈلىكى (ئالىيجانابلىقى) دىن ئىبارەت. مىللىتىمىزدە نىكاھدىن ئىلگىرىكى مۇھەببەتتە خەت، شېئىر، پاراڭ ۋە مۇئامىلە سەنئىتىگە كۆچىگەن بىلەن تېخى مۇھەببەتتە چىنلىققا يېتىشمەسلىك؛ نىكاھدىن كېيىنكى مۇھەببەتتە سەنئەت يېتىشمەسلىك ئەھۋالى ئېغىر ساقلانغان. جىنسىي تۇرمۇشنىڭ ئەركىن روھىيەتكە تويۇنۇشى بىلەن سەنئەت گۈزەللىكىگە ئىگە بولۇشى ئۇنىڭ چىن مۇھەببەتكە ئاساسلانغانلىقىنى ئۆلچەم

قىلىدۇ. مەيلى قانداق سەنئەت گۈزەللىكى يولغا قويۇلمىسۇن، يەنىلا چىن مۇھەببەت ھېس - تۇيغۇسىنىڭ ئەركىن ئۇرغۇپ چىقىشى ئەڭ يۇقىرى سەنئەت گۈزەللىكىدۇر. بىلىش لازىمكى، چىن مۇھەببەتكە گۈزەللىك ۋە سەنئەت گۈزەللىكى بىرىنچىدىن زىت ئەمەس؛ ئىككىنچىدىن، تامامەن زۆرۈر بولۇشى بىلەن بىللە، ئۇ مەنىۋى مەدەنىيەت، مۇھەببەت مەدەنىيىتى ۋە جىنسىيەت مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت. جىنسىي تۇرمۇشتا سەنئەت ۋاسىتە بولۇپ، ئۇ پۈتۈنلەي قەلب گارمونىيىسى ۋە بەختىيار، ساغلام ئائىلە تۇرمۇشىغا خىزمەت قىلىدۇ.

ئۆي روزىغارلىرىنى سەنئەتلىك سەرەمجانلاشتۇرۇش، مۇزىكا ئاڭلاش، سۆھبەتلىشىش، مېھمان چاقىرىش ۋە مېھمانغا بېرىش، سەيلى - ساياھەت قىلىش قاتارلىقلارمۇ ئائىلىدە قەلب ھەمجەھەتلىكىنى كۈچەيتكۈچى سەنئەت جۈملىسىگە كىرىدۇ. ئەڭ ئاددىيسى ئىلگىرىكى يېزىشقان خەتلەرنى ئوقۇش، سۈرەت ئالبوملىرىنى قايتا كۆرۈش، سۈرەتكە چۈشۈش، ئىلگىرىكى بىر - بىرىگە تەسىرلىك كىيىملەرنى ساقلاش، بالىلار ۋە نەۋرىلەر ھەققىدىكى كۆڭۈللۈك پاراڭلار، بىر - بىرىنىڭ تۆھپىلىرىنى، ئاددىيسى شۇ كۈنكى تاماقنى تىلغا ئېلىپ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئېستېتىك زوق ۋە ئەخلاق قىممىتىگە ئىگە.

## 4. مۇھەببەت ۋە مەدەنىيەت

مۇھەببەت جىنسىي پائالىيەتتە ئىجتىمائىي روھىيەت ۋە ئۇنىڭ ئەڭ ئالىي ئىپادىسى — نىكاھلىق ئائىلە شەكلىدە پەيدا بولغانلىقى تۈپەيلى، ئۇ مەدەنىيەت خاراكتېرى ئالغان. ئەگەر جىنسىي مەدەنىيەت ۋە ئۇنىڭ مەنىۋى ئۇلى — ئائىلىۋى



جىنسىي مۇھەببەت بولمىغان بولسا ئىدى، جىنسىيەت ئىجتىمائىي خاراكتېر ئالمىغان بولاتتى. بۇ ئىنسان جىنسىيىتى ۋە ئائىلىۋى جىنسىي مۇھەببەتنىڭ جىنسىي مەدەنىيەت كاتېگورىيىسىگە تەۋەلىكى ئۈچۈن ئەقەللىي شەرتتۇر.

ئوخشىمىغان تەرەققىيات باسقۇچىدىكى مىللەتلەر بىلەن ئوخشىمىغان مەنىۋى قىياپەتتىكى شەخسلەردىكى ئائىلىۋى جىنسىي مەدەنىيەت بىر خىل ئەمەس. بۇ ئۇلارنىڭ جىنسىيەت تارىخى ۋە ئائىلە ئەنئەنىسى ھەققىدىكى بىلىشى، جىنسىيەت فىزىئولوگىيىسى ھەققىدىكى بىلىشى، جىنسىيەت پسىخولوگىيىسى ھەققىدىكى بىلىشى ۋە جىنسىيەت ئەخلاقى ھەققىدىكى ئېڭى بىلەن جىنسىيەتنىڭ مىللەتكە، تەلىم - تەربىيىگە، جەمئىيەتكە، كەلگۈسىگە بولغان بىۋاسىتە ھەم ۋاسىتىلىك تەسىرىگە بولغان تۇيغۇلىرى جەھەتلەردە روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلىدۇ. بۇ بىزنىڭ كىتابىمىز تەپسىلىي مۇھاكىمە قىلىدىغان تېما ئەمەس.

يېقىندىن بېرى «جىنسىي مەدەنىيەت» ، «مۇھەببەت پسىخولوگىيىسى» تېما قىلىنغان ئەسەرلەر يېزىلدى، تەرجىمە قىلىندى. فېئوداللىق جىنسىيەت قاراشلىرى چەكلىگەن جىنسىي بىلىم ۋە مۇھەببەت ئەركىنلىكىنى تەكىتلەشتە مۇئەييەن ئىجابىي رول ئوينىدى. ئۇلار نوقۇل جىنسىي غىدىقلىنىشنى مەقسەت قىلغان ئاتالمىش «جىنسىيەتتە ئەركىنلەشتۈرۈش» نى تەشەببۇس قىلىدىغان چۈشكۈن ۋە چىرىك قاراشلارنى تەنقىد قىلىپ، جىنسىيەت ۋە مۇھەببەتنى ئىلمىي جەھەتتە بىلىپ يېتىشكە باشلاشقا تۆھپە قوشتى. شۇنىمۇ ئېيتىش كېرەككى، بۇ ئەسەرلەرنىڭ كەچۈرگىسىز خاتالىقى شۇكى، ئۇلارنىڭ كۆپلىرى جىنسىيەت ۋە مۇھەببەتنىڭ جەمئىيەت ئارىلاشماسلىقى شەرت بولغان، ئىككى شەخسنىڭ قايناق ئىرادىسىدىن باشقا ھېچقانداق

ئىجتىمائىي ياكى باشقا مەنپەئەتلەرنىڭ بېسىمىغا ئۇچرىماسلىقى ئۆلچەم قىلىنغان ئاتالمىش نوقۇل شەخس ئەركىنلىكى، كىشى خاھىشى ھوقۇقى قاراشلىرىنى ئاساس قىلغان. نەتىجىدە شەخس مىللەتتىن، جەمئىيەتتىن، ئەۋلادتىن، تەلىم - تەربىيىدىن ئايرىۋېلىنىپ، جىنسىيەت ئائىلىۋى مەجبۇرىيەتتىن، ئىجتىمائىي ۋە كەلگۈسىگە قارىتىلغان مەسئۇلىيەتتىن، جىنسىيەت ئەركىنلىكى مىللىي مەدەنىيەت مۇقەررەرلىكىدىن ئۇزۇۋېلىنىپ مۇھاكىمە قىلىندى. نەتىجىدە مىكرو (شەخس بىرلىك قىلىنغان، خاھىش ئۆلچەم قىلىنغان) مۇھاكىمىلەر ماكرو (ئائىلە، مىللەت، كەلگۈسى، مەدەنىيەت) بىر پۈتۈنلۈكتىن يىراقلىشىپ كەتتى. ئائىلە دەل زىت نۇقتىلارنى بىرلەشتۈرىدىغان، ئاجرىلىپ كەتكەن تەرەپلەرنى تۇتاشتۇرىدىغان، مىكرو - ماكرو جەھەتلەرنى قوشقان ئاساسىي ھالقا — مۇنازىرە تېمىسى بولۇپ قالدى. بۇنداق مۇھاكىمىلەر ئائىلە قارىشىنى سۇسلاشتۇرۇپ، بولۇپمۇ ئۆمۈرلۈك ئائىلە قارىشىنى سۇسلاشتۇرۇپ، كىرا ماشىنىسى شەكلىدىكى ۋاقىتلىق، بىر مەزگىللىك ئائىلە كەيپىياتىنى ئەۋج ئالدۇرۇشى تەبىئىي. بۇنداق بولمىغۇر تەشەببۇس ئائىلىدىن ئىبارەت مىللەت ئەنئەنىسى، مەدەنىيىتى، بالىلار تەربىيىسىنىڭ ئاساسىي ھۆجەيرىسىنى نابۇت قىلىشقا ئىدىيىۋى جەھەتتە يول ئاچىدۇ.

ئەلۋەتتە، ئائىلە بىردىنلا بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق شەكلىدىكى مۇھەببەتلىك جىنسىي تۇرمۇش بىرلىكى بولۇپ شەكىللەنمىگەن، ئۇ ئۇرۇقداشلىق - قانداشلىق ئائىلىنىڭ يىراق تارىخىي جەريانلىرىنى بېسىپ كەلگەن. بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق ئائىلە مۇھەببىتىنىڭ پەيدا بولۇشى، جىنسىيەتنىڭ خاسلىشىشى ۋە ئىختىيارىي تاللاشنىڭ مۇقىملىقىقا يۈزلىنىشىگە ئەگىشىپ،



ئۇرۇقداشلىق - قانداشلىق ئائىلىگە قارشى ئىسيانكار سۈپىتىدە، ھەتتا ئۇرۇقداش - قانداش ئائىلىلەردىن «قاچقۇن» بولۇپ ئايرىلىپ ئايرىم روزىغار قۇرۇپ ياشاش شەكلىدە تەدرىجىي پەيدا بولغان. بۇ نوقۇل جىنسىي مۇھەببەتنىڭ ئەمەس، بەلكى جىنسىيەتتە ئائىلىۋى مۇھەببەتنى پەيدا قىلغان ئىجتىمائىي مەدەنىيەتنىڭ - تەرەققىياتنىڭ تارىخىي مەھسۇلى بولغان.

بىر ئەر بىر خوتۇنلۇق ئائىلە مۇھەببەتنى مەركەز قىلغان، مۇھەببەتنىڭ ئۇلۇغ تارىخىي ئۇچىقى ۋە قانۇنلاشقان شەكلى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن، ئۆز ئىچىدە خۇددى ھەممە شەيئىلەرگە ئوخشاش ئىككىگە بۆلۈنۈش مۇمكىنلىكلىرىنى ساقلاپ كەلدى. سىنىپىي جەمئىيەت، سىنىپىي جەمئىيەت مەدەنىيىتى، ئەخلاقى، دىنى، قانۇنى، سىياسىي قاراشلىرى بىلەن ھۆكۈمران كۈچلەرنىڭ ئىمتىيازلىرى تۈپەيلى مۇھەببەت بىلەن ئائىلە (نىكاھ) ئارىسىدا ياتلىشىش ھادىسىسى كۆرۈلدى. بۇنداق ئەھۋال فېئودالىزم دەۋرىدە تولىمۇ تىپىك ئىپادىلەندى. بۇنداق ئەھۋال ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدە شەرقتە ۋە غەربتە ئوخشىمىغان دەرىجىدە گەۋدىلەندى. بۇ «نىكاھ ئەخلاقى» ۋە «مۇھەببەت ئەخلاقى» دىن ئىبارەت ئىككى خىل ئەخلاق ئۆلچىمى پىكىر ئېقىمىنىڭ مۇنازىرىسىنى كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى.

ئەلۋەتتە، فېئوداللىق «نىكاھ ئەخلاقى» قاراشلىرى مۇھەببەت، جىنسىي ئەركىنلىك، نىكاھ ئەركىنلىكى دېگەنلەرنى قاتتىق دەپسەندە قىلغان بولۇپ، فېئوداللىق قانۇن پەقەت نوقۇل نىكاھلانغان ئائىلە بىرلىكىنىڭ مۇقىملىقىنى تەلەپ قىلاتتى. نىكاھلىق ئائىلە تەبىئىي ئىگىلىكنىڭ بىرلىكى، باج - سېلىق، ئىشلەپچىقىرىش، ئەسكەر بولۇش، نوپۇس تۈزۈمى، جەمئىيەت ئامانلىقىنىڭ بىرلىكى ئىدى. بۇ بىرلىكنىڭ بۇزۇلۇشى ھاكىمىيەتكە تەھلىكە سالاتتى.

فېئوداللىق «نىكاھ ئەخلاقى» قاراشلىرى بويىچە، جىنسىيەت پەسكەشلىك؛ جىنسىي ئەركىنلىك تەلپۈنۈشلىرى ئەخلاقتا ئاسىيلىق قىلىشقا ئۇرۇنۇش؛ يالاڭ كىيىنىش ۋە گۈزەللىككە ئىنتىلىش قەلبى خۇنۇكلىكنىڭ ئىپادىسى؛ نىكاھ ئاتا ـ ئانا تەرىپىدىن بېكىتىلىشى شەرت؛ ئاتا ـ ئانا قوشۇلمىغان نىكاھ ۋە نىكاھسىز تۇغۇلغان پەرزەنتنىڭ مىراسخورلۇقى يوق؛ پەقەت ئەرنىڭ جىنسىيەتنى تەلەپ قىلىش، توقال ئېلىش ۋە خوتۇننى قويۇۋېتىش ھوقۇقى مەۋجۇت؛ نىكاھدىن مەقسەت پەرزەنت كۆرۈپ ۋارىس يېتىشتۈرۈش؛ نىكاھلىق ئائىلە ئىككى جىنسنىڭ بىردىنبىر ئەخلاقىي ۋە قانۇنىي قوشۇلۇش چەمبىرى؛ ۋەھاكازا دېگەنلەر تەرغىب قىلىناتتى. نەتىجىدە نۇرغۇنلىغان مەجبۇرىي نىكاھلانغان ئائىلىلەر مۇھەببەتنىڭ زىندانى، دارى ۋە پاجىئە مەيدانىغا ئايلانغان. خان ـ بەگلەر خالىغانچە چەكسىز جىنسىي چىرىكلىككە ئىمتىيازلىق بولغانىدى.

غەربىي ياۋروپا مەدەنىيەت ئويغىنىشى ۋە بۇرژۇئا ئىنقىلابى تۈرتكىسىدە فېئوداللارچە «نىكاھ ئەخلاقى» قاراشلىرىغا قارشى بۇرژۇئازىيىچە «مۇھەببەت ئەخلاقى» قاراشلىرى كېلىپ چىقتى. ۋولتېر: ھەر بىر كىشىنىڭ تەبىئىي تۇرمۇشى، جىنسىي تۇرمۇشى ئەركىن، باراۋەر بولۇشى كېرەك، دېسە، مۇللېر:

شەخسنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتى باشقا كىشىلەرگە چېتىلمىسىلا، ئۇ جەمئىيەتكە جاۋابكار ئەمەس، جەمئىيەت شەخس ئەركىنلىكىگە كەڭ قوللۇق بولۇشى كېرەك، دېگەننى تەرغىب قىلدى. مۇھەببەت ئەركىنلىك، ئائىلە غەيرىي ئەركىنلىك سىمۋولى بولۇپ قالدى.

بۇرژۇئازىيە دەۋرىدىكى «مۇھەببەت ئەخلاقى» قاراشلىرى بويىچە، جىنسىيەت ئەركىن، جىنسىيەت ئەركىنلىكى شەخسىي ئەركىنلىكنىڭ بىر قىسمى؛ نىكاھ مۇھەببەتنى ئاساس قىلىشى،



نىكاھلىق ئائىلە ئۆمرى مۇھەببەتنىڭ ساقلىنىش ئۆمرىنى ئۆلچەم قىلىشى؛ مۇھەببەت قەيەردە، قاچان پەيدا بولسا، نىكاھقا قاراپ چەكلەنمەي، نىكاھدىن ئىلگىرى ۋە نىكاھدىن تاشقىرى جىنسىي تۇرمۇش ئۆتكۈزۈش پۈتۈنلەي شەخسنىڭ تۇرمۇش ئەركىنلىكى؛ تۇغۇلغان پەرزەنت نىكاھلىق ـ نىكاھسىز بولۇشىدىن قەتئىينەزەر باراۋەر بولۇپ، قانۇن يېشىغا يەتكەندىن كېيىن ئاتا ـ ئانىنىڭ جاۋابكارلىقى يوق شەخس بولۇپ ياشايدۇ؛ مۇھەببەت ئوخشاش جىنس ياكى نىكاھ قاتارلىق چەكلىمىلەردىن خالىي؛ ۋەھاكازا دېگەنلەر تەرغىب قىلىندى.

ئېيتىش كېرەككى، بۇ خىل قاراش فېئوداللىق ئەخلاقىي قاراشتىن تۈپتىن پەرقلىق، غايەت زور ئىنسانپەرۋەرلىك ئەھمىيىتىگە ئىگە بولسىمۇ، ئۇنىڭدا بىر قاتار ئېغىر بىر تەرەپلىمىلىكلەر ساقلاندى. پۈتۈنلەي مۇھەببەت خاراكتېرى ئالمىغان، غەيرىي نورمال، تەبىئىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ياتلاشقان ئوخشاش جىنستىكىلەرنىڭ تەقلىدىي جىنسىي ھەرىكىتىنى «مۇھەببەت» دەپ ئاتىشى ۋە ئۇنى جىنسىي مۇھەببەت ئەركىنلىكى كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزۈشى بىلەن ئائىلە بىلەن مۇھەببەتنى بىر ـ بىرىگە زىت قويۇپ، «مۇھەببەت ئەركىنلىكى»نى مۇھەببەتنى ئەركىنلەشتۈرۈش، «پاك مۇھەببەتچىلىك»كە ئايلاندۇرۇش تەشەببۇسلىرى بۇ خىل بىر تەرەپلىمىلىك جۈملىسىدىندۇر.

ئۇلار ھەممىنى نوقۇل غەرب بۇرژۇئازىيىسى كىشىلىك قارىشى تېپىدا قارا ـ قويۇقلا ھۆكۈم قىلىپ، ئائىلە ۋە نىكاھنى، ئائىلە ئەخلاقى ۋە ئائىلە مەدەنىيىتىنى بىر خىل مۇھەببەتنىڭ ھالاكىتى، مۇھەببەتنى چۈشەپ قويۇش، مۇھەببەتكە قارىتىلغان بېسىم ۋە دىكتاتورا، ئىنسان تەبىئىتىگە زىت زۇلۇم، ھەتتا جىنسىيەتنىڭ قۇللۇققا چۈشۈرۈلۈشى، دېيىشتى. دەرۋەقە،

ئائىلە ۋە نىكاھ قالقان قىلىنغان مۇھەببەتسىز تۇرمۇش؛ ئائىلە ئەزالىرى ئىچىدىكى قالايمىقان جىنسىي تۇرمۇش (گىترىزىم)؛ ئەرنى ياكى ئايالنى ئاياغ ئاستى قىلىدىغان ھوقۇق - مەنپەئەت پاھىشۋازلىقى؛ بىرقانچە قېتىم نىكاھلىنىش نىقاب قىلىنغان مۇھەببەتسىز «قانۇنىي» ۋە «ئەخلاقىي» جىنسىي پائالىيەت، ئائىلە باشلىقلىرى مەجبۇرىي ئېلىپ بارىدىغان نىكاھ نامىدىكى «قىلىن مال» سودىسى؛ ئاشىقلارنىڭ نەسەب - دەرىجە توسقۇنلۇقى بىلەن بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ناتونۇشقا مەجبۇرىي نىكاھلىق بولۇش؛ تۇل قالغاندىن كېيىن قايتا نىكاھلىق بولۇشقا جۈرئەت قىلالماسلىق؛ ياشانغان تۇل - بويتاقلارنىڭ ئائىلىلىك بولۇشىغا پەرزەنتلەر ۋە جامائەتنىڭ توسقۇنلۇقى قاتارلىق ھادىسىلەرمۇ ساقلاندى. ئەمما، بۇ ئائىلىدىن ئىبارەت بۇ جىنسىيەت ۋە مۇھەببەتلىك تۇرمۇشنىڭ قانۇنىي شەكلىنىڭ ئەيىبى بولماي، بەلكى مۇئەييەن دەۋر جىنسىي مەدەنىيەت ئېڭى، ئەخلاقىي ئېڭى ۋە ھەرقايسى كونكرېت شەخسنىڭ ئۆزىگە ئالاقىدار ئاجىزلىقى ۋە نۇقسانى ھېسابلىنىشى كېرەك.

ئېيتىش كېرەككى، مۇھەببەتلىك تۇرمۇش ئالدى بىلەن جىنسىي ئۆلپەت تاللاشنىڭ يېگانىلىكىگە قارىتىلغان بولۇپ، باشقا ئۆلپەت تاللىماسلىق ۋە باشقا ئۆلپەت تاللاش ئېڭىدا بولماسلىقنى شەرت قىلىدۇ. بۇ مۇھەببەت مەدەنىيىتىدىكى مۇھەببەت ئەركىنلىكى ۋە بۇنداق ئەركىنلىكنىڭ يېگانىلىكىنىڭ بىردەكلىكى پرىنسىپى ھېسابلىنىدۇ. بۇ يەردە باشقىلارنىڭ ئالدىشى، سېتىشى، دەللاللىقى، بېسىمى ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ ئىختىيارىيلىقى رېئاللاشتۇرۇلغان بولىدۇ.

«ئۆز ئەركىنلىكى» دېگەن مەسىلە دەل بۇ يەردىكى ھالقىلىق ئىبارە بولۇپ، بىز بىلەن «پاك مۇھەببەتچىلىك» قارىشى



ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ نۇقتىسىدۇر. بىز ئۆز ئەركىنلىكىنى نىكاھنىڭ سالماقلىق، ئىختىيارىي، ئۆمۈرلۈك ئەركىن تاللاشنى شەرت قىلىشى بىلەن نىكاھلىق تۇرمۇشنىڭ مۇھەببەتلىك رىشتىسى ۋە ساداقەت ئەجرىنىڭ ئىپتىخارلىق بولۇشىنى شەرت قىلىپ ئىزاھلىساق، «پاك مۇھەببەتچىلىك» قارىشىدىكىلەر مۇھەببەتنى تۇتۇرۇقسىز، قاچان ئىشقى ھەۋىسى تۇتسا، ئۇنىڭ بىلەن خالىغانچە، باشقىچە ئېيتقاندا، ئىنسان سۈرىتىدىكى ھايۋانلارچە قوشۇلۇۋېرىشنى، ھەتتا ئوخشاش جىنسلار «جىنسىيىتى»نى شەرت قىلىدۇ. بۇنداق ھېسابى يوق جىنسىيەتنى قانداقمۇ «مۇھەببەت» دېگىلى بولسۇن! بۇ يەردە مۇھەببەت مۇقەددەسلىكى ساختا ئەركىنلىك ئىبارىسىدا دەپسەندە قىلىنىدۇ. مۇھەببەتنىڭ ھەقىقىيلىقى بىلەن ھەقىقىي مۇھەببەتنىڭ ئەركىنلىكى ۋە مۇنداق ئەركىنلىكنىڭ يېگانىلىكى مۇھەببەت ئەخلاقى ھېسابلىنىدۇ. بۇ، ھەقىقىي مۇھەببەت — مۇھەببەت ئەخلاقىنىڭ ئاساسى، ھەقىقىي مۇھەببەتنىڭ يېگانىلىكى مۇھەببەت ئەخلاقىنىڭ شەرتى، دېگەن سۆز. مۇشۇ ئىككىسى بىر پۈتۈن بولغاندىلا، جىنسىي مەدەنىيەت جىنسىي ئەخلاق قىممىتى ھاسىل قىلىدۇ. بۇ جىنسىي تۇرمۇشنى باھالاشنىڭ ۋىجدانىي ھەم ئەپكارىي (جامائەتچىلىك) ئۆلچىمىدىن ئىبارەت.

ئەگەر جىنسىي خاھىشتا شاللاق ئادەتلەنگەن ئىككى جىنس بىر - بىرىگە يېقىنلىشىپ قالسا، ئۇلاردا جىنسىي خاھىش تەلۋىلىك تۇسىنى ئالىدۇ. ئەمما بۇ ھال ئۇزاق داۋاملاشمايدۇ، باشقا ئوبيېكتلارغا ئالمىشىدۇ. ئۇ نوقۇل جىنسىيەتتە ئىككىنچى جىنستىن ھۇزۇرلىنىشنى نىيەت قىلغان بولۇپ، ئۆز روھىيىتىنى ئۆز ئوبيېكتىغا سىڭدۈرگەن، ئۇنىڭغا قۇربان قىلغان بولمايدۇ. «مۇھەببەت»، «كۆيۈپ قېلىش» نامىدا

تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان جىنايەتلىك جىنسىي تۇرمۇش ئەيىبلىنىشى لازىم. روشەنكى، مۇھەببەت نوقۇل جىنسىي ھۇزۇرلىنىش ياكى ئۆزئارا ھۇزۇرلىنىش ئەمەس.

مۇھەببەت ئەخلاقى بىر خىل جىنسىي مەدەنىيەت ۋە ئائىلە مەدەنىيىتىنى تەرتىپكە سالغۇچى مېخانىزم بولغانلىقى ئۈچۈن نىكاھدىن ئىلگىرىكى جىنسىيەتنى (ھەتتا ئۇ ھەقىقىي مۇھەببەت ئاساسىدا بولسىمۇ) چەكلەيدۇ. ئۇ يەنە مۇھەببەت ئەركىنلىكىنىڭ «پاك مۇھەببەتچىلىك» شەكلىنى ئېلىشىنىمۇ چەكلەيدۇ. مۇھەببەت ئەخلاقى نىكاھنىڭ مۇھەببەتكە قايتىشىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن نىكاھ ئەركىنلىكى بىلەن مۇھەببەت ئەركىنلىكىنى بىرلەشتۈرىدۇ. مۇھەببەت ئەخلاقى يەنە مۇھەببەت ئەركىنلىكىنىڭ قالايمىقان «پاك مۇھەببەتچىلىك» كە قايتىشىنى رەت قىلىپ، مۇھەببەتتىكى ئەركىنلىك بىلەن مۇھەببەتتىكى ساداقەت، پاكلىق ۋە مۇقىملىقنى بىرلەشتۈرىدۇ. جىنسىي خاھىش بىلەن مۇھەببەتنى، مۇھەببەت بىلەن نىكاھلىق تۇرمۇشنى، نىكاھلىق تۇرمۇش بىلەن مىللەتنىڭ مەنىۋى قىياپىتىنى — ئۇنىڭ تەلىم - تەربىيىسى، ئەنئەنىسى ۋە ھاياتىي ئىقتىدارىنى بىرلەشتۈرۈپ قاراش مۇھەببەت ئەخلاقى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ ھەقىقىي مەنىسىدىن ئىبارەت، دەپ قارايدۇ. ئائىلە پۈتۈن فېئوداللىق ۋە غەيرىي نورمال ياتلىشىشلاردىن ئىمكانقەدەر پاكلانغاندىن كېيىن يۇقىرىدىكى جەھەتلەرنى ھەمجەھەت قىلغان روزىغارغا ئايلىنىشى تامامەن مۇمكىن. ئۇ ئىككى جىنس مۇھەببىتىنىڭ مۇقىملاشقان شەكلى سۈپىتىدە مۇھەببەت مېلودىيىسىنى ياڭرىتىشقا تامامەن قادىر. ئۇنداقتا ئۆمرىنى ۋاقىتلىق ئائىلىلەر تىزمىسى — كىرا ماشىنىسىغا ئوخشىغان ئۇلانما ئائىلىلەر بىلەن ئۆتكۈزۈش زۆرۈرىيىتى كېمىيىدۇ. ئائىلىنىڭ مۇھەببەت - پەرزەنت - مىللەتكە قارىتا



بولغان قىممىتى ۋە رولى، رىشتىسى ۋە ھەمىلەشتۈرۈش ئىقتىدارى كۈچىيىدۇ. ئائىلە قۇدرەتلىك ھەرقانداق مېخانىزمدىن قۇدرەتلىك يىمىرىلمەس، ئەبەدىيەت كۆكىرىپ تۇرىدىغان ئورمانغا ئايلىنىدۇ.

بىلىش لازىمكى، ئائىلە مىللەتنىڭ مۇقەددەس قورغىنى. ئۇ مىللەتنىڭ ياتلىشىپ كېتىشىنى، تىل - يېزىقىنى ئۇنتۇشىنى، ئادەت ۋە ئەنئەنىسىنى تاشلىۋېتىشىنى، تەلىم ۋە مەدەنىيەتتە تۇتۇرۇقسىز بولۇپ قېلىشىنى توسايدىغان ئۇلۇغ مۇرەببى. ئائىلە - مۇھەببەت ئىقتىسادىي تۇرمۇش بىلەنلا چەكلەنمەيدىغان، غايەت زور تارىخىي جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالغان ئېتنىك ئىجتىمائىي قاتلام، مۇھەببەت گۈلى ئاقىلانە، مەدەنىيەتلىك ئائىلە بېغىدىلا ئېچىلىشى، مېۋىلىشى مۇمكىن.

# ئالتىنچى باب مۇھەببەت ۋە نىكاھ

«نىكاھ — ئىنسانىنى بىر - بىرى بىلەن سەممىي تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان نۇرانە رىشتىدۇر.»

— ئاپتور

## 1. مۇھەببەت — نىكاھلىق تۇرمۇشنىڭ ئۇلى

ئائىلە ۋە كىشىلىك تېمىسى ئائىلە ۋە مۇھەببەت تېمىسى بىلەن زىچ باغلانغان.

«مۇھەببەت» كەڭ ۋە كۆپ قاتلاملىق ئىبارە. ئىبن سىنا «رىسالەئى ئىشق» («مۇھەببەت ھەققىدە رىسالە») ناملىق ئەسىرىدە ئالەمدىكى زىددىيەت — مەنپىي - مۇسبەت نەرسىلەر ئارىسىدىكى بىرلىكنى، ھەرىكەتنى ۋە تەرەققىياتنى مۇھەببەت، مۇھەببەت ھادىسىلىرى دەپ ھېسابلايدۇ.

خرىستىئان ۋە ئىسلام سوپىزمى قاراشلىرىدا مۇھەببەت ئىنساننىڭ ئىلاھقا بولغان ساپ پىداكارلىقىدىن ئىبارەت. سوپىستىك ئەدەبىياتتا «مۇھەببەت» ئىبارىسى تەڭرى بىلەن قوشۇلۇپ كېتىش مەنىسىدە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

مۇھەببەت كىشىلىك جەمئىيىتىدە «ئومۇمىي مۇھەببەت» (ئىنسانپەرۋەرلىك)، غايە ياكى ۋەتەنگە، ھەقىقەتكە، ئىلىم - پەنگە مۇھەببەت، ئاتا - ئانا بىلەن پەرزەنتلەر ئارىسىدىكى مېھىر -



مۇھەببەت، ئىككى سۆيۈشكەن جىنس ئارىسىدىكى ئىشقىي مۇھەببەت (جىنسىي مۇھەببەت) قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. بۇ كىتابتا ئائىلە نۇقتىسىدىن مۇھىمى ئىشق - مۇھەببەت نۇقتىلىق تىلغا ئېلىنىدۇ.

مەلۇمكى، «مۇھەببەت — ياشاش ئىستىكى» (گوركى)، «مۇھەببەت — ھاياتنىڭ ئۇلۇغ بېزىكى» (لوناچارسكى)، «مۇھەببەت — بەخت خەزىنىسى» (مۇللېر) بولۇپ، ئۇ ئىنسان ۋۇجۇدى، روھىيىتىدىكى قۇدرەتلىك خاھىش، يالقۇنلۇق ئوت، گۈزەل ئۈمىد بەخش تۇيغۇ. مۇھەببەت — كىشىلىك دۇنياسىدىكى ئۇلۇغۋار مەرھەمەتچان روھىيەت، ئىزگۈ ئاڭ ۋە ئىنسانپەرۋەر ھېسسىيات.

مۇھەببەت ئائىلە تۇيغۇسى، نىكاھلىق تۇرمۇشنىڭ ئۇلى ۋە گۈلى، ئاتا - ئانىلىق تۇيغۇلىرىنىڭ راۋاجى، جەمئىيەتكە، مىللەتكە، تۆھپىكارلىققا يۈزلىنىشنىڭ مۇھىم بوسۇغىسى.

ئائىلە نىكاھ مەھسۇلى، مۇھەببەتنىڭ بەرقارار تېپىشى، شۇنىڭدەك، ئۇ مۇھەببەتنىڭ پەرۋىشگاھى ھەم سىنايدىغان دەرگاھىدۇر.

ھەقىقىي مۇھەببەت ئائىلىگە يۈزلەنگەن ۋە ئائىلىدە گۈللەنگەن مۇھەببەتتۇر.

ئائىلىدە ئەركەك زاتىنىڭ بۈيۈك مۇرەببى ئۇنىڭ خوتۇنى بولغىنىدەك، ئايالنىڭ كۆڭۈل ئارامى ئۇنىڭ ئېرىدىن ئىبارەت. «ئۆز ئېرىنىڭ پىكىر - خىيالىدىن بىگانە ئايال مىسالى ئويناش» (گرىتسىن) بولغاندەك، ئۆز خوتۇنىنىڭ ئايال كىشىگە خاس كۆڭۈل ئارامىنى چارلىمىغان ئەر خۇددى ياندۇرۇلمىغان چىراغدۇر.

ئائىلە ئەركەك ئۈچۈن مۇرەككەپ دۇنياغا چىقىش ئالدىدىكى ئارامگاھ، نېرۋىلىرىنى تىنچلاندۇرىدىغان شىپاخانا، ھىجراندىن

ئۆزىگە تەلپۈندۈرىدىغان ۋىسال قىرغىقى، ئۆمۈر بەخش ئۈمىد رەسەتگاھى، بوران - چاپقۇنلاردىن پاناھلىنىش ئورنى، مۈشكۈللۈك توپانلىرىغا تاقابىل نوھ كېمىسى، مۇھەببەت تۈيغۇلىرىنى دولقۇنلاندۇرىدىغان مەيخانا، خۇپىيانە سىرلارنى ساقلايدىغان ئالتۇن ساندۇق، مىللەت ۋە خەلققە رىشتە ۋە مەسئۇلىيەت باغلايدىغان مۇقەددەس قورغان، ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك ئوبرازىنى پىلانلايدىغان لايىھە دەرگاھى.

ئائىلە ئايال ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىلكىدىكى پلانېتىدۇر. ئايال ئۆز ئائىلىسىدە ئۆز ئېرىنىڭ يېڭى ھەيكىلىنى تاراشلايدۇ ۋە ئىزگۈ ئارزۇلىرى ئارقىلىق تەگرىدىن ئۇنىڭغا مۇۋەپپەقىيەت تىلەيدۇ، ئەينەككە قارايدۇ، تاكى ئۇ قېرىپ موماي بولۇپ كەتكەندىمۇ ئۇنىڭ ئېرى ئۇنىڭ گۈزەللىككە تەلپۈنۈشىگە ئىلھامچى سىما بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. ئەركەك ئايال جىسمىدىكى ئىككىنچى جان، ھەتتا ئۆز جېنىمنى قۇربان قىلىشقا ئېلىپ كېلىش ئىقتىدارىدىكى جاندۇر. ئۇ قان ۋە تومۇردىلا ئەمەس، بەلكى پىكىر - خىيال، تەلپۈنۈش ۋە تەلمۈرۈش، ئاڭلاش ۋە نەزەر سېلىش، خۇشال ياكى ناشادلىقىدا ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدىغان جاندۇر.

ئەر - ئايالنىڭ مۇھەببەتكە تولغان ئائىلە ھاياتى جەزبىكارلىق ۋە ئىجادىي كۈچكە تولغان ھايات بولۇشى — ئائىلە بەختى ئەنە شۇ.

مۇھەببەتتىن بەھرىمەنلىك باي بولۇشتىن ئەۋزەل، ئۇ تەلەپ قىلغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، مەرھەمەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ھەرقانداق قىسمەتكە — غۇربەتچىلىك ۋە ئىغۋاگەرچىلىك زەربىلىرىگە تاقابىل تۇرغانلىقى ئۈچۈن بەخت خەزىنىسىدۇر.

مۇھەببەت ئۆزىنىڭ پاكلاشتۇرۇش ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە جاسارەت بەخش ئېتىش كۈچى بىلەن ھەرقانداق بايلىق، ھوقۇق ۋە شۆھرەتتىن قۇدرەتلىك، مۇستەھكەم ۋە لەززەتلىكتۇر.



ھومېرنىڭ «ئىلىئادا» داستانىدا رەشك ئىلاھەسى ئېراتو ئالتۇن ئالمىنى باش تەگرىنىڭ گۈزەل ئايالى ھېرا، گۈزەل قىزى ئافىنا ۋە ئافرۇدىتا ئالدىغا قويۇپ قويىدۇ. بۇ ئۈچ گۈزەل ئالتۇن ئالمىنى تالىشىپ قالىدۇ. ئالتۇن ئالمىدا «ئەڭ گۈزەلگە بېغىشلانغان» دېگەن يېزىق بولغاچقا، ئۈچ گۈزەل ئىلىئادا پادىشاھىنىڭ ئوغلى پارىسقا ئەڭ گۈزەل كىم ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىدۇ. ھېرا — ئەگەر ئۆزىنى ئەڭ گۈزەل دەپ كۆرسەتسە، دۇنيادا تەڭداشسىز بايلىق ئاتا قىلىشقا؛ ئافىنا — ئەگەر ئۆزىنى ئەڭ گۈزەل دەپ تىلغا ئالسا، دۇنيادا يېڭىلمەس قەھرىمان قىلىشقا ۋەدە بېرىدۇ. گۈزەللىك ۋە مۇھەببەت ئىلاھەسى ئافرۇدىتا — ئەڭ گۈزەل خانىش ئېلىنانىڭ ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇشى بەدىلىگە ئۆزىنى ئەڭ گۈزەل دەپ ھۆكۈم قىلىشنى ۋەدە قىلىدۇ. پارىس ئافرۇدىتانى دۇنيادا ئەڭ گۈزەل ئىلاھە دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ. مۇھەببەت چىن مەنىسىدە سېتىلىشقا موھتاج نەرسە ئەمەس ۋە سېتىلىشقا موھتاج نەرسە مۇھەببەت ئەمەس. مۇھەببەت ئۆز مەھبۇبىغا تەلپۈنۈش بىلەن بىللە ئۆزىنى داۋاملىق پاك ۋە گۈزەللەشتۈرۈپ تۇرىدىغان ئوت. مۇھەببەت بارچە گۈزەل پەزىلەتلەرنىڭ ئىجادچىسى، بارچە ئىجادىي تۆھپىكارلىقنىڭ ئىلھامچىسى.

ئائىلە مۇھەببىتى — «نىكاھلىق تۇرمۇش ھەر كۈنى تەمىن ئېتىلىشى لازىم بولغان بىنا» (مورۇئا)، «مۇنازىرە بىلەن ئۇزۇلۇپ تۇرىدىغان ئۇزۇن سۆھبەت» (ستىۋېنسون). ئائىلە بەختىنىڭ مەركىزىي ئوقى بولغان ئايالنى چۆرىدىگەن ھالدا تۇرمۇش، خاراكتېر، مۇھەببەت، زىددىيەت ۋە ئىختىلاپلىرى بىلەن تاۋلىنىدۇ.

ساداقەت — ئىناقلىقنىڭ بىرىنچى شەرتى. ساداقەت ئۆزىنى ۋە ئۆزگىنى ھۆرمەتلەش شاراپىتىدىن تۇغۇلغان پاكلىق

ۋە ئىپپەتتۇر. مۇھەببەت گۈلى ئىشەنچ بېغىدا ئۆسىدۇ، ئېچىلىدۇ. مۇھەببەتنىڭ ماكانى ۋە ھاياتىي كۈچى ئىشەنچتۇر. سۆيگۈ پەقەت ئۆزىگە ئاسىيلىق قىلىشتىن باشقا ھەممە گۇناھنى كەچۈرىدۇ، پەقەت ئۆزىگە ئاسىيلىقنى كەچۈرمەيدۇ. لومونوسوف توغرا ئېيتىدۇ: سۆيگۈ ساقلانغان ھالدا «سۆيگۈنىڭ ئەڭ كۈچلۈك زەربىلىرىمۇ يېقىملىقتۇر.»

رەشىك — «مۇھەببەتنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى ۋە ئەڭ يامان دۈشمىنى» (برونو)، ئۇ كەڭ مەنىدە ئۆز سۆيگىنىنى ياخشى كۆرۈشنىڭ قىزغىنىش شەكلىدىكى تەبىئىي تۇيغۇدا ئىپادىلىنىشى بولۇپ، يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋانلاردىمۇ كۆرۈلىدۇ. رەشىك تەسەۋۋۇرچان ۋە دەرغەزەپ بولىدۇ، ئۇ «ئاتېلو» پاجىئەسىدە شېكسپىر تەرىپىدىن تىپىك تەسۋىرگە ئېرىشتۈرۈلگەن. رەشىك چەكلەشكە بولىدىغان ئالدىنقى ئاڭ (Preconscious)، ئۇ ئاڭ ۋە تولۇق ئىشەنچ ئارقىلىق ھاي بېرىلىدۇ ۋە چەكلىنىدۇ. شۇنداقتىمۇ، رەشىك تۇيغۇسىنى دىققەت نەزەرنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇش خېلى قىيىندۇر.

ئائىلە، مۇتلەق مەنىدە بەخت دەرگاھى ئەمەس. ئۇ، مەدەنىيەت ۋە ئەقىل - پاراسەت، ئەخلاق ۋە سەنئەت بىلەن بىرلەشكەن مۇھەببەت ئاساسىدىلا بەخت گۈللىنىشى بولۇشى مۇمكىن.

«يامان خوتۇن بىلەن ياشاش كۆلبەڭدە كۆتۈرۈلگەن بوران» (پىتتىسىن)، مۇھەببەت ۋە نىكاھ نامىدا يامان ئەر قولىغا چۈشۈش «ئەخلاق» نامى سۇيىئىستېمال قىلىنغان مۇدھىش زىندانغا چۈشۈشتىن پەرقسىز. ئىككى نابابنىڭ نىكاھلىنىشى ئاتالمىش «ئائىلە» كىتابىدىكى بۇزغۇنچىلارنىڭ ھەرىكەت ھەمدەملىكىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئايال جىنسى - قىز، نىكاھدىن ئىلگىرى ئاياللىق غۇرۇرىنى قوغدىلىنىش ۋاستىسى



قىلىشقا ھاجىتى بولمىغان ئىزگۈ ۋە شەپقەت بەخش ئەركەكنى سۆيۈشى ئاقلانىلىكتۇر. ئايالنىڭ پەزىلەتلىك ئېرىگە نىسبەتەن ئارتۇقچە ئېھتىيات غۇرۇرىنى ئىشقا سېلىشى ھاجەتسىز، ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن ئېرىنى ئۆز ئالقىنىغا ئېلىشقا ئۇرۇنۇشى يولسىزلىق.

ئاياللار ئۆز ئېرىدىن ئۆزىنى ئائىلىۋى تۇرمۇشنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدە بىرىنچى ۋە مەركىزىي ئورۇنغا قويۇپ ئويلىشى، غەمخورلۇق قىلىشنى ئۈمىد قىلىدۇ، بۇ تەبىئىي تۇيغۇ. ئەر ئۈچۈنمۇ ئۇنىڭ مەردانىلىكى، ئايالنىڭ قەدرىنى ئاڭلىق ۋە يوللۇق ھالدا ئۆز غەمخورلۇقى، مېھرى، ئىززىتى بىلەن ھۆرمەتلەشتە گەۋدىلىنىدۇ. ئەرلىك — ساقال - بۇرۇت ئەمەس، قەلب. ئەرلىك كۈچى — تەمبەل گەۋدە ۋە مۇشت ئەمەس، مەرھەمەت مەردلىكى. ئايال ئەرنىڭ گەۋدىسى ۋە پۇلىغا ئەمەس، قەلبى ۋە بۈركۈت قانىتى — ھىمايە قىلىش چەبدەسلىكىگە موھتاج. ئايالنى خارلاش بىلەن ئۈستۈنلۈك ئېلىشقا ئىنتىلىش ئەرنىڭ ئەركەكلىكى بولماي، نامەردلىكتۇر. بۇ، پەرزەنتنى خارلاشقا بېرىپ تاقىلىدۇ. ئايالنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشىش ئۇنى پاك، سەمىمىي ھۆرمەتلەشنىڭ مۇكاپاتى، خالاس.

ئاياللار پەقەت تولۇق ئاياللىق ئوبرازىنى تىكلەپ، ئاياللىق زۆرۈرىيەت ۋە مۇھەببەت بۇرچلىرىنى ئورۇنداش ئارقىلىقلا ئۆز ئېرىنىڭ رازىمەنلىكى، قايىللىقى ۋە ھۆرمىتىگە ئېرىشەلەيدۇ. ھۆرمەت تارتىپ ئالىدىغان نەرسە ئەمەس، ئۇرغۇپ چىقىدىغان مىننەتدارلىقتۇر. ئەر قەلبىدىكى ھېس - تۇيغۇنى ئوتتەك يالقۇنغا ۋە ئۇنى ئەستايىدىل رازىمەن تەپەككۇرغا ئايلاندۇرۇشنى بىلمىگەن ئايال دەۋا - دەستۇر، قېيداش بىلەن ئۆز ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرىدۇ. روشەنكى، ئەر - ئايالنىڭ بىر - بىرىگە

ھاقارەتنى ماھىيەتتە ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئۆز ئوبرازىنى «بومباردىمان» قىلىشتۇر. ھۆرمەت خۇنۇك ئوبرازنىڭ ئەمەس، ئەكسىچە، نۇرانە ئوبرازنىڭ چاچقان شولىسىدىن باشقا يەنە نېمە بولۇشى مۇمكىن!

ئائىلە تۇرمۇشىدا ئەر - خوتۇن مۇھەببىتى ئۇلۇق ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ جەھەتتىكى زىددىيەتلەر ئائىلە بوھرانىغا — بەختسىزلىك ۋە نىكاھدىن ئاجرىشىشقا ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن. ئائىلىۋى مەسىلىلەرنى ئاڭلىق ھەل قىلىش ئۈچۈن ئائىلە ئەزالىرىدا مۇھەببەت ئېڭىنى يېتىلدۈرۈش لازىم. بۇ ماھىيەتتە مۇھەببەت مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت.

## 2. ئائىلىدە مۇھەببەتنى پەرۋىش قىلىش ۋە ئائىلە بوھرانى

ھەممە نەرسە قارىمۇ قارشىلىقنىڭ بىرلىكىدىن، ئىككى قۇتۇپنىڭ بىر - بىرىنى جەلپ قىلىشى ۋە سىرتقا قېقىشى قانۇنىيىتىدىن خالىي ئەمەس. مۇھەببەت، ئائىلە مۇناسىۋەتلىرىمۇ شۇنداق. باشتىن - ئاياغ بىر خىل قىزغىنلىق، بىر خىل تەبەسسۇم، بىر خىل خۇشاللىقنى ئارزۇ قىلىدىغان، تۇرمۇشنى زىددىيەتسىز ھەل قىلىدىغان كىشىلەر خىيالغا بېرىلگەن كىشىلەردۇر. مۇنداق خىيالىي، تاۋى نازۇك، مۇھەببەت ۋە بەخت - سائادەت قارىشى رېئاللىقتىن، بولۇپمۇ ئۆزى تەۋە بولغان ماكان، زامان ۋە مىللەت تۇرمۇشىنىڭ رېئاللىقىدىن ئايرىلىپ ھالقىپ كەتكەن كىشىلەر تولا ھاللاردا بەختسىز بولىدۇ. بۇنداق بەختسىزلىك ئۇلارنىڭ بەخت قارىشىنىڭ قانائەتلەنمەسلىكىدىن بىر خىل ئۆزىنى بەختسىز ھېس قىلىدىغان خاتا تۇيغۇدىن ھاسىل بولغان.



بىلىش لازىمكى، مۇھەببەت قېتىپ قالغان ئۇيۇل كرىستال ئەمەس، ئۇ داۋاملىق پەرۋىش قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭدەك بۇنداق پەرۋىش ھەر ئىككى تەرەپنىڭ سەمىمىي نىيەت ۋە پائال جاسارەت بىلەن بىرلىكتە پەرۋىش قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. مۇھەببەتنى پەرۋىش قىلىشقا ئېلىپ كېلىدىغان نەرسە تۇرمۇش قايناملىرىدىكى ئېگىز - پەسلىكتۇر. بىر خىل روھىي ھادىسە بولغان مۇھەببەت تۇرمۇش جەريانىدا دائىم لەرزىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئادەم ئېڭىغا توپلانغان ھېس - چۈشەنچىلەر كىشىنىڭ مۇھەببەت روھىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ھەمكارلاشقۇچى ئىككى مەھبۇب ئۆز ئەجرى - ئەمگىكىنىڭ توغرا باھالىنىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بەزى ھاللاردا گۈزەل ئاياللاردا بىلىپ - بىلمەي مەغرۇرلۇق، تەمەننا بىلەن بىللە كوتۇلداش ئىللىتى ئۆسۈپ قېلىشى مۇمكىن. نەتىجىلىك ئەرلەردىمۇ كىبىر ۋە كۆرەڭلىك بىلەن ئۆز مەھبۇبىنى بارغانسېرى كىچىكلىتىپ كۆرۈش خاھىشى پەيدا بولۇشى مۇمكىن. يەنە كېلىپ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر، قۇرۇق سۆز - چۆچەكلەرمۇ ئائىلىگە غۇۋا گۇمان تۇتەكلىرى ياپىدۇ. مانا بۇ مۇھەببەتنى دائىم جاراھەتلەندۈرۈپ قويىدۇ. ئائىلىدە مۇھەببەت دائىم پەرۋىش قىلىنىدىغان گۈل، دائىم ئىسلاھ قىلىنىپ تۇرىدىغان بىناكارلىق، دائىم تەڭشەپ تۇرىدىغان گارمونىيىدىن ئىبارەت. بۇنداق ئائىلە مۇھەببىتىنى پەرۋىش قىلىش يوللىرى ئىككى بولۇپ، بىرى، پىكىر - ھېسسىياتتا يېقىنلىق مۇساپىسىنى ساقلاش. بۇنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى مەۋقە، كۆز قاراش، پىكىر قىلىش ئۇسۇلى، بىلىم قۇرۇلمىسى، باھا ۋە مەدەنىيەت ئۇسلۇبى جەھەتلەردە بىر - بىرىگە ئەڭ يېقىن بولۇش. بۇ ئىككى مەھبۇب ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ئەڭ ئالدى بىلەن مەنىۋى دۇنيا مۇناسىۋىتى ئىكەنلىكىنى، مەنىۋى دۇنيا

مۇناسىۋىتىدە ئارىلىقتىكى «ئۈزۈك قاتلام» نى تولىمۇ چوڭايتىۋەتمەسلىكنى، مەنىۋى دۇنيادىكى ئارىلىق بوشلۇقىنى تېز تولدۇرۇۋېلىشقا تىرىشىش لازىملىقىنى، بۇنى قۇرۇق ھال كۆرسىتىش ۋە تەمەننا بىلەن ئىنكار قىلماسلىق، يوپۇرتماسلىق لازىملىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. يەنە بىرى، ئائىلىۋى تۇرمۇشتىكى قىزغىنلىق، ۋاپا كۆرسىتىش، نورمال جىنسىي تۇرمۇش، ئەستە قالارلىق ھېسسىياتقا ئىلھام بېغىشلىغۇچى بىر قاتار ئۇششاق ھېكايىلىق (ۋەقەلىك) پائالىيەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

مۇھەببەت بوھرانى بىلەن ئائىلە بوھرانى ئومۇمەن ئىككى سەۋەبتىن يۈز بېرىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ بىرىنچىسى، ئىلگىرى بايقالمىغان مەۋقە، كۆز قاراش، خاراكتېر ۋە شۇنداق مۇھىم ئىندىۋىدۇئال زىددىيەتنىڭ بايقىلىشى، تۈزەلمەسلىكى ياكى كېيىنكى ۋاقىتلاردا مەنىۋى تۇرمۇش بىلەن جىنسىي تۇرمۇشتا قۇتقۇزغىلى، تولۇقلىغىلى، يامىغىلى بولمايدىغان زىددىيەت، «ئۈزۈك قاتلام»، ياتلىشىشنىڭ كېلىپ چىقىشى بولسا، ئىككىنچىسى، ئەرزىمەس ئەمما دائىم كەيپىيات مۇھىتىنى بۇلغايدىغان ئۇششاق ئەخلەت ۋە ئىللەتلەرنىڭ توپلىنىپ، تاقەت قىلالماسلىق دەرىجىسىگە يېتىشى بولىدۇ. ئادەتتىكى مۇھەببەت بوھرانى بىلەن ئائىلە بوھرانلىرىنىڭ شەكىللىنىشىدە كېيىنكى سەۋەب كۆپ ئۇچرايدىغان، بۇزغۇنچىلىق تەسىرى جانغا تېگىدىغان گەۋدىلىك ئامىل ھېسابلىنىدۇ.

بۇ يەردە مۇھەببەت بوھرانىنى، ئۇنىڭغا ئەگەشتۈرۈپ ئائىلە بوھرانىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان بەزى ئادەت ۋە زىددىيەتلەر ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ كۆپ ئۇچرايدىغان شەكلى گەپ - سۆزدىكى بولمىغۇر ئۇششاق نىزالاردىن ئىبارەت. شۇنى ئەستايىدىل ئېتىراپ قىلىش



لازىمكى، ئائىلىدە ئايال بەخت، خۇشاللىق، ئائىلە تەرتىپى، ئائىلە تەربىيىسى، ئائىلە ئىقتىسادى ۋە ئائىلە راسخوتىنى، ئائىلىۋى ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ مەركىزى بولغىنى ياخشى. ئەمما، ئۇ ئىككى شەرت بىلەن — ئەرنىڭ قوللىشى، ھەمكارلىقى، يول قويۇشى بىلەن ئايالنىڭ ھەممە تەرەپنى ھېسابقا ئېلىشى، ئەرنىڭ پىكىر - مەسلىھەتكە ئېتىبار قىلىشى بىلەن بولسا بولىدۇ. بۇ جەھەتتىكى ھەربىر زىددىيەت، ئىختىلاپ، تالاش ۋە يېرىقتا ئايال بىرىنچى مەلھەم بولۇشى لازىم.

ئائىلە دۆلەت (سىنىپىي كۈرەش قورالى) ئەمەس. پارلامېنت سايلىمى ياكى پاي چېكى رىقابىتى دەرگاھى ئەمەس. مۇھەببەتتە ھاكىم - مەھكۇم، غالىب - مەغلۇپ بولمايدۇ. بۇنداق ناتەكشى مۇناسىۋەت بار جايدا مۇھەببەت بولمايدۇ. مۇھەببەت نوقۇل مەنىدە «كۆڭۈل ئازادىلىكى» دىكى گارمونىيە. ئەمما، رېئال سەۋىيىدىكى كىشىلەر، ھەرخىل رېئال خاھىشلار، رېئاللىقتىكى زىددىيەتچان روھىيەت ۋە ئىش - ھەرىكەتلەر مۇھەببەتكە ئارقا - ئارقىدىن زەربىلەر ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ يەنىلا كۆڭۈل ئازادىلىكى ئاساسىدا ھەل قىلىنىدۇ.

مۇھەببەتتە بوھران پەيدا قىلىدىغان ئۆتكۈر ھاقارەتلىك سۆز - ھەرىكەتتىن ساقلىنىش مۇھەببەت مەدەنىيىتى تەربىيىسىدىكى مۇھىم مەزمۇن.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، ئائىلە بوھرانىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئىككى توپ زىددىيەت ئىچىدە، ئىككىنچىسى، ئائىلىۋى تۇرمۇشتىكى ئۇششاق زىددىيەتلەر (مەسىلەن، بىر - بىرىنىڭ ھالىغا يەتمەسلىك؛ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلار ياكى ئىجتىمائىي قىيىنچىلىقلار كۈچەيگەندە بىر - بىرىدىن نارازى بولۇش، بىر - بىرى بىلەن ھەمجەھەت بولۇپ، قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈش سۇباتلىقىنىڭ كەم بولۇشى؛ بالىلار تەربىيىسى

مەسىلىسىدىكى بىر قول قاتتىق، بىر قول يۇمشاق بولۇشتىن كېلىپ چىقىدىغان زىددىيەتلەر؛ بەزى زىددىيەت مۇھەممىدا زىددىيەت خاراكتېرى ۋە زىددىيەت دائىرىسىدىن ھالقىغان كەيپىيات ۋە نامۇۋاپىق زەخىملەندۈرگۈچى ئۆتكۈر سۆزلەرگە ھاي بېرەلمەسلىك قاتارلىقلار) مۇۋاپىق تاقەت قىلىش، چۈشەندۈرۈش، يول قويۇش بىلەن مۇھەببەت بوھرانى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلمەي ھەل قىلىنىشى مۇمكىن. شۇنىسى ئېچىنىشلىقكى، بەزىدە بۇنداق ئۇششاق زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىش ئورنىغا، تەرسا ھېسسىيات ئەقىل - ئىدراكتىن غالىب كېلىپ، مۇھەببەت بوھرانى ۋە ئائىلە پاجىئەسىنى، ھەتتا ئىجتىمائىي پاجىئەنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. بىر قاتار ئېغىر جىنايى ئىشلار قاتارىغا ياتىدىغان ئىجتىمائىي پاجىئەلەرنىڭ سەۋەبلىرىنى سۈرۈشتۈرگەندە ئۇنىڭ ئەرزىمەس، بىھۇدە ئائىلە زىددىيەتلىرىدىن پەيدا بولغانلىقىنى كۆرىمىز.

ئائىلە بوھرانىنى مۇھەببەت بوھرانى دەرىجىسىگە كۆتۈرىدىغان تۈپ زىددىيەت مۇھەببەت ۋە ئائىلىنىڭ مەنىۋى يىلتىزىغا پالتا چېپىشتىن كېلىپ چىقىدۇ. مۇرەككەپ كىشىلىك جەمئىيەتتى بىلەن ھەرخىل مەدەنىيەت تىپى ۋە مەدەنىيەت دەرىجىسىدە تۇرۇۋاتقان خەلقلەردە بۇنىڭ ئىپادىلىرى ھەرخىل بولۇپ، بىر - بىرلەپ توختىلىش ھەم مۇمكىن ئەمەس، ھەم ھاجەتسىز. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يېقىنقى ئائىلە تۇرمۇشىدا ئۇنىڭ مۇھىم ئىپادىلىرىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە مۇنۇ تۈپ نۇقتىنى تىلغا ئېلىش لازىم. ئۇ بولسىمۇ ئائىلىنى غەرەزلىك يوسۇندا بۇزۇش خاراكتېرىدىكى بولمىغۇر ئەخلاقسىزلىقلار بىلەن چىرىتىش ياكى چىرىتىشكە ئۇرۇنۇش بىلەن، ئائىلە ئىچىدىكى ئەرنىڭ ئايالغا، ئايالنىڭ ئەرگە قارىتا ساداقەتسىزلىكى بىلەن داۋام قىلىدىغان ئائىلىۋى تۇرمۇش سىرتىدىكى چۈشكۈن جىنسىي



قىلمىشتىن ئىبارەت.

ئېيتىش كېرەككى، بىر جەمئىيەتتە ناھايىتى ئاز ساندا بولسىمۇ تۇرمۇشتا چىرىگەن، ئەخلاقىي قېلىپتىن چىققان ئەر ياكى ئاياللار بولىدۇ. ئۇلارنىڭ چىرىتىشى ۋە تەسىر قىلىشى بىلەن بۇنداق چۈشكۈنلەشكەن بەدنۇى كۆچلەر مەلۇم تۈركۈمنى شەكىللەندۈرىدۇ، بىر قاتار چىرىتىش، ئاداشتۇرۇش تەجرىبىلىرى، ھىيلە - نەيرەڭلىرىگە ئىگە بولىدۇ. ئۇلار ئەقەللىي ھايۋانىي جىنسىي خاھىش ياكى بىرەر ھوقۇق، نام - شۆھرەت، ئىقتىسادىي تاپاۋەت ياكى باشقا تۇرمۇش قولايلىقلىرىغا ئېرىشىش ئۈچۈن خاتىرجەم، ھەتتا ئاقىدىل ئائىلىلەرگە قول سالىدۇ، ئۇلاردا يۇقۇملىنىشتەك ئائىلە ۋە مۇھەببەت كېسەللىكى پەيدا قىلىدۇ. ياخشى ۋە ئىپپەتلىك ئايالى تۇرۇپ، ئار - نومۇسنى تاشلاپ سىرتقا قارايدىغان ھالەتنى داۋاملاشتۇرۇشتىن بىزار بولمايدىغان ئەرلەر، ياش - سەبىي قىزلارنى پۇل ۋە باشقا مەنپەئەتدارلىق بىلەن يولدىن ئاداشتۇرىدىغان ئەرلەر بىلەن ئېرى ۋە پەرزەنتلىرى تۇرۇپ، بىر ھەتتا بىرقانچە ئەركەك بىلەن يولسىز، ئەخلاقسىز مۇناسىۋەتتە بولىدىغان ئاياللار، ھەتتا بۇ جەھەتتە تۈركۈملىشىۋالغان ئاياللار پۈتۈن مىللەتنىڭ روناق تېپىشىدىكى مۇقەددەس قورغان — ئائىلىنى بۇزغۇچى ئىجتىمائىي جىنايەتكارلار بولۇپ، ئۇلار ئاتالمىش «جىنسىيەت ئەركىنلىكى» كۈنلىكىدە مۇھاپىزەت قىلىنماستىن، پۈتۈن جەمئىيەت ۋە پۈتۈن مىللەت تەرىپىدىن قاتتىق ئەيىبلىنىشى، تازىلىنىشى لازىم. بۇ ئاساسىي خەۋپ - تۈپ كۈشەندە تازىلانمىسا، ئائىلە روھىيىتى خاتىرجەم، ئائىلە مۇھەببىتى سادىق كاپالەتكە ئېرىشەلمەيدۇ.

يەنە شۇنىمۇ ئېيتىش كېرەككى، بازار ئىگىلىكى، پۇل مۇئامىلىسىنىڭ تۈرتكىسىدە بەزى ئەرلەر باي بولغانلىقىغا قىن - قىنىغا

پاتماي قەدىناس ئايالى ۋە بالىلىرىنى تاشلاپ ياش خوتۇنلارغا ئۆيلىنىدىغان، ھەتتا ھەرخىل ۋاستىلەر بىلەن كۆزى چۈشكەن ئايالنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئائىلىسىنى بۇزىدىغان ئەھۋال بىلەن ياش قىز - ئاياللارنىڭ پۇل ياكى باشقا تۇرمۇش مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن ئۆزىدىن ئالاھىدە چوڭ ياشتىكى ئەرلەرگە تېگىشىۋالىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلمەكتە. بۇ مىللىتىمىزنىڭ گۈزەل، ئەنئەنىۋى ئائىلە ئەخلاقى ۋە ئائىلە توغرىسىدىكى جامائەت پىكرىگە زىت بولۇش بىلەن پۈتۈن ئائىلە قاراشلىرىنىڭ نورمال ئۇلىنى لەرزىگە سالىدىغان ئىللەت بولۇپ، پۈتۈن جەمئىيەت چەكلىشى لازىم.

ئائىلە بوھرانى يالغۇز ئائىلە مۇھىتىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ قالماستىن، يەنە جەمئىيەتتىكى قىممەت قارىشى ئۆزگىرىشىنىڭ، ھەرخىل چىرىتكۈچى كىنو - تېلېۋىزىيە ۋە كىتابلار تەسىرىنىڭ ۋاستىسى بىلەن باغلانغان. بۇ بىزدىن ئائىلە بوھرانىنى پۈتۈن جەمئىيەت ئەخلاقىي تەربىيىسى بىلەن ئائىلە ئىچكى تەربىيىسىنى بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ يەردىكى تۈپ نۇقتا يەنىلا ئائىلە مۇھەببىتىنى پەرۋىش قىلىشتۇر.

ئائىلە مۇھەببىتىنى پەرۋىش قىلىشنىڭ مىللەت ۋە مەدەنىيەتتە تۇتقان ئورنى چوڭ. يېتىملار، ئۆگەيچىلىك، قايتا ياكى تەكرار نىكاھلىنىش قەلب گۈلزارىنى بۇزىدۇ، پەرزەنتلەردە كۆلپەتلىك تەسىر قالدۇرىدۇ، مەنىۋى قىياپەت بۇلغىنىدۇ.

ئائىلە مۇھەببىتىنى پەرۋىش قىلىشنىڭ يولى ئائىلىنى غەپلەتتە، نادانلىقتا، ئاسارەتتە تۇتۇش بولماستىن، ئائىلە مەدەنىيىتى، مۇھەببەت مەدەنىيىتى چۈشەنچىلىرىنى ئېچىش ۋە ئەمەلىي جەھەتتە ھەر ئىككى تەرەپ قىزغىنلىق كۆرسىتىش.

بىلىش لازىمكى، ئاياللار «يىغلاپ» كۈچ كۆرسىتىش،



«ئۆزىنى تاشلىۋېتىپ» كۈچ كۆرسىتىش، «ياسىنىۋېلىپ، جىنسىيەتنى رەت قىلىپ» كۈچ كۆرسىتىش، «كوتۇلداپ تەگەپ» كۈچ كۆرسىتىش، «ئائىلە ئىشىنى تاشلاپ ياكى يامانلاپ چىقىپ كېتىپ» كۈچ كۆرسىتىشتىن ئىبارەت بەش خىل «ئەڭگۈشتەر» ئىشلەتكەنچە ئىشنى بۇزىدۇ. بۇنىڭ ئائىلە تۇرمۇشىدا ئىپادىلىنىشىدىن ساقلىنىش قىيىن. بۇ يەردە ئەڭ مۇھىمى، ئايالنىڭ بۇ «ئەڭگۈشتەر»لەرنىڭ مىقدارى، ئېغىرلىقىنى ناھايىتى قاتتىق تىزگىنلىشى، ھەرگىز «سىيرىلغانچە سىيرىلىپ كەتمەسلىكى» دۇر. بولمىسا، ئائىلىدە تەتۈر پسىخىكا پەيدا قىلىپ قويىدۇ. ئاتا - ئانىسىدىن، ئەتراپىدىكىلەردىن يۇقتۇرغان بۇنداق ئىللەتنى ياش ئەۋلاد ئاڭلىق تۈزىتىشى كېرەك.

ئەرلەرمۇ ئايالىنىڭ كوتۇلدىشىغا پەرۋا قىلىپ كەتمەسلىكى، ئاياللارنىڭ پسىخىكىسىدىكى «ئۆز - ئۆزىنى ياخشى كۆرۈش»، «باشقىلارنىڭمۇ ئۆزىنى ياخشى كۆرۈشىنى خالاش» ئالاھىدىلىكىنى چۈشىنىشى، ئۇلاردىكى تاغ ھاۋاسىدەك بىردەم ئېچىلىپ، بىردەم تۇتۇلۇپ قېلىش كەيپىيات مۇقىمسىزلىقىنى ھېسابقا ئېلىشى لازىم. كوتۇلداپ تەگەش ئۆزى مۇھەببەتنىڭ بىر خىل سەلبىي شەكلىدىكى ئىپادىسى بولۇپ، ئۇ «ماڭا مۇھەببەت بېغىشلىشىڭ يېتەرسىز بولدى» دېگەن ئۇچۇردىن ئىبارەتلىكىنى بىلگەن ياخشى.

ئەرلەر بىر - بىرىدىن زور دەرىجىدە پەرقلەنگەندەك، ئاياللارمۇ ھەرخىل سۈپەتلىكتۇر. ئېرىنىڭ سىياسىي - ئىقتىسادىي قىسمەتلەر بىلەن ناباب تەقدىرگە دۇچ كېلىشى تۈپەيلى، كېسەللىك بىلەن يېتىپ كېتىشى تۈپەيلى، كەسىپكە بېرىلىپ ئائىلىدىن تولۇق خەۋەر ئالالماسلىقى تۈپەيلى يامان كىشىلەرنىڭ بىۋاسىتە ياكى باشقا ئاياللار ئارقىلىق تولىمۇ

ھېسسىياتچان ۋە كۆيۈمچان قىياپەتتە ئۇ ئايالنى ئالداپ كېتىشكە بەرداشلىق بېرىدىغان ئالىيجاناب ئاياللارمۇ، بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان بوشاڭ، ھەتتا پەسكەش ئاياللارمۇ بولىدۇ. يۇقىرىدىكى ھەممە ناباب ئەھۋال بىر ئەردە ئىپادىلەنگەندىمۇ، ھەرقانداق نوپۇزلۇق، ئىمتىيازلىق ئالدامچىلار ئالدىدا ئۆز مۇھەببىتىگە سادىق بولغان ئاياللارنىڭ قەلبىي ۋە ئوبرازى مەدھىيىلىنىشى، ئايالار ۋە ئەرلەر تەربىيىلەش ئۈلگىسى قىلىنىشى لازىم.

ئىنسان ھاياتقا بىر كېلىدۇ. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ھۇزۇرلانمىغان پەسكەشلىكلىرىدىن ئارمان قىلمايدىغان، بەلكى ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكلىرىدىن پۇشايمان قىلىدىغان بولغىنى تۈزۈك. چۈنكى، روھىيەت مىزان قىلىنغان ئىنساننىڭ ئىش ـ ھەرىكەت قىممىتى جىسمانىي لەززەت بىلەن ئەمەس، بەلكى مەنىۋى ئىپتىخار بىلەن ئۆلچىنىدۇ.

## 3. قايتا نىكاھلىنىش ۋە قايتا نىكاھلىنىش ئەخلاقى

ھايات مۇرەككەپلىكلىرى، ئىجتىمائىي ۋە جىسمانىي پاجىئەلەر ئائىلىدە ئەكس ئېتىدۇ. ئۇنىڭ بىر تۈرى ئەر ياكى ئايالنىڭ بويتاق ـ تۇل ھالەتكە ئۆتۈشى بىلەن قايتا نىكاھلىق بولۇشىدىن ئىبارەت.

قايتا نىكاھلىق بولۇشقا مۇمكىنلىك بېرىدىغان ھادىسىلەر ئومۇمەن مۇسىبەتلىك (بىر جۈپنىڭ قازا قىلىشى تۈپەيلى)، سۇيىقەستلىك (باشقىلارنىڭ ئائىلىنى بۇزۇشى ياكى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مەجبۇرلىشى تۈپەيلى)، يەڭگىلتەكلىك بىلەن بىزار بولۇش تۈپەيلى، ھەقىقىي ئۆز تەقدىرىنى قۇتقۇزۇش تۈپەيلى يۈز



بېرىدۇ. پۈتۈن مەسىلە دەل بۇ مۇمكىنلىكنىڭ خاراكتېرى ۋە بۇ پائالىيەتنىڭ ئەقلىي ـ ئەخلاقىي خاراكتېر ـ ساپاسىدا.

بىز يۇقىرىدىكى تۆت خىل ئەھۋالنىڭ مۇسىبەت تۈپەيلى ۋە ھەقىقىي يامان ئوبيېكتتىن خالاس بولۇش قەتئىيىتى تۈپەيلى يۈز بېرىشىنى ھېچقانداق ئەيىبلىيەلمەيمىز. سۇيىقەستلىك ۋە يەڭگىلتەكلىك تۈپەيلى نىكاھدىن ئاجرىشىشنى يولسىز، زىيانلىق پاجىئە دەپ قارايمىز.

شۇنىڭ بىلەن بىللە بىزدە يەنە ھەقىقەتەن جىنسىي جەھەتتە بۇزۇلۇپ، مال ـ دۇنياغا قىزىقىپ، ياش قۇرامى ياكى ھۆسن ـ جامالىنى نەزەردە تۇتۇپ نىكاھدىن ئاجرىشىدىغان؛ تۇل ۋە بويتاقلىقنى خاس ياكى كوللېكتىپ ئىپپەتسىزلىك بىلەن بىزاۋىتە قىلىدىغان؛ پات ـ پات يارىشىپ، يەنە ئايرىلىپ، باشقىلار بىلەن نىكاھلىنىپ، يەنە ئايرىلىپ ئىلگىرىكى بىلەن نىكاھلىنىۋالىدىغان؛ كۆپ ئەرگە تېگىش ياكى ئۆيلىنىشنى ئادەت قىلىۋالغان بولمىغۇر ئىللەتلەرمۇ مەۋجۇت.

مەسىلە بۇلارنىڭ كونكرېت ئەمەلىي ۋە ئەخلاقىي ـ غۇرۇر پەرقىنى پەرقلەندۈرۈشنى بىلىشتە.

ئائىلىۋى مۇھەببەت بوھرانى ئائىلىۋى مۇھەببەتنى ئاقىلانە باھالىغاندا يەنە داۋاملاشتۇرغىلى بولمايدىغان ھالەتكە كەلتۈرگەن بولسا، نىكاھدىن ئاجرىشىش چىقىش يولىدۇر. چۈنكى، بەختسىز نىكاھدىن ئاجرىشىش ئىززەتلىك، ئەخلاقلىق، يوللۇق ئىش.

بويتاقلىق — ئومۇمەن ئەركەكنىڭ تۇرمۇش شەكلى قىلىنماسلىقى كېرەك. بالزاك: «بويتاقلىق غەيرىي ئىجتىمائىي ھالەت» دەپ توغرا ئېيتقان. ئەمما، ئىككى نىكاھلىق تۇرمۇش ئارىلىقىدىكى بويتاقلىق، قېرىلىقتىكى تەنھا تۇرمۇش بويتاقلىق بولمىغان بويتاقلىقتۇر.

بويتاقلىقنى كۆز - كۆز قىلىپ، ھەممە «قوينىڭ چىشىنى كۆرۈپ بېقىش» يولسىزلىقتۇر.

تۇللۇق — ئاياللار بېشىغا چۈشكەن نىكاھدىن ئايرىلىش ياكى ئېرى ۋاپات قىلىش، تاشلاپ كېتىش بىلەن يۈز بېرىدىغان، شۇنىڭدەك ئايالنىڭ بۇزۇلۇشى بىلەن يۈز بېرىدىغان «بويتاقلىق» تۇر. ئەرنىڭ بىشەملىكى ئايالنىڭ ئىنسانىي ھوقۇقىنى ئاياغ - ئاستى قىلغان ئەھۋالدا نىكاھدىن ئايرىلىش بىر قېتىملىق ئازادلىق. ئەمما، نىكاھدىن نومۇسسىز نىيەتلەر بىلەن ئايرىلىش ياكى ئەرنىڭ قەتئىي ھالدا ۋاپاسىزلىق قىلغان ئايالنى قويۇپ بېرىشى ئۆزىنىڭ ئىنسانىي ئىززىتىنى قوغداش ئۈچۈن بولغان نىكاھدىن ئايرىلىش بىلەن نىقابلىنىۋېلىشىنى كەسكىن پەرقلەندۈرۈش لازىم. تەكىتلەش كېرەككى، بۇنداق نومۇسسىز نىيەت بىلەن نىكاھدىن ئايرىلغۇچى بىر تەرەپ، تولا ھاللاردا پۈتۈن گۇناھ ياكى توقۇلما بوھتانلارنى قارشى تەرەپكە دۆڭگەپ قويۇشنى ۋاستە قىلىپ چىققانلىقى ئۈچۈن، بۇ يەردىكى نىكاھدىن ئايرىلىش نىقابىغا نەچچە ھەسسە ھوشيارلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ھەرقانداق ناچار ئەر ياكى ئايالمۇ ئۆزىنى بۇ جەھەتتە تەنتەنىلىك كۆرسىتىشى تەبىئىي.

ئىنسانىي ئىززىتىنى قوغداپ نىكاھدىن ئايرىلغۇچىلارنى جامائەت ئەيىبلىمەيدۇ، قوللايدۇ ۋە ھېسداشلىق قىلىدۇ، ئەلۋەتتە. شۇنى تەكىتلەش ھاجەتكى، ئىپپەتلىك بويتاق ئۆز ئىپپىتىنى ساقلىشى لازىم بولغىنىدەك، ھەربىر نىكاھدىن ئايرىلغان ئىپپەتلىك تۇل ئايال قايتا نىكاھلىنىشنى ئىزدىگەندە ئىككى جەھەتكە قەتئىي ئەمەل قىلىشى لازىم. بىرى، ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى، پەرزەنتىنى تېخىمۇ قاتتىق تەلەپ بىلەن (ھەتتا قىساسكار روھىدا) تەربىيىلىشى، نەتىجە قازىنىشى؛ يەنە بىرى، بىرىنچى نىكاھ ئالدىدىكى قىزلىق



دەۋرىدىنمۇ قەتئىي ئىپپەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشى، نومۇس ۋە جامائەت پىكرى ھەر ئىككى جەھەتتە ئۆز پىكىر، قەدەم، ھەرىكىتىنى ساغلام ۋە كاپالەتلىك ئېلىپ بېرىشى لازىم. بۇ دەۋر ئۇنىڭ كەلگۈسى بەختلىك ياكى تۈگىشىپ كېتىشىنى بەلگىلىشى مۇمكىن.

شۇنداق بۇزۇق ئەر ياكى ئاياللار باركى، ئۇلار بويتاقلىقتا تۇرۇۋاتقان نىكاھسىز ئەر - ئايالغا خۇددى چىۋىندەك يېپىشىدۇ. چوڭ سۆزلەش، ئېزىقتۇرۇش، قىزىقتۇرۇش، پىتنە تارقىتىپ يېتىم قويۇش، قورقىتىش، ھەتتا زوراۋانلىق قىلىش ئارقىلىق بەزىدە نىكاھلانماقچى بولۇپ كۆرۈنۈش ئۇلارنىڭ ۋاستىلىرى. ئەمما، ئەقىل ۋە كۆڭۈل سەگەك بولسىلا ئۇلارنى بايقىۋالغىلى بولىدۇ.

قايتا يارىشىش ئاۋۋالقى جۈپتى بىلەن قايتا يارىشىش بولۇپ، بۇنداق قايتا يارىششلارمۇ ھەر خىل. بەزىلىرى باشقا ئەرگە تېگىپ چىقىپ قايتا ياراشسا، بەزىلىرى بىرقانچە قېتىم نىكاھلىق بولۇپ چىقىپ، ئۇلار ئارىسىدىكى قايسىبىرى ئىلگىرىكى جۈپتى بىلەن قايتا يارىشىدۇ.

قايتا يارىشىش ئىلاجىسىز ھالەتتە قايتا يارىشىش ياكى ئىلگىرىكى نىكاھدىن ئايرىلىش تازا توغرا بولمىغانلىقىنى سەزگەندىن كېيىن قايتا يارىشىش قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەن بولىدۇ. تەجرىبە، زىددىيەت ۋە مۇمكىنلىك (ئۈمىد) نىكاھدىن ئايرىلىش ھاجەت بولمىغان ئەھۋالدا بولسا، بۇنداق ئايرىلىپ يارىشىشنى قىلماسلىقنى، ئايرىلىپ، باشقا نىكاھلىق بولۇپ يەنە ئايرىلىپ، ئاندىن ئىلگىرىكى جۈپتى بىلەن يارىشىش تېخىمۇ ياخشى ئەھۋال ئەمەسلىكىنى كۆرسەتتى. بۇ يەردە ئەر - ئايال سۇبيېكتىنىڭ رولى ناھايىتى كاتتا. ئەقىل ۋە بىلىم بۇ سۇبيېكتىنىڭ يادروسى، يېتەكچى روھىيىتىدۇر.

تۇرمۇش، ئائىلىدە ئېغىر زىددىيەت يۈز بەرگەندە ئەر - خوتۇن ئائىلە تۈزۈلمىسىنى، نىكاھلىق تۇرمۇشنى ساقلىغان ھالەتتە، مەلۇم ۋاقىتلىق ئۆزئارا جۇدالىق — ئوقۇش، خىزمەت ياكى باشقا ۋاسىتىلەر ئارقىلىق، بۇ مۇددەتتە ئائىلە، مۇھەببەت مەدەنىيىتى تەربىيىسىنى ئېلىش ئارقىلىق، ئىلگىرىكى زىددىيەت مەنبەلىرىنى تازىلاپ، ھەر ئىككى تەرەپ ناھايىتى مەردلىك، ئەپۇكارلىق ۋە مەپتۇنكارلىق كۆرسىتىپ، بىرىنچى مۇھەببەت ئىزىدا، يېڭى ئىختىرا خاراكتېرلىك ئىككىنچى قايتا مۇھەببەت ئوتىنى تۇتاشتۇرۇش مۇمكىنلىكىنى دائىم كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. بۇنداق ھادىسە ھەرخىل سەرگۈزەشتىلەر، يولسىز قارىلىنىشلار، ئىقتىسادتا سۇنۇشلار ۋە باشقا جىددىي قىسمەتلەر بىلەن بىللىمۇ يۈز بېرىدىغانلىقىنى تەسۋىرلەيدىغان ھېكايىلەرمۇ نۇرغۇن. ئاقىلانە پىكىر شۇكى، قەدىناس ئەر - ئاياللار ئائىلە زىددىيەتلىرىنى ئەقىل - زېھىن، سەبرى - تاقەت، ئىجابىي تىرىشچانلىق ۋە يېڭى - يېڭى مەپتۇنكار مۇھەببەت رىشتىلىرى بىلەن ھەل قىلىپ، ئۇنى داۋاملىق گۈللەندۈرۈشى لازىم. ئەمكىن تەپەككۇر قىلغاندا بۇنىڭغا يېتىدىغان يەنە نېمە بولسۇن؟!

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، قايتا نىكاھلىنىش كۆپ ھاللاردا كىشىگە ئېغىر روھىي ئەسلىمىلەر، گۇمانلار، مەنىسىۋى تۈگۈنلەر، ھەتتا ئۆمۈرلۈك پۇشايمانلار ئېلىپ كېلىدۇ. مۇنداق قايتا نىكاھلانغان ئەر - ئايال ئىلگىرىكى جىنسىي تۇرمۇشنى باشتىن كەچۈرگەن؛ ئىلگىرىكى نىكاھدىن ئايرىلغان ھەقىقىي (ئېغىزدىكى ۋە ئەسلىدىكى) سەۋەبلەر بىلەن يېڭى نىكاھقا قەدەم قويغان؛ ئىلگىرىكى پەرزەنتلەر ئۈستىگە ئىلگىرىكى پەرزەنتلىرىنى ئېلىپ كىرگەن؛ يېڭى نىكاھلىق ئائىلىگە ئىلگىرىكى جۈپتىگە ئائىت ئەسلىمىلەر ئىزسالغان ئۆي جاھازىلىرىنى ئېلىپ كىرگەن؛ تۇرمۇش ئادىتىدە ئىلگىرىكى



كۆنگەن تۇرمۇش ئادىتىدىن باشقا تۇرمۇش ئادىتى سېلىشتۇرما بولغان؛ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت تورىدا ئىلگىرىكى ئۆز ئورنىدىكى كىشى بىلەن سېلىشتۇرما قىلغۇچى كۆزلەر كۆپەيگەن؛ بۇ قېتىم قايتا ئايرىلىشقا ھېچقانداق ئەركى قالمىغان روھىي ھالەت شەكىللەنگەن بولغاچقا، ھەر ئىككى تەرەپتە مەلۇم مۇساپە، دەرگۇمان، بۇرۇقتۇملۇق، بالىلار - تۇغقانلار بېسىمى بولۇشتىن تاشقىرى، ھەربىر ئىشتا، ھەتتا ئاياغ تىۋىشى، كۈلۈشى، تەبەسسۇمى، مېھىر - شەپقىتىدە ئىلگىرىكى جۈپتى بىلەن سېلىشتۇرما تەپەككۇر، ھېسسىيات دائىم بولۇپ تۇرىدۇ. ھەتتا يامانلاشقان جۈپتى يىراقلاشقانچە، ئۆزىنىڭ ئىجابىي تەرەپلىرى بىلەن نامايان بولۇشقا باشلايدۇ. بۇندىن باشقا بۇرۇنقى جۈپتىنىڭ ئۇتتۇقلىرىمۇ، مۇشەققەتلىرىمۇ ئۆزىگە تەسىر قىلىدۇ. پەرزەنتلەر ئىشى (مەسىلەن، توي)، چوڭلارنىڭ قازاسى قاتارلىقلار يەنە ئارىلىششقا مەجبۇر قىلىدۇ. بۇ ھال كېيىنكى نىكاھلىنىشنىڭ ئايرىملىرىنى ھېسابلىمىغاندا، ھېسسىياتقا كۆچەپ ئايرىلىشنىڭ ئۆمۈرلۈك روھىي بېسىم ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى، كېيىنكى ئائىلىدە ئالدىنقى ئائىلە روھى ياشايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ بىرىنچى ئائىلىنى بۇزۇش بىلەن ئەمەس، بەلكى زەررىچە مۇمكىنلىك بولسىمۇ، يەنىلا ئىلگىرىكى مۇھەببەتنى پەرۋىش قىلىپ ئۇنى قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئاقىلانىلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئېغىزدا كېيىنكى ئائىلىنىڭ كۆڭۈللۈكلىكىنى تىلغا ئالغانلارنىڭ تىلغا ئالالمايدىغان كۆڭۈلسىزلىكلىرىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئەقىل كېرەك.

# يەتتىنچى باب ئائىلىدە ئاتا ـ ئانا ۋە ئۇلارنىڭ مەنىۋى قىياپىتى

«ئانا — زېمىندىكى يېگانە خۇدادۇر.»

— لېگوېيف

## 1. ئانا — ئائىلە مۇرەببىي

ئەلىشىر نەۋائىي:

«ئانا شەرەپ گەۋھەرىنىڭ كانى، بىل،
گەۋھەر كانى، ھەرنە دېسەڭ ئانى بىل.»

دېگەنىدى. ئانا توغرىسىدا ئېيتىلغان ھېكمەتلىك سۆزلەر بىلەن يېزىلغان مەدھىيە شېئىر ـ قوشاقلىرى ۋە تېخى دېيىلمىگەن شېرىن ئىبارىلەرنى باسىدىغان ئىككىنچى شۇنداق مۇقەددەس نامايەندە بولمىسا كېرەك.

شۇنداق، «ئانا — گۆدەك دىلى ۋە تىلىدىكى ئىلاھە» (تىككىرى)، «ئانا — بىز ھەمىشە قەرزدار بولغان ئۇلۇغ زات» (ئوستروۋسكى)، «ئانا — ئادىمىزاتنىڭ بىرىنچى تەربىيىچىسى» (گولدسمىت)، «مىللەت تەقدىرى — ئانىلار قولىدا» (بالزاك).

ئانا — ئايال جىنسىنىڭ پەرزەنت تىلىدىكى مۇبارەك نامى بولۇپ، ئەر تىلىدىكى سۆيۈملۈك نامى خوتۇندۇر. قىز،



سىڭىل، كېلىن، قېيىنانا، ئانا ۋە خوتۇن ئايال جىنسىنىڭ ھەرقايسى ھالەتلىرىدە، ھەرخىل ئائىلىۋى مۇناسىۋەتتىكى شەرتلىك ئاتىلىشى بولۇپ، بىز بۇ ماۋزۇدا خوتۇننىڭ ئائىلىدىكى ئورنى، مەسئۇلىيىتى، مەجبۇرىيىتى، ئۇنىڭ مىللەت ئالدىدىكى قىممىتى ۋە مەنىۋى شەرتلىرى ئۈستىدە توختىلىمىز.

ئەر ـ خوتۇن ئائىلە تۈزۈلمىسىنىڭ باشلانغۇچ ئىككى ئامىلى، ئائىلىنىڭ ئۇلى ۋە ئاساسىي گەۋدىسى بولۇپ، خوتۇن ئائىلىدە پەۋقۇلئاددە ئورۇن تۇتىدۇ.

نىكراسوف: «خوتۇن (ئايال) ئۇلۇغ سۆز. ئۇنىڭدا قىزلىق نازاكىتى، دوستلۇق شەيدالىقى، ئانىلىق جاسارىتى مۇجەسسەم» دېسە، فرانس: «ئايال ئەركەك زاتىنىڭ ئۇلۇغ مۇرەببىيدۇر» دېگەن.

ئېيتىش كېرەككى، ئائىلىدە ماتور ئەر بولماي، ئايالدۇر. ئايال ئائىلىنى بىنا قىلغۇچى، ئىسلاھ قىلغۇچى، گۈزەللەشتۈرگۈچى، پاراۋانلاشتۇرغۇچى، ئىناقلاشتۇرغۇچى مۇرەببىيە.

تاتار ئالىمى رىزائىددىن ئىبنى پەخرۇددىن «ئائىلە» ناملىق رىسالىسىدە خوتۇننىڭ ئائىلىدىكى ھەل قىلغۇچ ئورنى ۋە رولىنى كۆپ تەرەپلىمە تىلغا ئېلىش بىلەن، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتى ۋە تەسىرىنى ئىزاھلايدۇ. ئۇنىڭ مۇلاھىزىلىرىنى مۇنداق ئىخچاملاش مۇمكىن:

«ئائىلە — خوتۇندىن ئىبارەت.» چۈنكى، ئائىلىگە ئۇل بولغۇچى بىناكار ۋە ئائىلە پائالىيىتىنى جانلاندۇرغۇچى رولچى خوتۇن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«ئائىلە بەختى — خوتۇن قولىدا»، خوتۇن گادايلىققا قارشى ئەسكەر، ئۇنىڭ بىرىنچى ۋەتىنى ئائىلە. خوتۇن زىددىيەتلەرنى ياراشتۇرغۇچى سۇلھىچى ۋە قازى، نەسىھەتچى

ئۇستاز. «ئۇنىڭ ئىبادىتى تىرىشچانلىق، ئىلمى ئائىلىنى ھەربىيلەرچە مۇنتىزىم - ئىددىتلىق تۇتماق، قورالى ھەتتاكى قايچە بىلەن يىڭنە». خوتۇن ئائىلە چىرىغى، روھىيەت بېغى، مەپتۇنكارلىق گۈلى. بەخت، ھەتتا ئائىلە بەختى ئەقىل بىلەن بىلىمگە باغلىق. ئائىلە بەختى ئەرنىڭ بىلىمىگە ئەمەس، خوتۇننىڭ ئەقلى - بىلىمىگە باغلىق. ئۇنىڭ زىنىنتى پەزىلەت، قۇدرىتى بىلىم بىلەن ئەقىل. ئەقىلسىز خوتۇن بىلىملىك ئەرنىڭ ھالاكەت زىندانى. ئائىلىدە، خوتۇن ئالدىدا بەختسىز ئەر، ھېچ جايدا بەختلىك بولالمايدۇ.

«ئائىلىدە تەلىم، مەرىپەت ساھىبى — خوتۇن». ئانا ئەقلىي ئۆلچىمى بالا زېھنىگە بىر قېلىپ - ئەندىزە. ئەقىلسىز خوتۇندىن تەسىر ئالغان بالىنى جەمئىيەت ۋە مەكتەپنىڭ تۈزىمىكى مۇشكۇل. خوتۇن تەربىيە ئۇرۇقىنى چاچقۇچى دېھقان، كامالەت يېتىلدۈرگۈچى باغۋەن. بالىغا بەرگەن ئاش - ئوزۇق كېتىدۇ، تەلىم - تەسىر قالىدۇ. ئانا قۇچىقى بىرىنچى مەكتەپ.

«خوتۇن — مىللەتنىڭ خۇداسى»، «خوتۇنلىرى تەربىيە كۆرگەن مىللەت خەلقى باي، كۈچلۈك مىللەتتۇر»، «خوتۇنلارنى بىلىملىك قىلىش پۈتۈن مىللەتنىڭ خىزمىتى»، «بۇزۇلۇشقا قارشى كۈرەشنىڭ مۇھىم بىر سېپى». قەيەردە، قايسى مىللەتنىڭ قىز - ئاياللىرى بىلىملىك، قاتتىق قول، تەلەپچان بولسا، شۇ يەردە ئۆسمۈرلەر بىلەن ئەرلەر كارغا يارايدىغان ھەقىقىي كىشىلەردىن بولۇپ يېتىشىدۇ. ۋەھالەنكى، بۇنداق مۇنەۋۋەر قىز - ئاياللار تۈركۈمى پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئېتىبارى ۋە غەمخورلۇقى شەرتى ئاستىدىلا شەكىللىنىشى مۇمكىن. بۇ مەنىدە «مەدەنىيەت دەرىجىسى ئاياللارغا تۇتۇلغان مۇناسىۋەتتە ئۆلچىنىدۇ» (گوركى).

ئاتا ئالەمدىن ئۆتكەندە ئائىلىدە ئاتىلىق مەجبۇرىيەتلىرىنىمۇ



ئۈستىگە قوشۇپ ئالغان ۋە مۇنەۋۋەر پەرزەنت تەربىيىلىگەن ئانا — ئومۇم ھۆرمىتىگە لايىق ھەقىقىي قەھرىمان ئانىدۇر.

ئايال ھەققىدە توختىلىپ، ئەلىشىر نەۋائى:

«يۈز تۈمەن ناپاك ئەردىن ياخشىراق،
پاك خوتۇنلار ئاياغىنىڭ ئىزى.»
«ياخشى خاتۇنلار سافائى زۇھىدىدىن،
ئالەم ئىچرە گەر يورۇغلۇق بولسا پاش.
يوق ئەجەب، چۈنكىم ئەرەب ئەلفازىدا،
ئىستىلا ئىچرە مۇئەننە شۇر قۇياش.»

(ياخشى خوتۇنلارنىڭ سۈزۈك - روشەنلىكىدىن، ھەتتا يورۇقلۇقمۇ پاش بولغۇدەك ھالەتتە بولىدۇ، ئەرەبچىدە قۇياش ئىبارىسى يەنىلا ئايال زاتى جىنسىدا كېلىدىغانلىقىمۇ ئەقىلگە مۇۋاپىقتۇر) دېگەنىدى.

ئەھمەد دانىش:

«خوتۇن بولسا ياخشى ۋە پەرسا،
گاداي ئەرنى ئول قىلۇرلەر پادىشاھ.»

دېگەن. بۇ ياخشى خوتۇنلار ھەققىدىكى مەدھىيە.

«خوتۇن ئەگەر ناچار بولسا ۋابا مىكروبىدۇر». زوھۇرىددىن مۇھەممەد بابۇر: «خوتۇنى تەتۈر بولغان ئەركەكنىڭ دوزىخى مۇشۇ دۇنيادا» دېگەنىدى. ئۇ ئەرنى، ئائىلىنى، ئەۋلادنى، جەمئىيەتنى، مىللەتنى ئىللەتكە گىرىپتار قىلىدۇ. ئانىنىڭ ئانا تىلنى خارلىشى، ئانىلىق بۇرچىنى خارلىشى، خوتۇننىڭ خوتۇنلۇق گۈلشىنىنى تىكەنزارغا ئايلاندۇرۇشى پەيدا قىلىدىغان ھالاكەتتىن بەتتەر يەنە نېمە بولۇشى مۇمكىن؟! ھەرقانداق ئائىلە، ئۆز نەسلىنىڭ كەلگۈسى پەزىلىتىنى، ئىپپەت - نومۇسىنى، ئۇنىڭدىن شۆھرەتلىك كىشىلەر چىقىشىنى خالىسا؛ ھەرقانداق مىللەت، ئۆز ئەۋلادىنىڭ كەلگۈسى كامالىتى،

مەدەنىيىتى، تۆھپىكارلىقىنى ئارزۇ قىلسا، ئاياللار تەربىيىسىنى ئۇنىڭ كىچىككىنە ئويناق ۋە ئوماق قىز ۋاقتىدىن باشلاپ بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشى ۋە بۇ جەھەتتە ئايرىم قۇرۇلما، تەربىيە ۋە مەبلەغ ئاجرىتىشى لازىم. گۈللەنگەندەك كۆرۈنسىمۇ، پەقەت كىيىنىش ـ تارىنىش ۋە ئويۇن ـ كۈلكىنى ھايات مېلودىيىسى قىلىۋالغان مىليونلىغان قىزلارنى قويىنىدا تۇتۇپ تۇرغان مىللەت، مامكاپتەك ئايىغى گۈلسىز، مېۋىسىز قىسمەتكە يۈزلەنگەن مىللەتتۇر. خەلقنىڭ «قازىنىڭنىڭ قايىنىشىغا باق، بالاڭنىڭ ئوينىشىغا» دېگەن تەمسىل ـ ماقالى، ئەۋلادنىڭ، بولۇپمۇ قىزلارنىڭ ئەھۋالى كەلگۈسىنىڭ بارومېتىرى ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىدۇ.

خوتۇن ئەرنىڭ تايانچىسى، ئۆمۈردە ئىزدىگىنى، ئارزۇ قىلغىنى ۋە ئېرىشكىنى. خوتۇن ئەرنى ئۆستۈرۈشى، قىرقىشى مۇمكىن. تارىختا ئۆز مەھبۇبى ئۈچۈن ئاشىقلىق داستانى ياراتقان يىگىت ـ ئەركەكلەر، ئۆز مەھبۇبى ئۈچۈن قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ جەڭلەردە قۇربان بولغان ئەرلەر نۇرغۇن. ئوخشاشلا، ئۆز خوتۇنىنىڭ ساتقۇنلىقىدىن، ئىپپەتسىزلىكىدىن، سۆرەلمىلىكىدىن، پىتنىخورلىقىدىن، ئاچ كۆزلىكىدىن، زالىملىقىدىن، بىپەرۋالىقىدىن، دەرغەزەپلىكىدىن، نادانلىقىدىن، تەنتەكلىكىدىن ھېچبىر ئىشى يۈرۈشمەي، كۆڭلى ئېچىلماي، ئۈمىدى ئېرىشمەي، خارلىق، مەينەتچىلىك، نادامەت ئىچىدە نەس بېسىپ يۈرگەن ئەرلەر ئازمۇ؟! بۇ ماھىيەتتە مىللەت بەدىنىدىكى پاجىئەدىن ئىبارەت. خەلق توغرا ئېيتىدۇ: «ئەرنى ئەر قىلغانمۇ خوتۇن، يەر قىلغانمۇ خوتۇن»، «قابىل خوتۇن نەتىجىلىك ئەرنى مەيدانغا چىقىرىدۇ». دەرۋەقە، ئەقىللىق، ئېتىقادى مەھكەم، پەزىلىتى ئالىيجاناب، مەرىپەتلىك ۋە چېۋەر ئايال تۈپەيلى، ئاددىي ئەركەكتىن نەتىجىلىك، ھەتتا



ئالاھىدە نەتىجىلىك ئەر، پەرزەنت تارىختا قەدەم قويۇشى مۇمكىن.

ئائىلىدىن ئىبارەت بۇ تېما تەتقىقاتىمىزدا ئايال جىنسىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشنى تەكىتلىشىمىزدىكى سەۋەب شۇكى، ئاياللىق قانداقتۇر لىرىك شېئىرىي ئوبيېكت بولۇپ قالماستىن، ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇ غايەت چوڭ، ھەتتا خۇددى «ئۇرۇق» تەك تۈپلۈك ئىجتىمائىي ـ تارىخىي مەسىلىدۇر. ئۇ ئىنسان ئەۋلادلىرى، مىللەت ۋە ۋەتەننىڭ ھەقىقىي ماددىي ۋە مەنىۋى ساپاسى، ئائىلىلەر بەختى، جەمئىيەتنىڭ خاتىرجەم ۋە ئۈمىدۋارلىقى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك ھالقىدىن ئىبارەت.

ئۇنىڭدىن باشقا، رېئال تۇرمۇشىمىزدا تېخى «ئائىلە مەسىلىسى» بوھرانلىرى خېلىلا ئېغىر. بىرمۇنچە قىزلار تېخى مۇھەببەت ۋە ئائىلە توغرىسىدا قىزغىن خىيال سۈرسىمۇ، تېخى ئائىلىدىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغۋار مېخانىزم بىلەن ئانىلىق، خوتۇنلۇقتىن ئىبارەت بۇ مۇقەددەس فۇنكسىيە توغرىسىدا ھېچقانچە ھازىرلىقى يوق. ھەتتا خېلى بىر قىسىم ئاياللار بۇنداق ھازىرلىقنىڭ بولۇشى لازىملىقىدىنمۇ خەۋەرسىز. ئۇلار «ئالدى ـ تەگدى»، «ئۆي تۇتتى ـ تۇغدى» دېگەندىن نېرىغا ئۆتمىگەن. ئۇلارنىڭ قىزىقىنى يۇقىرى باھالىق ئىستېمال بۇيۇملىرى بىلەن ئۆزىنى ۋە ئائىلىنى زىننەتلەش. بۇ خۇددى تۇخۇمنىڭ ئىچى بىلەن كارى بولماي، ئۇنىڭ شاكىلىنى قىزىل بويىغانغا ئوخشاش بولۇپ، ناھايىتى ئېچىنىشلىق.

ئائىلە ۋە خوتۇنلۇق ھەققىدە ئىلمىي قاراشقا ئىگە بولماي، ئەمەلىيەت جەريانىدا ئۇنى بىر ـ بىرلەپ ئىزدەپ تېپىش ئۈچۈن كېتىدىغان بەدەل ناھايىتى چوڭ بولۇشى ئېنىق. بەزىدە بىر ئۆمۈر بوھران زەربىسى بىلەن سەرپ بولۇشى مۇمكىن. پۈتۈن جەمئىيەت ۋە مىللەت ئالدى بىلەن ئائىلە ۋە خوتۇنلۇق مەدەنىيىتى

مەسلىسىنى كۆرۈنەرلىك ئورۇنغا قويۇپ، بۇ جەھەتتە نەتىجە قازىنىدىكەن، ئۇنىڭ قىممىتى قانچە ـ قانچە راكېتا، ئاۋتوماتىكا ۋە سانائەت كارخانىلىرى قىممىتىدىن ئۈستۈن بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن ئەمەس.

روشەنكى، مەدەنىيەتلىك، شۇنىڭدەك كەلگۈسى پارلاق مىللەتنىڭ ئالامەتلىرى ھەممىدىن ئىلگىرى شۇ مىللەتتىكى قىز ـ ئاياللارنىڭ مەنىۋى قىياپىتى، ئائىلە ئىچى ۋە ئىش ـ ھەرىكىتىگە مەركەزلەشكەن.

ئۇيغۇر خەلقى ۋە مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرى تارىخىدا ئاجايىپ ئىستىبداتلىق ئانىلار، ئاياللار مەيدانغا كەلگەن. گەرچە نۇرغۇنلىغان چېۋەر ئاياللار نامى تارىختا قالمىغان بولسىمۇ، بىز ئۇلارنىڭ مىليون ـ مىليوندىن بىرىنى بىلەلەيمىز. ئۇلارنىڭ مۇبارەك نامىدا پۈتكۈل مۇنەۋۋەر ئانا ئەجدادىمىزنىڭ نۇرانە ئوبرازىنى كۆرەلەيمىز.

بىز «كۆلتېگىن» نامىدىكى ئابىدىگە «ئومايدەك ئانامنىڭ قۇتىدىن» دېگەن سۆز يېزىلغانلىقىنى، بۇ ئانا تۇپەيلى كۆلتېگىندەك قەھرىمان ئوغۇل دۇنياغا كەلگەنلىكىنى، كومىراجىۋانىڭ ئانىسى جىۋا خانىمنىڭ ئۆز ئوغلىنى كەشمىر ۋە قەشقەر ـ يەكەنلەردە تەربىيىلەشكە ئېلىپ بېرىپ، شەرق بۇددىزىم ماھايانا ئېقىمىدىكى مەشھۇر ئۇستازنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ئەجىر سىڭدۇرگەنلىكىنى بىلىمىز. بىز موغانخاننىڭ قىزى مەلىكە ئاسىنانىڭ غەربىي دىيار مۇزىكا ـ ئۇسسۇللىرىنى شەرققە تارقاتقانلىقىنى ۋە سۇجۇپ، بەيماندا، بەيجىتۇڭ قاتارلىق سەنئەت پېشىۋالىرىغا ھامىيلىق قىلغانلىقىنى، ئېرىدىن تۇل قالغاندا ئىپپەتلىك ئاغىچا دەپ تارىخقا يېزىلغانلىقىنى كۆرىمىز. بىز قاراخانىيلاردىن مەھمۇد قاراخان ئايالى تۈركان خاتۇننىڭ سۇلتان سەنجەر ئايالى بىلەن كىدان خانى گورخان قولىغا ئەسىرلىككە



چۈشكەندىكى قەيسەرلىكىنى بىلىمىز. بىز نۇرئەلانۇرخاننىڭ شېھىتلىكىنى، قۇتلۇق نىگارخانىمنىڭ بابۇرنى، خوپىنگارخانىمنىڭ مىرزا ھەيدەرنى تۇغۇپ تەربىيىلىگەن ئاچا ـ سىڭىللار ئىكەنلىكىنى، گۇل بادام خانىم ۋە زىبۇنىسا مەلىكە قاتارلىق بابۇر ئەۋلادلىرى مەشھۇر «ھۇمايۇننامە»، «دىۋانى زىبۇنىسا» قاتارلىق ئەسەرلەر يازغانلىقىنى بىلىمىز. ئامانىسا خېنىم ئۇيغۇر كلاسسىك مۇقاملىرىنى تەرتىپكە سالغان ۋە ئاياللار ئەخلاقىي تەربىيىسى ھەققىدە ئەسەر يازغان مۇبارەك زات ئىدى. نادىرە ئەنبەر دىلشات، مۇئەززەم خان، مەھزۇنە، ئۇۋەيسىيە، نازۇگۇملارنىڭ ناملىرىمۇ مۇھەببەتكە سادىقلىق، زۇلمەتكە قارشىلىق ۋە شېئىرىي ماھارەت بىلەن ئۆز ئالدىغا خاس سەھىپىلەر ياراتقان. تۇمارىس، ئادادىتا، ئىبن سىنانىڭ ئانىسى سىتۇرە، ئەھمەد يەسەۋىنىڭ ئانىسى قاراچاچ ئانا قاتارلىق ئاياللار خەلقىمىز تارىخىدا دائىم ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ كەلمەكتە.

يەنە شۇنىمۇ مەمنۇنىيەت بىلەن كۆرۈش كېرەككى، ھازىرقى كۈندىمۇ ياخشى ئاياللار، ياخشى كېلىنلەر، ياخشى ئانىلار مۇتلەق كۆپچىلىكنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇلار مەيلى شەھەردە ياكى يېزا ـ قىشلاقتا، مەيلى خىزمەتتە ياكى جىسمانىي ئەمگەكتە، مەيلى مەكتەپ كۆرمىگەن ياكى ئوقۇمۇشلۇق ئاياللار بولمىسۇن مىللىتىمىزنىڭ يېڭى ئەۋلادلىرىنى تۇغۇپ ـ تەربىيىلەپ، ئۇلارغا مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى ئۆگىتىپ، مىللىتىمىزنى ھەرقايسى خەلقلەر ۋە مىللەتلەر قاتارىدا مۇناسىپ ئورۇنغا ئىگە قىلىپ كەلدى. ئۇلار پۈتۈن مىللەتنىڭ ئاپىرىن ئوقۇشىغا، مىننەتدار بولۇشىغا، «ئانا!» دەپ مەدھىيىلىشى، ناخشا ـ قوشاققا قېتىشى، ئايال دەپ ھۆرمەتلىشى، يار ـ يۆلەكتە بولۇشىغا ھەقلىق. ئانا ـ ئايال جىنسىنى قەدىرلەش ئويغانغان، مەدەنىيەتكە قەدەم قويغان مىللەتنىڭ دائىمىي مېلودىيىسى.

بىز بۇنداق مۇقەددەس ئايال، يۈكسەك ئانىلارنى پارلاق ئۈلگە قىلىشىمىز، مىللەت بەدىنىدىكى بۇزۇلغان، پاھىشە، ئوخشاش جىنسلىقلار پاھىشىسى، زەھەرلىك چېكىملىك، ئاياللار ئارا دەللاللىق، ئىسسىتقۇ - سوۋۇتقۇ بىلەن شۇغۇللانغۇچى بۇزۇق ئاياللاردەك بولمىغۇر ئىللەت مىكروبلىرىنى ئومۇم مىللەت قەھرى - غەزەپلىرىنىڭ تاش بورانلىرىدا كۆكۈم تالقان قىلىپ، ئانا شۆھرىتىنى مىللەت كامالىتىنىڭ ھەقىقىي گۈلزارىغا ئايلاندۇرۇشىمىز لازىم.

## 2. ئاتا — ئائىلە يۆلەنچۈكى

ئاتا — نوقۇل يىگىتلىكتىن ئائىلىلىك بولۇپ پەرزەنت دىدارى كۆرۈش بولماستىن، ئۇ يۈكسەك ئاڭ ۋە مەجبۇرىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ مەنىدىكى ئىبارە. دەرۋەقە، پەرزەنت تېپىش، پەرزەنتكە ئاتا بولۇش قىيىن ئەمەس، ئەمما پەرزەنتكە ئاتىلىق قىلماق قىيىن.

ئاتا، ئالدى بىلەن ئائىلە تەركىبىدىكى ئاساسلىق ئەزانىڭ بىرى بولغان «ئەر» دىن ئىبارەت. خوتۇنسىز ئائىلە ۋە ئەرسىز ئائىلە تولۇق بولمىغان ئائىلە. ئەمما، بۇ ئىككى جىنسنىڭ قايسىبىرى بولمىغان ئائىلىنىڭ يوقتىن پەيدا بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. ئەر - ئايال بىر ئائىلە ئۈچۈن مەنپىي - مۇسبەت ئۇل، بوم ۋە زىل ئىككى تار بولۇپ، ئۇنىڭسىز ناۋا ساداسى چىقمايدۇ. سېرۋانتېس توغرا ئېيتقان: «ياخشى ئەر - خوتۇندا يۈرەك ئىككى بولسىمۇ تىلەك بىر».

ياخشى ئاتا بولۇش ئۈچۈن ياخشى ئەر بولۇش شەرت. ياخشى ئەر بولۇش ئۈچۈن ياخشى ئەركەك - ياخشى ئىنسان بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. ۋەھالەنكى، ھەممە ئەركەكلەر ئۇلار ئارزۇ قىلغاندەك



ياخشى ئەر ۋە ياخشى ئاتا بولۇشى ناتايىن.

ئېيتىش كېرەككى، ياخشى ئەر بولۇش، ئەر جىنسىنىڭ ياش، تەمبەل، كېلىشكەن بولۇشىنىمۇ، ياكى قەھرى - غەزەپلىك، ئىتتىك ۋە ھەرىكەتچان بولۇشىنىمۇ، ۋە ياكى قول ئىلكى ئۇزۇن، كەڭ خىراجەت بولۇشىنىمۇ، ياكى سۆزمەن، ئويۇنپەز، زېرىكتۈرمەس بولۇشىنىمۇ ئاساسىي شەرت قىلمايدۇ. ياخشى ئەر بولۇش ئائىلىدە خوتۇنغا نىسبەتەن، ئائىلە ئىچى - سىرتىدىكى ئەرلىك زۆرۈرىيەتلىرىگە نىسبەتەن يۇقىرى ئاڭ، قىزغىنلىق، مەجبۇرىيەت ۋە ئۈنۈملۈك ئەر ئوبرازىغا مۇۋاپىق بولۇش دېمەكتۇر.

بىلىش كېرەككى، ئەر ھۆكۈمران بولۇش ئۈچۈن ئائىلە تۇتمايدۇ. ئەرنىڭ ئايالغا نىسبەتەن مۇناسىۋىتى بىر ئەركەكنىڭ ئايالىنى ھەممە جەھەتتە، ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئائىلە ۋە جەمئىيەتتىكى ئىنسانىي قەدىر - قىممىتىنى خاتىرجەم قىلىش، قانائەتلەندۈرۈش مۇناسىۋىتىدۇر. ۋەھالەنكى، ئۆزىنىڭ قەدىر - قىممىتى ۋە ئۇنىڭ باھا - قىممىتى، ئۆزىنى ئاجىزە، ئايال سانايدىغان ھەرقانداق ساغلام ئايال جىنسىنىڭ بىرىنچى دىققەت مەركىزىدىكى بىرىنچى ئۆزلۈك تۇيغۇسىدىن ئىبارەت. ئەرلىك، دەل مۇشۇ تۇيغۇ تارازىسىدا ئۆلچىنىپ تۇرىدۇ. ئايالنىڭ بەخت ھېسسىياتى ھەتتا ماددىي پاراۋانلىق شەرتلىرى تولىمۇ ناچار ھالەتتىمۇ، شۇ تۇيغۇ تارازىسىدا ھاسىل بولغان رازىمەنلىك ۋە قانائەتتىن كېلىدۇ. ئەرلىكنى كۆز - كۆز قىلىش، ئەرلىك ئۈستۈنلىكى غۇرۇرى ئۈچۈن ئايال قەدىر - قىممىتىنى سۇندۇرۇش، كۈچ ۋە تىل ئارقىلىق، ئىقتىسادتا قامال ۋە بېقىندۇرۇش ئارقىلىق ئەرلىك ھاكىمmۇتلەقلىقى، ئايالنىڭ قورقۇپ - تىترەپ تۇرۇشىنى خالاش، بۇ ماھىيەتتە ئەرلىك، ئەركەكلىك شان - شۆھرىتىنى ئۆز - ئۆزىدىن يەرگە ئۇرۇش

ھېسابلىنىدۇ. تەبىئەت ئەركەككە ئۇنى زوراۋان، گۇندىپاي، ۋەھشىي قىلىش ئۈچۈن كۈچ، بەست ۋە تىل ئاتا قىلغان ئەمەس.

دەرۋەقە، دۇنيادا كۆڭۈلدىكىدەك ئەر ۋە خوتۇن بولۇشى ئاز ئۇچرايدۇ. ئادەم جانلىق ۋە ئۆزگىرىپ بارىدىغان نەرسە. ھەركىمنىڭ ئۆز گۈلى ۋە تىكىنى، ئۆز ئەۋزەللىكى ۋە نۇقسانلىرى بولىدۇ. ئائىلە — رەندە: ئۇ ئىككى پارچە، بىر - بىرىگە پۈتۈنلەي ھىم كەلمەيدىغان ياغاچنى ياپسا قىلىپ، بىر - بىرىگە ھىم قىلغاندەك، ئەر - ئايالنى تەدرىجىي ئاڭلىق ياكى سۈركىلىش ئارقىلىق ئادەتلىنىش شەكلىدە بىر - بىرىگە ياپسا قىلىدۇ. مۇھەببەت ئۇنى يەملەيدۇ. ئىكاھدىن ئىلگىرى كۆيۈپ - پىشىپ كېتىشكەن، ئىكاھدىن كېيىن «ياپسالاش» جەريانىدا پۈچۈلۈپ كەتكەن ئائىلىلەرمۇ، ئىكاھدىن ئىلگىرى راسا ئىچ كۆيىكى تارتىشمىغان، ئىكاھدىن كېيىن ئىناق ئائىلە تۈزىگەنلەرمۇ بولىدۇ. چۈنكى، مەسىلە ئادەمنىڭ بەدىنىدە ئەمەس، ئادىمىيلىك شەرتلىرىدە. ياشلىق ئۆزى گۈزەل بولىدۇ، ياش ۋە گۈزەل ئادەملەر نۇرغۇن. ئەمما ئادىمىي ئادەم بولماق نەچچە ئەۋلاد ئىشى. ئۇ ئائىلىدە ۋە جەمئىيەتتە ئالغان تەربىيىسىگە، ئىكاھدىن كېيىن ئۇچرىغان ئائىلە تەربىيىسىگە، ئاتا بولغاندىن كېيىن ئائىلىدە ئۇچرىغان ئاتا بولۇش تەربىيىسىگە، جۈملىدىن ئۆزىنىڭ تەربىيە قوبۇل قىلىش - قىلماسلىق سۈپەتلىرىگە باغلىق.

ئائىلە — ئەرنىڭ بەخت بېغى. ئەر — مۇقەددەس قەلب ئۆيىدۇر. ئايال روھىيىتىنى ئەر قەلبىدە ئىپتىخار سېزىدۇ. ئايالنىڭ ھەر كۈنى قارايدىغىنى ئەينەكلا ئەمەس، بەلكى ئەرنىڭ قەلبىدىكى ئۆز شەكلى، ئوبرازى ۋە باھالىنىشى.

ئېيتىش كېرەككى، ئەر ئائىلىدە ھەقىقىي سىمۋول بولماستىن، پاسىق ئايالنىڭ ئويۇنچۇقى، ساختا نىقابى،



ھاقارەتلەش ئوبيېكتى بولىدىغان ئەھۋال، گەرچە كەمدىن - كەم بولسىمۇ، ئائىلە شەنىگە ئېغىر داغدۇر. بۇنداق ئائىلىدىكى خوتۇن پەرزەنتىنى، ئۆزىنى، ئېرىنى قېيىققا سېلىپ ھالاكەت گىردابىغا ھەيدىگەن كىشىگە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ كەينىدە پاجىئە ئاقىۋەتلىك تۇرمۇشنىڭ ئىز بېسىپ كېتىۋاتقانلىقىغا گۇمانلانماسلىق كېرەك.

ئەر — ئاتا، بوۋا، مۇرۇۋۋەتلىك پېشقەدەم.

ئاتا بولۇش — ئاتىسىدەك ئىناۋەتلىك ئۇنۋانغا ئىگە بولۇش ئەرنىڭ ئارزۇسى ۋە بەختى.

ئاتا — ئائىلە، خوتۇن، پەرزەنتنىڭ غەمگۇزارى. ئۇنىڭ تومۇرىدا قان، خىيال - زېھنىدە پەرزەنت تەلپۈنىدۇ. ئاتىلىق مېھرى ئاتىغا خاس تەلەپ، پىكىر - تۇيغۇ، چىدام بىلەن يۇغۇرۇلغان شەپقەت ۋە مۇھەببەت بولۇپ، ئۇنىڭغا پەقەت ئانىلىق مېھرىنىلا تەڭلەشتۈرۈش مۇمكىن. ئاتىلىق مېھرى سۈكۈتچان، جىم - بىزۇۋان، زېھىندار شۇنداق مېھىر - مۇھەببەتكى، ئۇ كۆز يېشى ئېقىپ يېنىپ تۇرىدىغان شامغا ئەمەس، بەلكى مەشئەلگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

ئاتا — مىللەتنىڭ ئائىلىدىكى ۋەكىلى. ئاڭلىق ۋە ۋىجدانلىق ئەركەك مىللەتكە، جەمئىيەتكە، تەرەققىياتقا كەينىنى قىلىۋالغان ئەر بولماستىن، ئۇ ئائىلە ھۆججەيرىسىدە جەمئىيەت بەختىنى، پەرزەنت گەۋدىسىدە مىللەت كېلەچىكىنى ئۆستۈرگۈچى باغۋەندۇر. ئۇ ئەمگىكى، ئىجادىيىتى، جەڭلەردىكى جاسارىتى، ئەقىل - ھېسسىياتى، تەدبىر - چارە ۋە يۈرۈش - تۇرۇشلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئالىيجاناب ئىنسانپەرۋەرلىكىنى بىجا كەلتۈرىدۇ.

ئەر — ئائىلىنى ئۆزىنىڭ يورۇق دۇنيادا جەمئىيەتكە يۈزلىنىدىغان بارگاھى، قورغىنى ۋە بازىسى دەپ بىلىشى، ئائىلە

توغرىسىدىكى ھەر تەرەپلىمە تەربىيىگە ئىگە قىلىشى لازىم. ئائىلە توغرىسىدىكى تەربىيە گەرچە تېگى ـ تەكتىدىن ھەربىر كىشىنىڭ ئومۇمىي مەدەنىيەت ۋە پەزىلەت تەربىيىسىگە ئاساسلانسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس پائال مەزمۇنلىرى بولىدۇ. يېڭى زامان ئۆزبېك ئالىمى، پروفېسسور ئابدۇللا ئەۋلانى «تەربىيە بىز ئۇچۇن ياكى ھايات، ياكى مامات، ياكى نىجات، ياكى ھالاكەت، ياكى سائادەت، ياكى پالاكەت مەسىلىسىدۇر» دەپ توغرا ئېيتقانىدى. ئائىلە تەربىيىسىگە ئېرىشمىگەن تەربىيە تولۇقسىز تەربىيىدۇر.

## 3. ئەر ـ خوتۇنلۇق ياكى ئاتا ـ ئانىلىق ئوبرازىغا نۇقسان كەلتۈرگۈچى ئىللەتلەر

مىللەتنىڭ ھەربىر بوغۇنىدىكى رېئال ئىجتىمائىي ۋە مەنىۋى ئىللەتلەر، ئاساسلىقى ئۇنىڭ مۇھىم تەركىبى — ئەر ـ خوتۇن، ئاتا ـ ئانا گەۋدىسىدىكى ئىللەتلەردە گەۋدىلىنىدۇ.

ئېمىرسون: «تەرەققىياتنىڭ ھەقىقىي بەلگىسى بايلىق ئەمەس، بەلكى شۇ ئۆلكە باغرىدا تەلىم ئالغان ئىنسانىنىڭ مەنىۋى قىياپىتىدۇر» دېسە، چېرنىشېۋسكى: «مىللەتنىڭ مۇھىم بايلىقى — خەلقىنىڭ مەنىۋى قىياپىتىدۇر» دېگەنىدى. ئۇلۇغ كىشىلەر تۈركۈملىرى بىلەن خەلقىنىڭ مەنىۋى ساپاسى مىللەتنىڭ ھەقىقىي نوپۇزى ۋە قۇدرىتى ھېسابلىنىدۇ. جاھالەت، نادانلىق مەيلى ئائىلە ياكى جەمئىيەت ئۈچۈن بولسۇن ئەڭ ئېغىر ئىللەت ۋە پاجىئەلىك كۈلپەتتۇر.

ئەر ـ خوتۇن مۇناسىۋىتىدەك ئەڭ نازۇك ۋە ئەپسۇنكار مۇھەببەت مۇناسىۋىتىگىمۇ، ئاتا ـ ئانا ئوبرازىدەك ئەڭ نۇرانە ئوبرازغىمۇ خەتەر كەلتۈرىدىغان نۇقسانلار مەۋجۇت. ئۇ خۇددى



«ئىمان» نىڭ كۆشەندىسى «شەيتان» بولغىنىدەك، بەخت ـ سائادەتنىڭ ھالاكەتچان كۆشەندىسىدۇر.

ئېيتىش كېرەككى، دەۋر ئوخشىمايدۇ، كىشىلەر ئوخشىمايدۇ، ئائىلە ئالاقىلىرى مۇۋازىنىتى ھەرخىل بولغاچقا، ئائىلە ئىچىدىكى ئىككى ئۇلۇغ ئىنسان ئارىسىدىكى مەنىۋى نۇقسانلارنىڭ مەزمۇن، شەكىل، ھالەتلىرىدىمۇ پەرق بولىدۇ.

ھازىرقى زامان رېئال تۇرمۇشىدا ئەنئەنىۋى ئائىلە چۈشەنچىلىرى بىلەن ياۋروپا تەسىرىدە پەيدا بولۇۋاتقان ئائىلە چۈشەنچىلىرى، ئەنئەنىۋى ئەخلاقىي ئۆلچەملەر بىلەن ياۋروپا تەسىرىدە پەيدا بولۇۋاتقان ئائىلە ئۆلچەملىرى ئارىسىدا جىددىي سۈركىلىش يۈز بەرمەكتە.

ھازىرقى زامان رېئال تۇرمۇشىدا بازار ۋە تاۋار ئىگىلىكى تەسىرى كىشىلەر قەلبىگە، ھەتتا پوتېنسىئال ئاڭ، خاھىشلىرىغا بۆسۈپ كىرىپ، پايدا ـ زىيان، كىرىم ـ چىقىم، پۇل، ھوقۇق، ئىستېمال تەلەپلىرىگىچە لەرزە پەيدا قىلماقتا. كىشىلەرنىڭ مۇھەببەت، نىكاھ، ئائىلە، بەخت چۈشەنچىلىرىدە ھەرخىل پىكىر ـ ھېسسىيات داۋالغۇشلىرى بارغانچە زورايماقتا.

بۇ ھال، ئوخشىمىغان ئائىلە ئەخلاقى مۇتەخەسسىسلىرى نەزەرىدە ئوخشىمىغان «ياخشى»، «يامان»، «يوللۇق»، «يولسىز» دېگەندەك قاراشلارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بىز پەقەت ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان بىر قاتار مەنىۋى ئىللەتلەر ئۈستىدە قىسقىچىلا توختىلىپ ئۆتىمىز.

— «تەلەپ قىلىش نۇرغۇن، غەمخورلۇق قىلىش ئاز» بولۇش. مەيلى ئەنئەنىۋى ياكى ياۋروپاچە قاراش بىلەن بولمىسۇن ئەر ئايالدىن، ئايال ئەردىن كۆپ تەلەپ قىلىدىغان، «خەقنىڭ ئەر (ئايال) لىرى ئۇنداق ئىكەن»، «مۇنداق قىلىدىكەن» ياكى «ئەر (ئايال) ئۇنداق بولۇشى» لازىم دەپ سۆزلەپ يۈرىدىغان،

كۆڭلىدە ئۆز ئايالى (ئېرى) نىڭ ئۇنىڭغا بېغىشلىغان ئەجرىگە نارازى ھېسسىياتتا بولۇپ يۈرىدىغان، ئەكسى ھالدا ئۆزىنىڭ قانچىلىك ئەجىر قىلغانلىقى، ئۆزىنىڭ كۆرسەتكەن غەمخورلۇقى ھەققىدە ئۆز ـ ئۆزىگە سوئال قويۇپ، كايىمايدىغان ئەھۋال. بۇ «مۇرۇۋۋەتسىزلىك» ئىللىتىدۇر.

— «ماددىي قىممەتكە ئەھمىيەت بېرىش كۆپ، روھىي ھالەتكە كۆڭۈل بۆلۈش ئاز» بولۇش. بۇ ئەرلەردە ئائىلىگە پۇل، نەرسە كېرەك يەتكۈزۈپ بېرىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئايالىنىڭ دىلىنى كۆتۈرۈش، ئۇنىڭغا مەنىۋى جەھەتتە سىرداش بولۇشقا كۆڭۈل بۆلمەسلىك جەھەتتە كۆرۈلسە؛ ئاياللاردا ئەرلەرنىڭ ئائىلىدىكى ماددىي ۋە ئىقتىسادىي تۇرمۇشىغىلا ئەھمىيەت بېرىپ، مەنىۋى تۇرمۇشى، روھىي ھالىتىگە كۆڭۈل بۆلمەسلىك جەھەتتە كۆرۈلىدۇ. بۇ «ئائىلىنىڭ ئىقتىسادىي بىرلەشمىلىكى، مەنىۋى شىپاخانا بولالماسلىقى» ئىللىتىدۇر.

— «ئائىلە سىرتىغا ئائىت پائالىيەتلەرگە كۆڭۈل بۆلۈش كۆپ، ئائىلە ئىچى مۇلازىمەتلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈش ئاز» بولۇش. بۇ دائىم دېگۈدەك سىرتتا مەشغۇلات ئۆتكۈزىدىغان ئەر ـ ئاياللار مۇناسىۋىتىدە بىر ـ بىرىگە قېيداش پەيدا قىلىدىغان روھىي ئازاب. بۇ، ئىجتىمائىي پائالىيەتنى ئائىلىدىن ئىبارەت كىچىك جەمئىيەتكە زىت قىلىپ قويىدىغان «ئائىلە چىرىغىنىڭ مايسىراپ قېلىش» ئىللىتىدۇر.

— «ئەر ـ ئايال ھەرقايسىسى ئۆز ئىشىغا كۆڭۈل بۆلۈش كۆپ، ئائىلىدە باشقا ئەزالار ۋە پەرزەنتلەر تۇرمۇشى، ئۆگىنىشى، روھىيىتىگە كۆڭۈل بۆلۈش ئاز» بولۇش. بۇ ئەر ـ خوتۇننىڭ «ئاتا ـ ئانىلىق بۇرچىنى تولۇق ئۆتىمەسلىك» ئىللىتىدۇر.

— «يۇقىرى ئىستېمال بۇيۇملىرى بىلەن ئۆزىنى ۋە ئائىلىنى زىننەتلەشكە كۆڭۈل بۆلۈش كۆپ، ئۆزىنىڭ ئىچكى



مەنىۋى تۈزۈلمىسىنى بېيىتىشقا كۆڭۈل بۆلۈش ئاز» بولۇش. بۇ «ئائىلىنى قۇرۇق باراڭ قىلىش» ئىللىتىدۇر.

يۇقىرىدىكى بىرقانچە «مۇۋازىنەتسىزلىك»تىن تاشقىرى ئەر ـ خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتىگە جىددىيلىك، ھەتتا بوھران سالىدىغان خۇنۇك ئادەت، نۇقسان ۋە ئىللەتلەرنىڭ بىر قىسمى تۆۋەندىكىچە:

— «ھەممىگە چات كېرىۋېلىش بىلەن ھەممىدىن ئۆزىنى چەتكە تارتىۋېلىش». بۇ ئائىلىدە بىر تەرەپنىڭ قىلىـــمەن دېگىنىنى ئىككىنچى تەرەپكە ياخشى سۆز بىلەنمۇ، داۋاملىق ۋايساپ زېرىكتۈرۈش بىلەنمۇ قوبۇل قىلدۇرۇش ئادىتىدە؛ ھەممە خىراجەتنى ئۆزى بىلگەنچە تىزگىنلەش خاھىشىدە؛ ھەممىنى، ھەتتا ئېرى ياكى ئايالىنى باھالىغۇچى، ئەيىبلىگۈچى قىلىۋېلىش ئىستىلىدا؛ ئائىلىـــدىكـــى بېشەمـلىـــك، جېدەلخورلۇق، كۆكەملىك، مۇشتۇمزورلۇق ياكى ئۇششۇقلۇق قىلىش، سەتىنى يېيىش ئىللەتلىرىدە ئىپادىلىنىدۇ. بۇنداق ئائىلىـــدە جېدەل بېسىقمايدۇ ياكى بىر تەرەپ ھەممىدە ئۆزىنى چەتكە تارتىپ، ئائىلىنى يالغۇز ئات ھارۋىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. بۇ ئائىلىدە بىر تەرەپنىڭ غەلىبىسى بولماستىن، ئەكسىچە ھەرئىككـــى تەرەپنىڭ پاجىئەسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئائىلىدە بـــىر تەرەپنىڭ ئىككىنچى تەرەپ ئۈستىدىكى غەلىبىســـمۇ مەۋجۇت ئەمەس.

— «پۈتۈن كۆڭۈلسىزلىكنى ئىككىنچى تەرەپكە ئارتىپ، ئۆزىنىڭ رەنجىشى ئورۇنسىز بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىش بىلەن ئائىلىدە كۆڭۈل سۇ ئىچمەسلىك». بۇ ئائىلىدە ئۆز ـ ئۆزىنى ئاقلىق ئۈستۈن قويىدىغان بىر تەرەپنىڭ يولسىزلىق بىلەن ئىككىنچى تەرەپتىن يۈتاق چىقىرىش ئادىتى بولۇپ، روھىي جىنكەشلىكتىن ئىبارەت. نەتىجىدە ھەر ئىككى تەرەپ ئائىلىدە كۆڭلى سۇ ئىچمەسلىككە مۇپتىلا بولىدۇ. بۇ ئۇنىڭدىن كېيىنكى

بىر قاتار غەيرىي نورمال خىيال ۋە ھەرىكەتلەرگە مۇمكىنلىك تۇغدۇرىدۇ. بۇ ئائىلە دۇشمەنلىرى ئۇچۇن پارتلاتقۇچ دورىدەك چوڭ ھەمكارلىقتۇر.

— «ئاساسسىز كۈنچىلىك قىلىش بىلەن ھېسسىياتتا تاشلاپ قويۇش». بۇ ئائىلىلەردە خېلى كۆپ ئۇچرايدىغان ناچار ئىللەت بولۇپ، بۇنداق مۇھەببەتكە بولغان بىر خىل پىسخىك گۇمانخورلۇق ئىللىتى تۈپەيلىدىن ئائىلىدە نۇرغۇن سۈركىلىش، ئاساسسىز تۆھمەت قىلىش ھادىسىلىرى، ھەتتا نىكاھدىن ئايرىلىش كېلىپ چىقىدۇ. ئەكسى ھالدا ئائىلىدە مۇھەببەتنىڭ سۇسلىششى بىلەن ھەر ئىككى تەرەپ، ياكى بىر تەرەپ قارشى تەرەپنى ھېسسىياتتا تاشلاپ قويۇش ئەھۋاللىرى يۈز بېرىدۇ. بۇنداق ئەھۋال سوزۇلغانچە روھىي چۈشكۈنلۈك ۋە جىددىي پارتلاش خاراكتېرلىك زىددىيەتلەرنى مەيدانغا چىقىرىدۇ.

— «پەرزەنت كۆرۈۋېلىشنى كۆزلەپ ياكى ئىقتىسادىي ئىقتىدارنى كۆزلەپ، ئەر - خوتۇنلۇق مېھرى - مۇھەببىتىنى كۆزلىمەسلىك». بۇ ئائىلىلەردە ئائىلە قۇرۇش مەقسىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەسلەپكى شەكىلدىمۇ، پەقەت پەرزەنت رىشتىسى بىلەن ئىقتىسادىي دارامەت مەنپەئەتىگە چوغ تارتىپلا ئائىلىنى سۇلغۇن داۋاملىشىۋاتقان كېيىنكى شەكىلدىمۇ مەۋجۇت بولۇشى مۇمكىن.

— «غەزەپ ئوتىنى بولۇشچە چېچىش، قىساسكارلىق يالقۇنىدا ھالاك بولۇش». بۇ بەزى ئەر - ئاياللاردىكى ئەڭ ئەقىلسىز، ئەڭ سەۋدا، ئەسەبىي ئىللەت بولۇپ، جىنسىي مۇھەببەتتىكى ئىككى تەرەپنىڭ مۇھەببەتتە ئۆز - ئۆزىنى خانىۋەيران ۋە ھالاك قىلىش ئىللىتىدىن ئىبارەت. بىز ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە غەزىپىگە پايلىماي ئائىلىنى پاجىئەلىك قانغا بويايدىغان جىنايەت دېلولىرىنىڭ داۋاملىق پەيدا بولۇپ



تۇرغانلىقىنى، بۇنىڭ ئائىلە خاراكتېرلىك ئىجتىمائىي پاجىئە ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلالمايمىز.

بىلىش لازىمكى، مۇھەببەت جاننى ۋە قەلبنى بىر - بىرىگە ئالماشتۇرۇشتۇر. ئەر - ئايالنىڭ يۇقىرىدىكىدەك ھالاك قىلغۇچ ئەسەبىيلىكىدە، ئەسەبىيلىك قىلغۇچى ئۆزىنىڭ قارشى تەرەپ قەلبىدىكى ئېھتىراملىق ئورنىغا ئوت قويۇپ، ئۆز جېنىنى ئۆز غەزىپىدە ئۆلتۈرىدۇ. ھاقارەتلىگۈچى ئۆز ئوبرازىغا قاتىللىق قىلىدۇ، ھاقارەتلەنگۈچى ئۆز ھاياتىنىڭ پاجىئەلىرىدىن ھەسرەت چېكىدۇ. تاتار ئالىمى رىزائۇددىن ئىبن پەخرۇددىن مۇنداق ئۈگۈت قىلغانىدى: «ئەرنىڭ پېقىر - گادايلىقى ئۇنىڭ ئۈچۈن نۇقسان ئەمەس، ئەرنىڭ بايلىقىمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن پەزىلەت ئەمەس. ھورۇنلۇق، ھاراقخورلۇق ۋە سەلبىي خۇلق ئەرنىڭ پاجىئەلىك ئىللەت - نۇقسىنى ھېسابلىنىدۇ». بىلىش كېرەككى، دۇشمەننىڭ سۆزلىرىگە ئەر چىدىسىمۇ، بۇ خىل سۆزنى ئۆز خوتۇنىدىن ئاڭلاشقا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. خوتۇننىڭ ئۆز ئېرىنى مەسخىرە قىلىشى ئۇنى ئۆلتۈرۈشتۇر. تەربىيىلىك خوتۇن باشقا خوتۇنلارنىڭ ئەرلىرىنىڭ مەنسەپ ۋە بايلىقى، باشقا خوتۇنلارنىڭ كىيىم - كېچەك، زىبۇ - زىننەتلىرىگە يەڭگىلتەك خوتۇنلاردەك ھەۋەس قىلىپ، ئۆز ئېرىنى ئازابلىمايدۇ. ئۆزگىلەرگە كۆزى قىزىرىش مەنىۋى تۇراقسىزلىق، ئاچ كۆزلۈكتۇر. ئەركەك بۇنداق ئايالدىن ئەمىن ۋە مەمنۇن بولالمايدۇ.

ئائىلىدە ئەر - خوتۇن مۇناسىۋىتى ۋە ئاتا - ئانا ئوبرازىغا نۇقسان كەلتۈرىدىغان ئىللەتلەرنىڭ تۈپ مەنبەسى مىللەتنىڭ مەنىۋى ساپاسىنىڭ تۆۋەن بولۇشىدىن ئىبارەت. ھەربىر ئائىلە ئۈچۈن ئەر - خوتۇننىڭ ئاتا - ئانا بولۇش مەدەنىيەت تۈزۈلمىسىنىڭ تۆۋەن بولۇشى ئائىلە ئاپەتلىرىنىڭ ئىچكى

يىلتىزى ھېسابلىنىدۇ.

ئېيتىش كېرەككى، ئەر - ئايالنىڭ مەدەنىيەت دەرىجىسى بىر مەسىلە، ئۇلار ئارىسىدىكى تەڭپۇڭلۇق يەنە بىر مەسىلە.

ئېيتىش كېرەككى، ئۆز ھەمراسىنىڭ كەسپى، قىزىقىشى، ئىجادىيىتىگە يېقىنلىشىپ، ھەمكارلاشقان ئەر ياكى خوتۇن ئەقىللىق، كۆيۈمچان، مەدەنىيەتلىكتۇر. ئەكسى ھالدا ئۇنىڭ نېمىگە قىزىقىنى، نېمىدە ئىجادىي ئەمگەك قىلغىنى، ئۇنىڭ مەزمۇنلىرىدىن بىخەۋەر، ھەتتا ئۇنىڭغا سەلبىي نەزەردە قارايدىغان ئەر ياكى خوتۇن جاھىل، نادان، مەدەنىيەتسىزدۇر.

ئېيتىش كېرەككى، بۇ مەسىلىدە ئەركەكنىڭ ئۆز ئايالىنىڭ كەسپىي قىزىقىشى، جەمئىيەتكە مەنپەئەتلىك پائالىيىتى، بۇ جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلىرى ياكى روھىي ھالىتىگە يېتەرلىك كۆڭۈل بۆلمەسلىكى، ھەتتا «ئايال — ئۆي ئادىمى» دەپ قارىشى بىرقەدەر ئومۇمىي، بىرقەدەر ئېغىر. بۇ ئەھۋال گەرچە ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا ئانچە قىزىقمايدىغان ئاياللاردا نارازىلىق پەيدا قىلمىسىمۇ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا، ھەتتا جەمئىيەتكە مەنپەئەت يەتكۈزۈشكە قارىتا ئەقىدە ۋە ئىنتىلىشكە ئىگە ئاياللاردا كۈچلۈك نارازىلىق قوزغايدۇ. بۇ ئۇلار ئېيتقاندەك، مىللەتنىڭ ئىجابىي ۋە ئىجادىيەت كۈچلىرىنى بوغۇشتىن ئىبارەت.



# سەككىزىنچى باب ئائىلە تاۋابىئاتلىرىدىكى مۇناسىۋەت ئەخلاقى

«ھەربىر كىشى ئائىلىنىڭ مۇناسىپ ئەزاسى بولۇشى لازىم.»
— كوڭ فۇزى

## 1. پەرزەنت — قىممەتلىك تۆھپە

پەرزەنت — ھەممە ئىنسان ئەۋلادى بېسىپ ئۆتكەن بىرىنچى ئۇنۋان.

پەرزەنتلىك — بارلىق كىشىلىك نەسلى ھۇزۇرلانغان تۇنجى مېھىر - شەپقەت، تەسەۋۋۇر - ئىستەك گۈلشىنى.

پەرزەنت — ئاتا - ئانىنىڭ قايتا دۇنياغا كەلگەن ئوبرازى، مىللەتنىڭ كېلەچىكى، ئىنسانىيەتنىڭ يېڭى بىر تارىخىي بوغۇمى، جاھان تارىخىنىڭ داۋامى.

پەرزەنت — مۇشۇ دەۋر ھەققىدە تەلقىن ئېلىپ بېرىپ، يېڭى تۇرمۇش ئۇسۇللىرىنى ئىجاد قىلىش ئۈچۈن دۇنياغا كەلگەن پىكىر ۋە جاسارەت نامزاتلىرى.

پەرزەنت — ئائىلە ئەزاسى.

ئىنسانىيەتنىڭ ئۆز پەرزەنتىنى تەنتەنە بىلەن كۈتۈۋېلىشى ۋە باشقا كىچىك بالىلارنى خەيرىخاھلىق بىلەن ھىمايە قىلىشى ئېھتىمال يۇقىرى دەرىجىدىكى ھايۋانلارنىڭ شۇ خىل ھېس -

تۆيغۇلىرىنى بىئولوگىيىلىك ئاستىنقى قاتلام قىلغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ تۆيغۇ مەدەنىيەت سۈپىتى قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر ھەممە كىشى ئۈچۈن ئوخشاش.

پەرزەنت — نىكاھلىق ئائىلە تەشكىلىنى كۈچەيتكۈچى قانداش رىشتە. ھەربىر تۇغۇت ئۈستىدىكى ئانا، ئەڭ دەسلەپكى يېڭى تۇغۇلغان پەرزەنتىنى ئۆز ئېرىگە تەقدىم قىلغان تەڭداشسىز ئۇلۇغ تۆھپە، يادىكار، سوۋغات تەرىزىدە ھېس قىلىدۇ. شۇنداق، مەيلى ئائىلە ئەزالىرى ئويلىسۇن، ئويلىمىسۇن، يېڭى پەرزەنت ئائىلىنىڭ جەمئىيەتكە، ئىنسانىيەتكە تەقدىم قىلغان تۆھپىسىدۇر. بىز ئىپتىدائىي ئەجداد ئېتىقادچىلىقى بىلەن جىنسىي ئېتىقاد ھەققىدىكى پاكىتلاردىن، كۆپ پەرزەنتلىك ئانىلار ھۆرمەتلەنگەن ئادەتلەردىن، مەشھۇر شەخسلەرنىڭ تۇغۇلغان كۈنلىرى تەسۋىرلەنگەن داستان سەھىپىلىرىدىن بىر ئائىلىدە پەرزەنتنىڭ دۇنياغا كېلىشى پۈتۈن قەبىلە، مىللەت، تارىخ ئۈچۈن بېرىلگەن ھەدىيە ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز.

«پەرزەنت» ئائىلە كاتېگورىيىسىدىكى تەركىب كاتېگورىيە بولۇپ، ئۇ، ئومۇمەن ئاتا ـ ئانىدىن كېيىنكى ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى ئەۋلاد قاتلىمىدىكى قانداش ۋە قانداش بولمىغان بالىلار ۋە نەۋرىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ تەركىبى مۇنداق:

ئوغۇل ـ قىز پەرزەنت،
ھامىيلىقتىكى پەرزەنت.
ئوغۇل ـ قىز نەۋرىلەر،
ھامىيلىقتىكى نەۋرىلەر.

بۇ يەردە ھەرخىل ئىجتىمائىي سەۋەبلەر بىلەن ئانا ياكى ئاتا تەرەپ ئائىلىگە ئېلىپ كىرگەن، كۈيئوغۇل ياكى كېلىن قىز تەرەپ ئائىلىگە ئېلىپ كىرگەن باشقا ئاتا ياكى باشقا ئانىدىن بولغان پەرزەنتلەر بىلەن ئائىلىگە پەرزەنت ھېسابىدا بېقىۋالغان



ئوغۇل ـ قىز پەرزەنتلەر نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

پەرزەنتلەر ئاتا ـ ئانىنىڭ، باشقا ئائىلە پېشقەدەملىرىنىڭ ھالال مېھرى ئارقىلىق، جامائەتچىلىك ئەخلاقى ۋە پىكرى ئارقىلىق، بالىلار ھوقۇقىنى قوغداش ۋە ۋارىسلىق قانۇنلىرى ئارقىلىق بىرقانچە قاتلام مۇھاپىزەت چەمبىرىدە بولىدۇ.

نەۋرە پەرزەنتلەر قاتلىمى چوڭ ئائىلىلەر ئۈچۈن چوڭ ئاتا ـ چوڭ ئانا نەزەرىدىكى چۈشەنچە بولۇپ، ئەمەلدە ئۇلارمۇ ئاتا ـ ئانىنىڭ پەرزەنتىدۇر. شۇ سەۋەبلىك بىز مۇناسىۋەت ئەخلاقى ھەققىدە توختالغىنىمىزدا پەرزەنت بىلەن ئاتا ـ ئانا ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ئەخلاقى ۋە پەرزەنتلەر ئارا مۇناسىۋەت ئەخلاقى ئۈستىدىلا توختىلىمىز.

ئائىلە تەركىبىدە پەرزەنت كاتېگورىيىسىدىن باشقا، بۇنىڭغا بىۋاسىتە تۇتاشقان يەنە بىر نىكاھلىق چەمبەر مەۋجۇت. ئۇ بولسىمۇ كۈيئوغۇل ۋە كېلىنىدىن ئىبارەت. كۈيئوغۇل ئۆز پەرزەنتى ئالدىدا ئاتا، ئۆز خوتۇنى ئاتا ـ ئانىسى ئالدىدا نىكاھلىق قوشۇلغۇچى، ئۆز خوتۇنىغا ئەر بولۇشتەك ئۈچ قىرلىق ئائىلە مۇناسىۋىتى ھالقىسىدىن ئورۇن ئالغان. كېلىن ئۆز پەرزەنتى ئالدىدا ئانا، ئۆز ئېرى ئاتا ـ ئانىسى ئالدىدا نىكاھلىق قوشۇلغۇچى، ئۆز ئېرىگە مەھبۇب بولۇشتەك ئۈچ قىرلىق ئائىلە مۇناسىۋىتى ھالقىسىدىن ئورۇن تۇتقان. ئۇنىڭدىن باشقا ئائىلىدە بىرقانچە چوڭ ـ كىچىك كۈيئوغۇل ۋە كېلىن بولۇشى مۇمكىن. بەزىدە تۈرلۈك سەۋەبلەردىن ئائىلىدە ئېرى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن تۇرۇپ قالغان كېلىنلەر بىلەن ئايالى ئۆلۈپ قالغاندىمۇ شۇ ئائىلىدىكى قېرىلارنى كۈتۈپ قالغان ۋە يېڭى ئۆيلەنگەن ئايالىنى ئېلىپ كىرگەن كۈيئوغۇللارمۇ ئۇچرايدۇ. بۇ ئاز، ئەمما مەۋجۇت ئەھۋال. ئېيتىش كېرەككى، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغانلار، بىر تەرەپتىن ئائىلە تەركىبىگە، يەنە بىر تەرەپتىن

پەرزەنت تەركىبىگە كىرىدۇ، پەرزەنت بىلەن ئالاقىدار بولىدۇ.

ئائىلىدە ئاتا ـ ئانىنىڭ ئۆز ئوغۇل ـ قىزلىرىغا بولغان ئاتىلىق ـ ئانىلىق قاراشلىرى ۋە مەجبۇرىيەت تۇيغۇسى بىلەن بېقىۋالغان، ئېلىپ كىرىلگەن پەرزەنتلەر، كېلىن، كۈيئوغۇللارغا بولغان ئاتىدارچىلىق، غەمگۇزارلىق قاراشلىرى ۋە مەجبۇرىيەت تۇيغۇسى ئىنتايىن مۇھىم، نازۇك ۋە ئەمەلىي مەسىلە ھېسابلىنىدۇ.

ئۆتمۈشتىكى ئائىلىۋى پاجىئەلەر بىلەن ھازىرقى ئائىلىۋى زىددىيەتلەر ئىچىدە ناچار پەرزەنت بىلەن خارلانغان يېتىم، ئاسراندى پەرزەنتلەر ۋە كېلىن بىلەن قېينانا مۇناسىۋىتىنىڭ جىددىيلىكى ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىدۇ.

رۇس پېداگوگى سوخوملىنىسكىي: «ئىنسان بېشىدا ئۆلۈم، قېرىلىق ۋە يامان پەرزەنتتىن ئىبارەت ئۈچلا كۈلپەت بولىدۇ» دېسە، فرانسۇز دراماتورگى بومارشې: «مۇتىھەمنى ئۆيدىن قوغلاش ئائىلىنىڭ زور بەختىدۇر» دەيدۇ. بۇ پەرزەنت — ئوغۇل ـ قىزلار ئىچىدىن چىققان كۈلپەت سالغۇچىلارغا قارىتىلغان. گوركى مۇنداق تەربىيە بېرىدۇ: «يامان پەرزەنت ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىنى جازالىماق كېرەك».

خارلانغان يېتىم ـ ئاسراندى پەرزەنتلەر ئۈچۈن خارلىغۇچى ئائىلە باشلىقلىرى جاۋابكار. خارلاش — نەپرەتنىڭ دەپسەندە قىلىشى بولۇپ، نەپرەتتىن نەپرەت تۇغۇلىدۇ. كۆپلىگەن پاكىتلار كۆرسەتتىكى، ئائىلىۋى نەپرەتتە ئۆرنى ئىسسىمىغان ئوغۇل ـ قىزلار نورمال ئۆسەلمەيدۇ ۋە ئاخىرى جەمئىيەتتە نەپرەت تۇغدۇرغۇچىلارغا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئەكسى ھالدا، ئۆزىنى خارلىغان ئائىلىدىن ئايرىلىپ، مېھرىبان ئىنسانپەرۋەر كىشىلەرگە ئايلانغان پەرزەنتلەرمۇ بولىدۇ.

خارلاش ئەرنىڭ ئايالى باشلاپ كىرگەن پەرزەنتكە مۇئەييەن رەشىك كۆزى بىلەن قارىشى، بولۇپمۇ ئايالىنىڭ ئەر باشلاپ



كىرگەن پەرزەنتكە ئۆتكۈر رەشىك بىلەن قارىشىدىن ئايرىلمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئاسراندى پەرزەنتلەرنى ئۆز پەرزەنتلىرىدىن تۆۋەن ئورۇندا قويۇش، ئۇلارغا پەرقلىق مەنىۋى ۋە ماددىي تەمىنلەش پوزىتسىيىدە تۇرۇش، ئائىلىدىكى ئوخشىمىغان ئىش تەقسىماتى، ھەممە ناباب ئىشنى ئۇلاردىن كۆرۈش ياكى دۆڭگەپ قويۇش بۇنداق زىددىيەتنى تېزدىن ئۆتكۈرلەشتۈرىدۇ. بۇ جەھەتتە ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ، بولۇپمۇ ئانىنىڭ مەدەنىيەتلىك ياكى ئەمەسلىكى، ئىنسانپەرۋەر ئەخلاقىي سۈپەتلىرى ئىنتايىن كاتتا رول ئوينايدۇ.

كۈيئوغۇلغا ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ۋە ئىقتىسادىي كىرىمى بويىچە، كېلىنگە ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تەسىرى بويىچە قاراش، ئادەتتىكى ئەھۋالدا كېلىنىنىڭ ئۆز ئوغلى بىلەن تولىمۇ يېقىن بولۇپ كېتىشىگە قىيماسلىق، كېلىنىنى ئۆز قىزىدىن تۆۋەن باشقىچە بىر خىل پوزىتسىيىدە كۆزىتىش، ئىشقا سېلىش، باھالاش، كەچۈرمەسلىك، كەك ساقلاش ئانىلاردا بىرقەدەر كەڭ ساقلانغان، ئەنئەنە ھالىتىنى ئالغان ناتوغرا ئاڭ ۋە روھىيەتتۇر.

مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى زىددىيەت پەيدا قىلغۇچى زىددىيەت بولۇپ، ئائىلىدە ئىناقلىقنى، تىنچلىقنى بۇزىدۇ. ئۇ ئاتا ـ ئانىلارنىڭ، بولۇپمۇ مىللەتنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلىگۈچى ئانىلارنىڭ، ئانا بولغۇچى قىزلارنىڭ ئائىلىدىن ئىلگىرى ـ كېيىن ئۆزلىرىدە يېتەرلىك، نۇقتىلىق «مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى» ئېلىپ بېرىشى لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئانىنىڭ خۇلق ـ ئېتىبارىنىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدا خەلق ئىچىدە چوڭقۇر مەنىلىك سۆزلەر ساقلانغان: «قىزنى بۇزغان ئانىسى»، «يامان بالا يوق، يامان ئاتا ـ ئانا بار» دېگەن سۆزلەر ئۇنىڭ بىر مىسالى.

«ئائىلە — تەبىئەتنىڭ شاھ ئەسىرى» (سانتايانا)، «ئائىلە تەرتىپ - ئىنتىزامىنىڭ ئەڭ چوڭ كىتابى» (سمايلىس). قەيەردە قىزلار، ئانىلار قاتتىق قول، تەلەپچان بولسا، شۇيەردە ئۆسمۈرلەر ھەقىقىي كىشىلەردىن بولۇپ چىقىدۇ، ئەكسى ھالدا ئائىلە باشلىقلىرى خۇنۈك كىشىلەر بولسا، ئۇ يەردە ئۆسمۈرلەر كۆلپەت كەلتۈرگۈچىلەرنىڭ كېمىيىپ بېرىۋاتقان سانىنى توشقۇزۇشقا تەق بولۇپ ئۆرە تۇرىدۇ.

مېنىڭچە، يەنىلا ئانا ئۇلۇغ مۇرەببى. ئۇ ھەتتا ئەرنىمۇ، ئائىلىنىمۇ تۈزەشكە قابىل ئىكەن، پەرزەنتلەرنىمۇ مەدەنىيەتلىك كىشىلەر قىلىپ تەربىيىلەيدۇ. ئەكسى ھالدا ئۇ ئەرنى يەر قىلىدۇ، پەرزەنتنى خار قىلىدۇ، ئائىلىنى مەرھەمەتسىز، بەرىكەتسىز ۋە ئىززەتسىز كۈلبىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. بۇنداق ئانىلار ناھايىتى قېرىپ كەتكەندىمۇ داۋاملىق نەپرەت ۋە كۆلپەت پەيدا قىلىشتىن باشقىنى بىلمەيدۇ.

مانا، ئائىلە! بۇ ئانىلارمۇ ئۆز ئانىلىرىدىن «تەلىم» ئالغاندە!

## 2. پەرزەنت تەربىيىلەش — بەخت يارىتىشتۇر

پەرزەنت — ئىنسان. ئىنسان، ئەگەر ئۇ ياخشى پەزىلەت ۋە ئەقىل - بىلىم ئىگىسى بولغىنىدا، ئۇ ئىنسانپەرۋەر، خۇش تەبىئەت، بەخت ياراتقۇچى بولىدىغانلىقى، ئەگەر ئۇ قاباھەتلىك، نادان ۋە تەلۋە بولغىنىدا زوراۋان، خۇنۈك تەبىئەت، تۇرمۇشنى، مۇھىتنى بۇزغۇچى بولىدىغانلىقى توغرىسىدا قەدىمدىن ھازىرغىچە كۆپلىگەن بايان ۋە تەمسىلاتلار سۆزلەنگەن. جۇڭگو ئىدىيىلەر تارىخىدىكى «ئىنساننىڭ ياخشى خاراكتېرلىكلىكى»، «ئىنساننىڭ يامان خاراكتېرلىكلىكى» توغرىسىدىكى مۇنازىرىلەر بىلەن پلاتون، ئارىستوتېل، فارابى، يۈسۈپ خاس ھاجىپلارنىڭ ئىنسان بالىسى تۇغۇلۇشتىن ياخشى - يامان بولامدۇ ياكى ئائىلە، جەمئىيەت تەسىرىدە ياخشى - يامان بولامدۇ، دېگەن مەسىلىلەر ھەققىدىكى بايانلىرى ئۇنىڭ مىسالى.

پەرزەنت — ئانا قارنىدىن بىئولوگىيىلىك تۆرىلىش شەكلىدە دۇنياغا — ئىجتىمائىي ئائىلىگە كېلىدۇ. ئۇ تۇغۇلغان كۈندىن تاكى مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرگىچە، تولا ھاللاردا تاكى ياش ئاتا - ئانا سالاھىيىتىگە ئېرىشكىچە، ئائىلە تەسىرىدە بولىدۇ. ئۇ ئائىلە، يەسلى، مەكتەپتە بولغان چاغدىمۇ ئاساسلىقى ئائىلە تەسىرىدە بولىدۇ.

ئائىلە — پەرزەنتنىڭ خاراكتېر تۈزۈلمىسى ۋە پېرسونال (يەككە) ئەخلاقىي قىياپىتىنى شەكىللەندۈرگۈچى بىرىنچى «ئىنسان ياساش دەرگاھى» دۇر. ئاتا - ئانىنى ئاساس قىلغان ئائىلە مۇتىۋەرلىرى پەرزەنت ئۈچۈن بىرىنچى، بىۋاستە نەمۇنە، ئۈلگە، ئەنداز بولۇپ تەسىر قىلىدۇ.

ئاتا - ئانا بولماق بىئولوگىيىلىك نۇقتىدىن ئاسان، ئەمما ئاتا - ئانا نامىدا ئاتالغان تەربىيىچى بولماق ئىجتىمائىي نۇقتىدىن ئاسان ئەمەس. ھەقىقىي مەنىدە پەرزەنت تاپقان ئەمەس، ئۇنى تەربىيىلەپ ئۆز بۇرچىنى ئورۇندىغان كىشى ئاتا - ئانىدۇر.

بالا — بەخت ياراتقۇچى بولۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ساغلام بەدەن، خۇش پىچىم قىياپەت ۋە گۈزەل ئەخلاق، يېتەرلىك بىلىم - ماھارەت قاتارلىق بىر يۈرۈش پەرۋىش تەدبىرلىرى تەلەپ قىلىنىدۇ.

پەرزەنت ئاتا - ئانا ساغلام ۋە نورمال ھالەتتە تۇرغان چاغلىرىدا تېپىلىشى لازىم. مەست، زەھەرلەنگەن ۋە غەيرىي نورمال ھالەت پەرزەنتنىڭ جىسمانىي ساپاسىغا يامان ئاقىۋەت

ئېلىپ كېلىدۇ. ئەنئەنىۋى قاراش بويىچە مۆچەل ۋە ئاي بۇرۇجلىرىنىڭ تۇغۇلغان بالىغا تەسىرى ھېسابقا ئېلىنغىنى ياخشى.

بالا — بەخت يارانقۇچىنى پىسسىخىك روھىيەت ۋە تۇيغۇ - ھېس، ئەقلىي - زېھىن، ئەخلاق - ئەدەب جەھەتتە تەربىيىلەش مۇرەككەپ ئەمگەك. بۇ يېڭىلىشلارغا، تەمتىرەپ قېلىشقا، ئىزدىنىش - ئۆگىنىشكە ئېلىپ كىرىدۇ.

مېنىڭچە، ساپ مۇھەببەتلىك دۇنيانى، ھاياتنى، ئادەملەرنى، ئۆي قۇشلىرى، ھايۋانات دۇنياسى، تەبىئەتنى سۆيۈش پەرزەنت تەربىيىسىنىڭ پاك، بىغۇبار، ئالىيجاناب، ساددا ماۋزۇسىدۇر. پەرزەنت قىزىقىش بىلەن بۇ تەربىيىگە مايىل بولىدۇ.

كارل ماركس: «ئاتا - ئانا قەلبى مۇھەببەت قۇياشى» دېگەنىدى. شۇنداق «ئانا قەلبى پۈتمەس - تۈگىمەس مۆجىزىلەر مەنبەسى» (بېرناجى)، «ئانا مېھرى قۇياش نۇرى» (گوگول)، «ئىنسان قېنىدا ئەبەدىي ئۇنى يۈكسىلىشكە دەۋەت قىلىدىغان مۇھەببەتكە بولغان ئېھتىياج ساقلانغان» (فرانس).

دانالار پەرزەنت تەربىيىسىنى ئۇ تۇغۇلغان كۈندىن باشلاشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. ژان ژاك رۇسسو: «ئىنسان تەربىيىسى ئۇ تۇغۇلغان ۋاقىتتىن باشلىنىدۇ» دېسە، پىروگوف: «بارچە مۇتەپەككۇرلار تەربىيىنى يۆگەكتىن باشلاش كېرەك، دېگەن خۇلاسىگە كەلگەن» دەيدۇ.

بالا تەربىيىسىنىڭ ھۇزۇرىمۇ، جاپاسىمۇ چوڭ. گىيوگو توغرا ئېيتقان: «دۇنيادا گۆدەكنىڭ تىلىدەك تەنتەنىلىك گېپىن يوق».

ئائىلە — ئىنسان ۋە گىراژدان تەربىيىلەيدىغان بىرىنچى ۋە ئاساسىي بازا سۈپىتىدە پەرزەنتنىڭ يېشى ۋە ئەقلىي



ئىقتىدارىنىڭ ئۆسۈشىگە قاراپ تەربىيە شەكلى، مەزمۇنى ۋە تەلەپلىرىمۇ ئۆزگىرىدۇ.

مېنىڭچە، ئاتا - ئانىنىڭ ئۆزىنى تۇتۇشى، ئۆز - ئۆزىنى تەربىيىلىشى، ئۆزئارا مۇناسىۋىتى، پەرزەنتىنىڭ ئىش - ھەرىكىتىگە بولغان دىققەت - نەزەرىنىڭ ئىجابىي - سەلبىيلىكى، تاشقى مۇئامىلە (ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت) ئەھۋالى بۇ چاغدا پەرزەنتكە تەسىر كۆرسىتىدىغان بىۋاسىتە ئۆرنەكلىك رولىنى ئۆتەيدۇ. ئەقىل تاپقان، دۇنياغا پىكىر بىلەن نەزەر سېلىۋاتقان ئۆسمۈر ئۈچۈن تەربىيە ئاتا - ئانىنىڭ ۋەز - نەسىھىتى ئەمەس، مۇھىمى ئۇنىڭ مۇجەسسەم خاراكتېرى ۋە ئوبرازىدىن ئىبارەت. بۇ چاغدا ئاتا - ئانا پەرزەنت دىققەت نەزەرىنىڭ مۇھاسىرىسىدا تۇرىدۇ. پەرزەنت ئاتا - ئانىنىڭ ئۆزىنى قانداق تۇتۇشى ۋە تەربىيىلىشىنى مەركەز قىلغان ھالدا ئۆز خاراكتېرىنى تۈزىدۇ. تېككىرى توغرا ئېيتىدۇ: «بېسىلغان قەدەم ئادەتكە، ئادەت خاراكتېرگە، خاراكتېر تەقدىرگە ئايلىنىدۇ».

راست سۆزلەشكە ئۆگىتىش نازۇك، ئەمما مۇھىم تەربىيە مەزمۇنى. بۇ ئاتا - ئانا، قېرىنداشلاردا راست سۆزلەش، ھەقىقەتكە ھۆرمەت قىلىش، مۇبالىغە قىلماسلىق، يوپۇرتماسلىق ئادىتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەيىبلىك ئىشنى يوشۇرماسلىققا ئۆگىتىش بۇنىڭ مۇھىم ھالقىسىدۇر.

ئەمگەك، ئۆگىنىش، ئۆز تۇرمۇشىنى ئۆزى باشقۇرۇشقا ئۆگىتىشتە، ئاتا - ئانىنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشى، ئەمگەك سۆيەر روھى بىۋاسىتە ئۈلگە. بۇندىن باشقا پەرزەنتكە مۇۋاپىق ئائىلە ئىشى تەقسىم قىلىپ بېرىپ، ئادەتلەندۇرۇش لازىم. ئەمگەك سۆيمەسلىك، راھەت - پاراغەتكە بېرىلىش پۈتۈن ئەسكىلىكلەرنىڭ مەنبەسىدىن ئىبارەت.

ئاتا - ئانا بىر قاتار ئادەتلەرنى ئائىلە ئىنتىزامى قىلىپ،

ئۆزى باشلاپ ئىجرا قىلىشى لازىم. مەسىلەن، هارام ۋە باشقىلاردىن نەپ ئالماسلىق؛ باشقىلاردىن ئۆنى - بۇنى سوراش (ئارىيەت ئېلىش) نى ئادەت قىلماسلىق؛ كەچقۇرۇن سىرتتا يۈرمەسلىك ۋە سىرتتا قونماسلىقنى قەتئىي ئائىلە نىزامى قىلىش؛ سىرتقا چىققاندا قەغەزگە يېزىپ قالدۇرۇش؛ تاماكا ۋە ئىچىملىكنى ئادەت قىلىۋالماسلىق؛ پىلانسىز، تېجەشسىز خىراجەت ۋە ئادەتتىن تاشقىرى ياسانچۇقلۇققا مايىل بولماسلىق ۋە باشقىلار. ئاتا - ئانىلار بۇ جەھەتتە ساياق بولسا، پەرزەنتلەر ئۇلاردىن ئارتۇقراق بوشاڭ بولۇپ يېتىشىدۇ.

پەرزەنت تەربىيىسى ئىغىزدا سۆزلەپ چۈشەندۈرۈش تەربىيىسى، هاۋالە قىلىپ باشقىلار ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان تەربىيە (يەسلى، ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىش قاتارلىق) ۋە تەسىر (ئۈلگە كۆرسىتىش) ئارقىلىق تەربىيە بېرىش تۈرلىرىگە بۆلۈنىدۇ. بۇلار بىر - بىرىدىن ئاجرالمىسىمۇ، بىرسى ئاساسىي ئورۇندا بولىدۇ.

باللارغا قىزىق هېكايە - چۆچەكلەر ئېيتىپ بېرىش، ئۇلاردا ئۆسۈملۈك ۋە ئۆي هايۋانلىرىغا بولغان خەيرخاهلىق تۇيغۇلىرى تىكلەش، ئۇلارنىڭ تاپقىرلىقلىقىنى تەربىيىلەش، ئۇلارنى پىكىر - تەسەۋۋۇر قىلىشقا ئادەتلەندۈرۈش، رېمونت قىلىش، ئەمگەك، كىتاب ئوقۇش ۋە چوڭلار بىلەن مۇناسىۋەت قائىدىلىرىنى ئىگىلىۋېلىشقا يېتەكلەش لازىم.

پەرزەنتلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت — قېرىنداشلار، كېلىن، كۈيئوغۇللار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت تەرتىپى، ئەدەبى ماهىيەتتە ئاتا - ئانا ئورناتقان ئائىلىنىڭ مەنىۋى مۇناسىۋەت هاۋاسى ئاساسىدا ئۆسۈپ چىقىدىغان يەنە بىر چىمەنزار. باراۋەر كۆز قاراشتا بولۇش، ياش پەرقىنى ئېتىبارغا ئېلىش، قاتتىق قول ياكى ئەركىلەتمە تەربىيە ئۇسۇلىنى قوللانماسلىق، بىر -



بىرىنىڭ ئالدىدا چۆكتۈرۈش - كۆتۈرۈش سۆز - هەرىكەتلىرىدە بولماسلىق، ئاكىلار، ئاچىلارنىڭ (هەتتا كېلىن، كۈيئوغۇل) ئۇكىلىرىنى تەربىيىلىشى، توغرا ئىشقا سېلىشى، پەرزەنتلەرنىڭ ئۆز - ئۆزىنى باشقۇرۇشىغا هۆرمەت بىلدۈرۈش — مانا بۇ ئاتا - ئانا دىققەت قىلىدىغان نۇقتا هېسابلىنىدۇ.

پەرزەنتنىڭ دوستلىرى ئاتا - ئانا كۆڭۈل بۆلۈشى هەم قىزغىن قارشى ئېلىشى لازىم بولغان يېڭى مۇناسىۋەت ئەخلاقى ساهەسى هېسابلىنىدۇ.

دوستلىشىش — هايات يولىدىكى ئۇلۇغ نامايەندە. دوستى بولمىغان ئۆمۈر مەنىسىز هەم يېقىمسىز. دوست — هايات بېغى ۋە ئۆمۈر دەرمانى. «ئىنسانغا دانالىقتىن كېيىنكى يەنە بىر قىممەتلىك سوۋغا — دوستلۇقتۇر» (لاروشفۇكۇ).

ئەمما، دوست ياخشى ياكى ناچار بولىدۇ، دوستنىڭ سەلبىي تەسىرى، سەلبىي كىشىلەر تۈركۈمى پەرزەنتنى يولدىن چىقىرىدۇ، ئائىلىدىكى ئىجابىي تەربىيە ئارقىلىق قوپۇرۇلغان بىنانى غۇلىتىدۇ.

قابۇس: «ياخشى دوست — تۈگىمەس خەزىنە»، «ياۋۇز دۈشمەن، مەككار دوستتىن ساقلان» دېگەنىدى. ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ ياخشى دوست تۇتۇشىغا غەمخورلۇق قىلىشى لازىم. بۇ يەنىلا ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرىنىڭ مەنىۋى سۈپەتلىرى بىلەن باغلىق بولىدۇ. شېكسپىر: «تېگى - تەكتى ئەقىلگە باغلانمىغان دوستلۇق — ئەخمەقلىقتۇر» دېسە، گىلۋېتىس: «ئىنسان قانداق كىتاب ۋە قانداق دوست تاللىۋالغانلىقىغا قاراپ بىلىنىدۇ» دەيدۇ.

ئاتا - ئانىلار پەرزەنتلىرىگە ياخشى كىتاب ۋە ياخشى تېلېۋىزىيە مۇھىتى هازىرلاپ بېرىشى لازىم. بۇ ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ مەدەنىيەت مۇھىتى مەسىلىسىدۇر.

يالغانچىلىق، كاززاپلىق، ئالدامچىلىق، ئىككى يۈزلىمىلىك، تەمەخورلۇق، خۇشامەتچىلىك، ئىغۋاگەرچىلىك، سۈيىقەستچىلىك، يۈرتۋازلىق، تەبىقچىلىك، ھورۇنلۇق، بىكارتەلەپلىك، ئېزىلەڭگۈلۈك، تەنتەكلىك، هاراقكەشلىك، قىمارۋازلىق، زەھەر خۇمارلىق، ئوغرىلىق، ھاكاۋۇرلۇق، لۈكچەكلىك قاتارلىق ئىللەتلەرنىڭ دەسلەپكى باسقۇچلىرىدىلا قاتتىق توسۇلۇشى ئاتا ـ ئانىلار دىققەت نەزەرىدىكى مۇھىم نۇقتا.

ئاتا ـ ئانىلار ئۆزى باشلاپ پەرزەنتلەرگە بەدەن گۈزەللىكى، خۇلقى ـ مىجەز گۈزەللىكى، يۈرۈش ـ تۇرۇش گۈزەللىكى، سۆز ـ ھەرىكەت گۈزەللىكى، كىيىنىش ۋە تازىلىق گۈزەللىكى، مۇھىت گۈزەللىكى، مۇناسىۋەت گۈزەللىكى تەربىيىسى بېرىشى، بۇ ئىشنى پۈتۈن جەمئىيەت داۋاملاشتۇرۇشى لازىم.

ئېيتىش كېرەككى، ھازىرقى كۈندە بىر شەخسىي ئۈچۈن قانداق كىيگەن ياكى زىننەتلەنگەنلىكى، ئۇنىڭ ئاقچا قىممىتى گۈزەللىك ئۆلچىمى بولماي قالدى. گۈزەللىك — ئۇ بەدەن گۈزەللىكى، تۇرقى ـ ھالەت، قەددى ـ قامەت گۈزەللىكى قاتارلىق جەھەتلەردە سىپىلىشتۇرما ھاسىل قىلىدىغان بولىدۇ. گۈزەللىك بىر مىللەت ئۈچۈنمۇ مەنىۋى ساپا ئالامەتلىرىدىن بىرى ھېسابلىناتتى. ئۇنداق ئېزىلەڭگۈ، توپا ـ تەرەت، دەلدۇش، ھاڭۋاقتى، رەتسىز كىيىنىپ يۈرىيدىغان كىشىلەرنىڭ ئومۇمىي ھالىتى شۇ مىللەتنىڭ زالالەتتە تۇرغان ھالىتىنى ئەكس ئېتىدىغان بولدى. ياخشى قەددى ـ قامەت ۋە تۇرقى ـ ھالەتكە ئىگە ئەركەكلىرى بىلەن مىللەت ئۆزىنى ئالىيجاناب، پاك، غەيۇر ۋە مەغرۇر ھېس قىلىدۇ. رىقابەتلىك دۇنيادا بۇ ھەممە كىشى چىڭ تۇرۇپ ئىزچىللاشتۇرىدىغان نازۇك ئىجتىمائىي تېما بولۇپ، ئىپتىخار ـ نومۇس قىممىتى ناھايىتى چوڭ.

ئۆز خەلقىنى، ئۆز مەدەنىيىتىنى، ئۆز ئەنئەنىسىنى



بىلىش، قەدىرلەش ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ئېتنوگرافىيىلىك تەربىيە مەزمۇنى. بۇ ئۆز تىلىدا سۆزلەش، ئۆز پاسونىدا كىيىنىش ـ تارىنىش، ئۆز مىللىي يوسۇنىدا ياشاش، ئۆز سەنئىتىنى قەدىرلەشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بارلىق پەرزەنتلەر، بولۇپمۇ قىزلارغا بۇ جەھەتتە تەربىيە بېرىش ھەممە مىللەت خەلقىنىڭ تولىمۇ تەبىئىي ئۆز ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى.

ئاتا ـ ئانىنى، يۇرت پېشقەدەملىرىنى، ئۇستازلارنى ھۆرمەتلەش پەرزەنت تەربىيىسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى. ئۇ غايىۋى تۇرمۇش بىناكارلىقىنىڭ بىر قىسمى.

ئاتا ـ ئانىنىڭ پەرزەنت تەربىيىلىشى مەلۇم باسقۇچتا پەرزەنتىدىن تەربىيە ئېلىش، ئۆزلىرىنىڭ زاماندىن قالغان قاراش، ئادەتلىرىنى تۈزىتىش، ئۆزىنى مۇنەۋۋەر پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بولۇشقا مۇناسىپ قىلىش جەھەتلەر بىلەن تولۇقلىنىشى لازىم.

## 3. پەرزەنتنىڭ ئاتا ـ ئانىنى ھۆرمەتلىشى ۋە كۈتۈشى

ئائىلە مۇناسىۋەت ئەخلاقى يالغۇز ئاتا ـ ئانىنىڭ پەرزەنتلەرگە بولغان مۇناسىۋىتى ۋە پەرزەنت تەربىيىسى جەھەتلەر بىلەن چەكلەنمەيدۇ، ئۇ يەنە پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا ـ ئانىغا بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

پەرزەنت — ئاتا ـ ئانىنىڭ ۋۇجۇدى، روھىيىتى، ئەجرىدىن پۈتكەن شاھ ئەسەر. پەرزەنتنىڭ ئاتا ـ ئانىغا بولغان مۇناسىۋەتلىرىدىكى ھېس ـ تۇيغۇ ۋە ئاڭدا ئۇنىڭ ئەجىر ـ ئەمگەك ۋە پېشقەدەملەرگە، جەمئىيەت ۋە تارىخقا بولغان ئەقەللىي پوزىتسىيىسى ئەكس ئەتكەن بولىدۇ. چۈنكى «ھەرقانداق ئەدەب

ئۆزىنىڭ ئىچكى ئاساسىغا ئىگە» (گىيوتى).

ئاتا ـ ئانىنى ھۆرمەتلەش پەرزەنتنىڭ ئىجتىمائىي ئىنسان سۈپىتىدىكى بىرىنچى ئەخلاقىي ئېڭى ۋە ئۇنىڭ ئىزچىل ئىپادىسىدۇر. ئاتا ـ ئانىنى ھۆرمەتلەش ئەجدادلارنى ھۆرمەتلەش ئەخلاقىنىڭ نامايانده بولۇشى. ئاتا ـ ئانىنى ھۆرمەتلىمەسلىك، ئەجدادلارنى ھۆرمەتلىمەسلىك ئەخلاقسىزلىقىنىڭ مۇھىم ئىپادىسى. بۇنىڭدا پۈتۈن مەدەنىيەت تارىخى ھاقارەتلىنىدۇ. شۇ خۇسۇستا قەدىمكى رىم ناتىقى تىتسىرون: «ئاتا ـ ئانىغا مۇھەببەت بارچە ياخشى پەزىلەتلەرنىڭ ئاساسى» دېسە، نېمىس مۇتەپەككۇرى گىيوتى: «ئەجدادلار ھۆرمىتىنى چىن قەلبىدىن بىجا كەلتۈرگۈچى كىشى بەختلىكتۇر» دەيدۇ.

ئاتا ـ ئانا — پەرزەنتنىڭ مېھىر چەشمىسى، ئەقىل قۇياشى ۋە كىشىلىك ئۈلگىسىدىن ئىبارەت. ئاتا ـ ئانا — ئۇ ئاقىباش ئاجىز قېرى، نامرات ئاجىز كىشى، ھەتتا ئۆز ئەقلىنى باشقۇرالماس خەستە بولغاندىمۇ، ئۇ يەنىلا ئاتا ـ ئانىدۇر. ئۇنىڭ سەرپ قىلغان ئەمگىكى، نەپەس ئېلىۋاتقان ئۇمىدىدە پەرزەنتىنىڭ كۆركى، كەلگۈسى ۋە بەختى ساقلانغان. ئۇلارنى كۈتۈش ۋە قەدىرلەشكە مەجبۇرىيەت باركى، خارلاش ۋە ئېھتىرامسىزلىققا يول يوقتۇر. ئەلىشىر نەۋائى مۇنداق يازىدۇ:

«باشنى پىدا ئەيلە ئاتا قاشىغا،
جىسمىنى قىل سەدەقە ئانا باشىغا.»

پەرزەنت بىلەن ئاتا ـ ئانا مۇناسىۋىتى ئائىلىدە كېلىن، كۈيئوغۇل، ئاسراندى پەرزەنتلەرگىمۇ تەئەللۇق، ھەتتا ئالاھىدە نازۇك تەلەپلەر بىلەن ئورۇندىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئاتا ـ ئانا بىلەن پەرزەنت مۇناسىۋىتىدە بىر قاتار زىددىيەتلىك ھالەتلەر بولۇپ تۇرىدۇ.

بۇ مۇھىمى پەرزەنتنىڭ تۆۋەندىكى ناباب چۈشەنچە، ئادەت



ۋە ھەرىكەتلىرىدە ئىپادىلىنىدۇ:

ئەركە ـ نايناقلىق، ھۇرۇنلۇق، تەييارتاپلىق. بۇ ئاتا ـ ئانا ئەڭ خاۋاتىر بولىدىغان ئىللەت. شۇنداق پەرزەنتلەر بولىدۇكى، ئۇلار تولىمۇ ئېتىبار بىلەن بېقىلغان، ئەركە ـ نايناقلىقتا «كىچىك زالىم» دەرىجىسىگە كەلگەن. ئۇلار ئۆيدە ئۆز ئىشىنى ئۆزى قىلمايدۇ، ئورۇنلىرىنى ئۆزى سېلىپ ـ يىغمايدۇ، قاچا ـ قۇمۇچلىرىنىمۇ ئۆزى تازىلاپ تىزمايدۇ. ئۇلار ئائىلىگە ئورۇنسىز ئەمگەك، ھارغىنلىق، چىقىم ۋە مالاللىق كەلتۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرى چۇس، قوپال، رەددىيە خاراكتېرىنى ئالغان. ئۇلار، بولۇپمۇ ئوغۇللار، بۇ جەھەتتە ئاتا ـ ئانىغا غەم ـ قايغۇ كەلتۈرىدۇ.

ياسانچۇقلۇق، بەدخەجلىك. بۇ ئاتا ـ ئانىنى ئەنسىرىتىدىغان يەنە بىر ئىللەت. ئوغۇللار ۋە قىزلاردىكى ئاتا ـ ئانىدىن پۇل تەلەپ قىلىپ، قىممەت باھالىق نەرسىلەر بىلەن ياسانچۇقلۇق قىلىش، بەدخەجلىك قىلىپ ساددا ياشاشنى ياقتۇرماسلىق خەتەرلىك خاھىش. بۇنداق ئادەتلەنگەن پەرزەنتلەر تېخىمۇ يامان ھادىسىلەر سادىر قىلىشى مۇمكىن.

بىكار تەلەپلىك، ۋاقىتنى بىكار ئۆتكۈزۈش، تىرىشماسلىق. بۇ ئاتا ـ ئانىنى ئېغىر ئەنسىرەشكە سالىدىغان يەنە بىر ئىللەت. بىكار تەلەپ، لاغايلاپ يۈرۈش، ئۆگەنمەسلىك، ئەمگەك قىلماسلىق، ۋاقىتنى مەنىسىز ۋە ئۈنۈمسىز ئۆتكۈزۈش، يالغۇز ئاتا ـ ئانىغىلا ئەمەس، ئائىلىگە، پەرزەنتلەر ئائىلىسىگە، پۈتۈن جەمئىيەتكە ھەم يۈك ھەم كۈلپەتتۇر.

ھاراقكەشلىك، چېكىمخورلۇق، قىمارۋازلىق. بۇ ئىنسان ئەۋلادىدا بولماسلىقى لازىم بولغان ئىللەت ئاتا ـ ئانىنى ئۇلارنىڭ قەلبىدىن ۋەيران قىلىدۇ.

يالغانچىلىق، ھىيلىگەرلىك، ۋاپاسىزلىق. بۇ ئاتا ـ ئانا

ئەڭ شۇركۇنىدىغان ئىللەتتۇر. پەرزەنت — ئىنسان، ئىنسانىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئەڭ گۇزەل ئۇلگىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىشى لازىم بولغان يېڭى ئەۋلاد.

ئاتا - ئانىلىرىغا كۆيۈمچى بولماسلىق؛ دوستلىرى ياكى سۆيگىنى ئۈچۈن ئاتا - ئانىسىنى، ئۆزىنى يېتىشتۇرگەن مېھرىبان ئائىلىنى قاقتى - سوقتى قىلىش، خارلاش؛ ئاتا - ئانىلىرىنىڭ يالغۇزلۇق، كېسەللىك، قېرىنچىلىق تارتقان چاغلىرىدا ئۇلارغا پەرزەنتلىك مەجبۇرىيىتى ۋە ھەقىقىي ھۆرمەت - مېھرىبانلىقىنى كۆرسەتمەسلىك ئاتا - ئانىنى تولىمۇ ئۈمىدسىز، ئارمانلىق قىلىپ قويىدۇ.

پەرزەنت — ئالدى بىلەن ئاتا - ئانا ئالدىدىكى قەرزىنى ئاڭلىق چۈشىنىشى كېرەك. ئۇنىڭسىز ۋەتەن ئالدىدىكى قەرزىنى ھېس قىلالمايدۇ.



# توققۇزىنچى باب ئائىلىنىڭ تاشقى مۇناسىۋىتىدىكى ئەخلاق مەدەنىيىتى

«ئىنسان — مىللەت ۋە ئىنسانىيەت زەنجىرىدىكى بىر ھالقا.»
— ئاپتور

## 1. ئائىلىنىڭ قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋەت ئەخلاقى

ئائىلە — ھۇجەيرە، ئۇ يېگانە ئەمەس، بەلكى باشقا ئائىلىلەر تۈركۈملىرى ئارقىلىق پۈتۈن جەمئىيەت گەۋدىسىگە باغلىنىدۇ.

ئائىلە ئۈچۈن بوسۇغا ئاتلىغاندىن كېيىنكى بىرىنچى جەمئىيەت ياچېيكىسى ئۇنىڭ قوشنا - ھەقەم سايىلىرىدۇر. بۇ پۈتۈن ئائىلە ئەزالىرى — ئاتا - ئانىلار ۋە پەرزەنتلەر ئۈچۈنمۇ شۇنداق.

قوشنا تاللاش ئىنتايىن مۇھىم. دانىشمەنلەر قوشنا تاللاشنى، ئائىلە جايلىشىدىغان ئورۇن تاللاشنى مۇھىم بىلگەن. ياخشى قوشنا دوست ھەم تۇغقاندىن ئارتۇق. ئائىلىنىڭ سۇ بويىدا، ئاۋات بازاردا، يىراق تەنھا مەھەللىلەردە بولۇشىنىڭ بىر قاتار بىخەتەر ئەمەسلىكى، بالىلار تەربىيىسىگە كۆرسىتىدىغان بېسىمى ھەققىدە توختالغان.

دەرۋەقە، قوشنىنىڭ سۈپەتلىرى، مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى،

خاراكتېرى، قوشنىدارچىلىق ئېڭى ئۇلار بىلەن قوشنا بولۇشتا مۇھىم شەرت ھېسابلىنىدۇ.

قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىدە ھەرئىككى تەرەپنىڭ مۈلكىي - ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتى، مەنىۋى - ئەخلاقىي مۇناسىۋىتى، بالىلار مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت ئۈچ جەھەت بىرقەدەر روشەن بولىدۇ.

مۈلكىي - ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت دېگەندە يېزىلاردىكى يەر - قورۇجاي چېگرىلىرى، بىكار جاينى ئورتاق پايدىلىنىش ۋە تام چۆرۈۋېلىش، ئېتىز - ئېرىقتىكى دەرەخلەر، زىرائەتلەرگە دەخلى - تەرۇز ياكى ئۇقۇشماي بولىدىغان زىيان سېلىش، ئائىلىلەر ئارا قەرز پۇل ياكى نەرسە ئارىيەت ئېلىش، ئۇششاق ئىستېمال بۇيۇملىرى سوراش قاتارلىقلار كىرىدۇ. بۇ جەھەتتە، پاك ۋە ئادىل بولۇش، ئىگىلىۋالماسلىق، چۈشەنچە بېرىش، ئەپۇ سوراش، يول قويغىلى بولسا يول قويۇش، يەر - ھويلا سېتىشتا شەپقەتلىك قىلىشقا يول قويۇش قاتارلىقلار كىرىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە نۇرغۇن ئۇششاق ئىشلار بىلەن چېتىلىدۇ.

قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىدە مەنىۋى - ئەخلاقىي مۇناسىۋەت نازۇك ھەم ھالقىلىق ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ نۇرغۇن جەھەتتىن تەركىب تاپقان:

قوشنىنىڭ ئەر - ئايال، ئوغۇل - قىز، كېلىنلىرىگە باشقىچە نەزەر سالماسلىق؛ ئۇلارنىڭ ئۆيىدە بولغان مېھماندارچىلىق، كەلدى - كەتتى، كىچىك ئارازلاشلارغا نەزەر سالماسلىق؛ ئۇلار توغرىسىدا بولغان ئىغۋالارغا ئارىلاشماسلىق؛ ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى، ئائىلە كىرىمى، يوپۇتىدىغان ھەممە نەرسىلىرىنى سورىماسلىق، باھالىماسلىق؛ ئۇلارنى پاراكەندە قىلىدىغان ئۇسسۇل - تانسا، ناخشا ۋە ۋاراڭ - چۇرۇڭنى كېچىلەپ ئۇزۇن سوزماسلىق؛ ئۇلارنىڭ مۇسىبەتلىرىگە



ئورتاقلىشىش، ئەكسى ھەرىكەتلەردە بولماسلىق؛ ئۇلارنىڭ دەرد - ئەھۋالىغا يېتىش، ئاغرىقلىرىدىن ھال سوراش؛ بىر تام قوشنىلارنى مۇمكىن قەدەر مەنىۋى جەھەتتە يۆلەش، مېھمانلارغا قوشۇپ تەكلىپ قىلىش ۋە باشقىلار.

قوشنىدارچىلىقتا بالىلار مۇناسىۋىتى مۇھىم. بالىلارنىڭ يېشى ۋە پسىخولوگىيىسى بويىچە ھېلى ئۇرۇشۇپ - ھېلى يارىشىشى تەبىئىي ئەھۋال. بۇنداق ئەھۋالدا بالىلار ئارىسىغا كىرىپ غەلۋە تېرىماسلىق، زۆرۈر تېپىلسا ئۆزرە سوراش، قوشنا بالىلىرىنىڭ ئۆيگە كىرىپ ئوينىشىنى، بالىلارنىڭ ئارىلاشقاق، چىقىشقاق ئۆسۈشىنى قارشى ئېلىش؛ قوشنىلار پەرزەنتلىرى بىلەن شۆھرەتلىك بالىلار ۋە ياشلار كوللېكتىپى شەكىللەندۈرۈش لازىم.

قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىدە، بولۇپمۇ قوشنىلار ئالماشقاندا ھەرخىل كىشىلەر بىلەن، ھەتتا پىتنىخور، مارىلامچى، دەرغەزەپ كىشىلەر، بۇزۇقلار بىلەن قوشنا بولۇپ قېلىش مۇمكىن. بۇنداق قوشنىلارغا ئومۇمەن بالىلارنى ئارىلاشتۇرماسلىق كېرەك، ئۆزلىرى ئىجابىي جەھەتتە سالام - سەھەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىغۋالىرى ياكى ئائىلە ئىشلىرىغا نەزەر سالمىغان ياخشى.

قوشنىدارچىلىق ئەخلاقى ئىنتايىن مۇھىم، ئۇنىڭ ھالقىسى ئۆزىنى ئۆزى ئاڭلىق تىزگىنلەشتە ۋە قوشنىدارچىلىق قائىدىلىرى ۋە قوشنىدارچىلىق سەنئىتىگە رىئايە قىلىشتا.

## 2. ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەت ئەخلاقى

ئۇرۇق - تۇغقان دېگەندە بىز قانداشلىق ئالاقىلىرى بولغان قېرىنداشلار ۋە قانداشلىق ئالاقىلىرى بىرقەدەر يېقىن تۇغقانلار

بىلەن نىكاھلىنىش ئارقىلىق قۇدا - باجا بولغان كىشىلەر تورىنى نەزەردە تۇتىمىز.

بىر تۇغقان قېرىنداش ئائىلىلىرى چوڭ ئائىلە تەركىبىنىڭ مۇستەقىل شەكلى بولۇپ، بۇ جەھەتتىكى مۇناسىۋەت ئائىلە ئىچىدىكى پىداكارانە، بىر گەۋدە مۇناسىۋەتنىڭ داۋامى ئىكەنلىكى روشەن.

بىرقەدەر يېقىن تۇغقانلار مۇناسىۋىتى ئائىلە بىلەن ياتلار مۇناسىۋىتىدە ئوتتۇرا ھالقىدا تۇرىدۇ. ئەر ياكى ئايال تەرەپنىڭ تۇغقان بولۇشى، تۇغقانچىلىق ۋە باشقا ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتىكى ئىلگىرىكى زىددىيەت ئىزلىرى، ئوخشاش ئائىلىلەرنىڭ ناتەكشى كۆتۈرۈلۈشى پەيدا قىلغان تەسىر قاتارلىقلار بۇ خىل مۇناسىۋەتكە ئارقا كۆرۈنۈش پەيدا قىلىش مۇمكىنلىكى (ياكى شۇنداقلىقى) بولىدۇ. بەزىدە ئاپاق - چاپاق، بەزىدە قېيداپ قېلىش ئەھۋاللىرى بولىدۇ. سوۋغا - سالام، ھال سوراپ تۇرۇش، قوللاشنى تەلەپ قىلىش پسىخولوگىيىسى كۆرۈنەرلىكرەك بولۇپ، رەنجىشمۇ بىرقەدەر ئاسان.

ئۇرۇق - تۇغقانلىق مۇناسىۋىتىدە پېشقەدەملەر يۈزىنى ياكى روھىنى ئۇلۇغلاش، ئۇلارنىڭ ئىجابىي ۋە چېۋەر ھەرىكەتلىرىنى باللارغا ياكى ئۆزئارا ئېيتىش، ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق، كېسەللىك ياكى مۇھىم ھادىسىلەر يۈز بەرگەندە خەيرخاھلىق ياكى يېقىندىن ياردەم قىلىش، تۇغقانلىق باردى - كەلدىلىرىنى بولۇپمۇ ئەنئەنىۋى بايراملاردا باشقىلارغا قارىغاندا كۆپرەك قىلىش، پەرزەنتلەرنى بىر - بىرىگە تونۇشتۇرۇش، چۈشكۈنلەشكەنلەرنى خارلاش ۋە زۇلۇم قىلىشتەك قىلمىشتا بولماسلىق، ئۇرۇق - تۇغقانلار ئارىسىدا «ئالا ئارىلاپ قېلىش»قا يول قويماي ئۇچۇق - يورۇق بولۇش مۇھىم ئەخلاقىي تەلەپ



سۈپىتىدە تەكىتلىنىشى لازىم. ئائىلىلەرنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىشىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇرۇق - تۇغقانلاردىن ئالاقىنى ئۈزۈپ، «ئىشىك - تۈڭلۈكنى ئېتىۋېلىش» مىللىتىمىزنىڭ ئائىلە - ئۇرۇقنى ئاساس قىلغان ئۇيۇشۇشچانلىق رىشتىسىنى سۇسلاشتۇرىدۇ. ئېيتىش كېرەككى، ئۇرۇق - تۇغقانلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ئاساسىي رولچىسى ئاياللار بولۇپ، ئۇلار ئەقىللىق، بىلىملىك، ئىنسابلىق، مەدەنىيەتلىك بولمىسا، دائىم نەپ ئۈندۈرۈش، سايىدىۋېلىش غېمىدە بولىدۇ. ئەگەر بۇ جەھەتتە نەپسى قانائەتلەندۈرۈلمىسە كايىپ، گەپ - سۆز تارقىتىدۇ. ئېنىق ھېسابات بۇ مەدەنىيەتتۇر. ئومۇمەن ئىقتىسادى مۇستەقىل تۇغقان ئائىلىسىگە، ئۇنى كۈتۈشكە بىۋاستە مەجبۇرىيەت بولمىغاندا ئەرزىمەس «سوۋغا» نىقابىدا يېتىۋالماسلىق مەدەنىيەت ھېسابلىنىدۇ. بىز مۇنداق بىر ئائىلىنى بىلىمىز: ئۇنىڭغا ئۇنىڭ يىراق تۇغقانلىرىنىڭ تۇغقانلىرى، تونۇشلىرى ياكى تۇغقانلىرىنىڭ ھاۋالىسى، تونۇشتۇرۇشى بىلەن يىراق يېزا - قىشلاقلاردىن شەھەرگە كەلگەندە چۈشىدىغانلار ئارقا - ئارقىدىن بولۇپ، بەزىدە ئۈستى - ئۈستىلەپ بولغان. نەتىجىدە ئۇ ئائىلە ئۇلارنى يېقىش ۋە كۈتۈش، قايتىش بېلىتى ئېلىش، كېسەل كۈتۈش بىلەن خىزمەت، سالامەتلىك، بالا تەربىيىلەشتە قەد كۆتۈرەلمىگەن. مائاشى ھەپتىسىمۇ يەتمەي تويلۇق زىبۇ - زىننەتلىرىنى سېتىشقا، ھەتتا ئىشىكنى تاقاپ قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. بۇ مىللىتىمىزدىكى ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي چىقىمىنى (مېھمانخانا ۋە رېستوران چىقىمىنى) ئويلاپ، باشقىلارغا زوراۋانلىق قىلىش بولۇپ، ھېچقانداق تۇغقانچىلىق نورمىلىرىغا ئۇيغۇن ئەمەس. ئۇلار پىتنە - ئىغۋا، قېيداشنى بىر قولدا، ئاغزىنا مېۋە قېقىنى بىر قولدا تۇتۇپ بۇنداق بېشەملىك قىلىشقا رازى بولغانكى، ئۆزىنىڭ تۇغقاندارچىلىق ئەخلاقىي

قۇرۇلمىسىنى ئويلاپمۇ كۆرمىگەن.

قۇدا ـ باجىلىق نازۇك مۇناسىۋەتتۇر. كونىلار «قۇدا بولغىنىڭ — چوڭ بولغىنىڭ»، «قۇدا بولغىنىڭ — بوۋا بولغىنىڭ»، «خۇدادىن قورقمىساڭمۇ قۇداڭدىن قورق» دېيىشىدۇ. بۇ قۇدىلىق يۇقىرى ئاڭ، ئەدەب، مۇناسىۋەت قائىدىسى ۋە سەنئىتى تەلەپ قىلىدىغان نازۇك مۇناسىۋەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

قۇدا ـ باجىلىقنىڭ نازۇك ھالقىسى يەنىلا ئاياللار قولىدا. مۇغەمبەر ئاياللار قانداقتۇر ئېغىزدا يېقىن، كۆڭۈلدە يىراق، ئېغىزدا كۆتۈرۈپ، كۆڭۈلدە سۇندۇرۇپ مۇناسىۋەت ئېلىپ بېرىش جەريانىدا، ئۆز ئۈستۈنلىكىنى تىكلەيمەن دەپ قۇدا ـ باجىلىق ئالاقىلىرىغا كىر سالىدۇ ۋە پەرزەنتلەر ئائىلىسىگە سوغۇق سۇ سېپىدۇ. بۇ فېئوداللىق جادىگەرلىك دىپلوماتىيىسىنىڭ ئەنئەنىۋى ياكى ھەسەت روھىيىتى شەكلىدىكى داۋامىدىن ئىبارەت.

قىزىنى يامانلىتىۋېلىش، ئۆيدە تۇغدۇرۇپ تۇغۇت ھەققى ئۇندۇرۇۋېلىش قاتارلىقلار كۆلۈپ تۇرۇپ ئورۇندىلىدۇ.

ئىجتىمائىي ئورنى بىر خىل بولمىغان ياكى كېيىن كەسكىن پەرقلەنگەن قۇدا ـ باجىلاردا مۇناسىۋەتنى دۆڭگە ياكى ئازگالغا قاراتقان خاراكتېر ئېلىشمۇ ئىنسانىي پەزىلەتكە داغ چۈشۈرىدۇ.

قۇدا ـ باجىلار ئارىسىدا ئۆلارنىڭ ئەجدادلىرى، تارىخى، باشقا قېرىنداش ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ نۇقسانلىرىنى (ھەتتا ئاساسسىز بوھتانلارنى) ئىزدەش، شۇ ئارقىلىق ئۆزىدە خاتىرجەملىك مۇداپىئە سېپىلى سېلىش بولمىغۇر ئادەتتۇر.

قۇدا ـ باجىلىق مەدەنىيەتلىك ئىنسان خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان نازۇك ئالاقە تورى. ياخشىلىق، ئالىيجانابلىق، مەرھەمەتچان ۋە نەزەر سالماسلىق، ئەپۇچانلىق،



تاقەت ـ ھىدايەت بۇ ئالاقە تورىدا چاقنايدۇ، بەزىدە قارشى تەرەپنى ئۆز نۇرى بىلەن پاكلاشتۇرىدۇ.

### 3. دوستلار ۋە دۈشمەنلىك نەزەرىدىكى كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەت مەدەنىيىتى

ئىنسان ئائىلىدىن باشقا يار ـ دوست ـ ئۈلپەتكە موھتاج. دوستلۇق — ئىنساننىڭ تەبىئىي تەقەززاسى ۋە روھىي تىرەكلىرىدىن بىرى. بېكون: «ياخشى دوستى بولمىغان كىشى ھەقىقەتەن يالغۇزدۇر» دېسە، لاروشفۇكو: «ئىنسان ئۈچۈن دانالىقتىن كېيىنكى قىممەتلىك سوۋغا دوستلۇقتۇر» دېگەنىدى.

دەرۋەقە، «ياخشى دوست تۈگىمەس خەزىنە» (قابۇس)، پۈتمەس مەدەت، روشەن چىراغ ۋە روشەن ئەينەك. «ئىنسان، ئۇنىڭ قانداق كىتاب ۋە قانداق دوست تاللىشى ئارقىلىق مەلۇم بولىدۇ» (گىلۋېتىس). يەنە كىتاب، دوستلۇق ۋە مۇھەببەت بىرلەشسە ئىنساننى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋېتىدىغان غايەت زور كۈچ كېلىپ چىقىدۇ.

ھەقىقىي ئىنسان بىلەن تونۇشۇش قايتىدىن بىر ئىنساننى ئىجاد قىلغانغا ئوخشاش خاسىيەتلىك ئىش. ئۇ كەلتۈرگەن خاسىيەتلەر ھەج خاسىيەتلىرىدىن ئۇلۇغ ۋە بەرىكەتلىك.

دوستلۇق — ئۇ، ئاپاق ـ چاپاق، ئېغىز ـ بۇرۇن يالاش بولماستىن، مەدەنىيەتتىن ئىبارەت.

دوستلۇق مەدەنىيىتىنىڭ ئۇلى ئەقىل ۋە ئەخلاق، ساداقەت ۋە پەرۋىش بولۇپ، «ئەقىل بىلەن باغلانمىغان دوستلۇق ئەخمەقلىقتىن ئىبارەت» (شېكسپىر)، «پاراسەتلىك بىر دوست بارچە پاراسەتسىز دوستلاردىن ئەۋزەل» (دېموكرىت).

مەككارلىق — يالغان دوستلۇق بولۇپ سەممىيەتسىز-

لىكتۇر. قابۇس: «ياۋۇز دۈشمەن بىلەن مەككار دوستتىن ئېھتىيات قىل» دېسە، فىلدىڭ: «خائىن (خىيانەتكار) دوست ئەڭ خەتەرلىك دۈشمەن» دېگەنىدى.

دوستلۇق بىر خىل قەلب ئالماشتۇرۇش. ئۇ پەرۋىشنى، كۈتۈشنى، سۇغۇرۇشنى شەرت قىلغان گۈلدىن ئىبارەت.

دوستلۇق بىلىش ۋە ئىلگىرىلەش بىلەن تولغان بولۇپ، ئۇ ئىنساننىڭ كامالىتى بىلەن بىللە داۋاملىق گارمونىيىلىشىشى لازىم. ئىنسان ھاياتنى بىلگەن، داۋاملىق كامالەتكە قاراپ ئىلگىرىلىگەندە يېڭى دوستلار بىلەن تونۇشىدۇ. بەزى دوستلىرى مۇناسىۋەت تورىدىن چۈشۈپ قالىدۇ. ئەكس ھالدا كىشىنىڭ چۈشكۈنلىشىشىدىمۇ بۇ جەريان كۆرۈلىدۇ. دوست كامالەت دەرىجىسىنىڭ كۆرسەتكۈچىسىدۇر.

دوستلۇق پىكىر ـ تىلەكداشلىق، مۇئەييەن سىرداشلىق، سەمىمىيەت بىلەن بىللە ئەخلاقىي ھۆرمەت، قەدىرلەش، مەجبۇرىيەت تۇيغۇسىنى بىجا قىلىش، مەرھەمەت قىلىش، ھامىيلىق قىلىشنى شەرت قىلىدۇ.

دوستلۇقتا ماددىي ـ ئىقتىسادىي ئالاقىلار ناھايىتى تۆۋەن ئۆلچەمدە بولغىنى تۈزۈك. پۇل ۋە قىممەت ئېغىرلاشقاندا دوستلۇققا لەرزە يېتىدۇ. بۇ ھېساباتلىق بولغىنى ياخشى.

دوستلۇق باشقىلارنىڭ غەيۋىتى ئۈستىگە قۇرۇلماسلىقى لازىم. دوستلۇق دوستىنىڭ باشقا دوستلىرىغا ھەسەتسىز ھۆرمەت بىلەن بېزىلىدۇ.

ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئۆزگە يارىشا باللار ۋە ئاتا ـ ئانىلار دوستلىرى بولىدۇ. ھەر تەرەپ ئۇلارنى قارشى ئېلىشى، ھۆرمەتلىشى، ئېتىبارغا ئېلىشى لازىم.

دوستلارنىڭ يېقىنلىقى بىر خىل بولمايدۇ. بەزىلىرى قانداشلىق، يۇرتداشلىق، مەكتەپداشلىق، كەسىپداشلىق ياكى



ئىقتىسادىي ياردىمى كۆپرەك، ياكى بىر ـ بىرىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى ئەركىنرەك تۇتۇش دەرىجىسىگە قاراپ، بەزىلىرى ئۇلارنىڭ ئەقلى، بىلىمى، قابىلىيىتى، ئەخلاقىي پەزىلىتىگە قاراپ ئۆزگە يېقىن ـ يىراق تۇتۇشى مۇمكىن.

ئەقىللىق دوست — قۇدرەتلىك، ئەخلاقلىق دوست — ئىزگۈلۈك بولىدۇ.

دوستتىن دۈشمەن چىقىشى مۇمكىن. بۇ مۇمكىنلىكنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشى ئۇنىڭ ۋە دوست تۇتقۇچىنىڭ سۈپىتى، تەسىرىگە باغلىق.

دوستنىڭ تولا بولۇشى، ھاراق ـ شاراب، كەيپ ـ ساپانى شەرت قىلىشى ياخشى ئەھۋال ئەمەس.

يۇرتۋازلىق دوستلۇقنىڭ نېگىزى قىلىنماسلىقى لازىم.

دۈشمەن — ئومۇمەن دۈشمەنلىك مەۋقەسىدە، دۈشمەنلىك نەزەرىدە، دۈشمەنلىك پىتنە ـ ئىغۋاسىدا، دۈشمەن سۈيىقەستىدە تۇرغان كىشىلەردىن ئىبارەت. دۈشمەن — يامان ئىبارە، ئەمما، بىر كىشى دۈشمەن نەزەرىدە ئويلىغان كىشى ناچار ئادەم بولۇشى ناتايىن. ياخشى ۋە قابىل كىشىلەر پات ـ پات دۈشمەنلىك بولۇپ قالىدۇ. بەزىدە ئۇلار دوستقا ياكى دوستانە كىشىگە ئايلىنىشى مۇمكىن.

دۈشمەن نەزەرىدىكى كىشىلەرنىڭ قەستىگە ھوشيار بولۇش بىلەن بىللە، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى توغرا چۈشىنىشىنى پائال قولغا كەلتۈرگەن ياخشى. ئەقىللىق ۋە ئەخلاقلىق كىشىلەرنى دۈشمەن نەزەرىدىكى كىشىلەر دەپ، دۈشمەنلەرچە مۇئامىلە قىلىش ئادالەتسىزلىك بولۇپ، بۇ ھەم نەپسىز ئېغىر يۈك ئارتىۋېلىشتۇر. ئۇلار بىلەن سەمىمىي ئۇقۇشۇش ھاسىل قىلغان ياخشى. بۇ يەردىكى تەشەببۇسكار سالام ـ سەھەتلەر مەردلىك ۋە ئىشەنچ ئىپادىسى. پەقەت نادان بۇنى ماڭا ئېگىلدى دېيىشى

مۇمكىن.

باشقىلار تەسۋىرلىگەن پېتى كىشىلەرگە دۈشمەن بولۇۋالمىغان، بىۋاستە كۆزەتكەن ياخشى.

رىقابەتچىلەرگە رىقابەتلىشىش، غەيرىي دۈشمەنلىك نەزەرىدە بولماسلىق لازىم. رىقابەت — ئۆگىنىش ۋە كۈرەش، دۈشمەنلىك ۋە سۇيىقەست بولمىغىنى تۈزۈك.

نەزەرىيىۋى كۆز قاراش مۇخالىپلىرىنىڭ غەيرىي نەزەرىيە ۋە كۆز قاراش جەھەتلىرىگە ئىنسانىي مۇئامىلە تەلەپ قىلىنىدۇ.

ھەقىقىي دۈشمەن كۈشەندىدىن ئىبارەت. ئۇلارغا جىددىي ھوشيار بولۇش، ئۇلارنىڭ تۈپ يىلتىزىنى بىلىپ قويۇش، ئۇلارنىڭ باشقىلارنىڭ چۈشەنچىسىنى بۇرمىلىشىغا تاقابىل تۇرۇش كېرەك. ئەمما ئىش ئەقىل، ئەخلاق بىلەن، يوللۇق، كۈچلۈك ۋە چەكلىك بولۇشى، ئۇلارنىڭ ئائىلە ۋە يېقىنلىرىغا ئىنسانىي قاراشتا بولغان ئەۋزەل.

بەركامال كىشىلەردىن ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىمۇ تەپ تارتىدۇ، قورقۇپ تۇرۇپ قول سالىدۇ.

پىتنە - ئىغۋا بىلەن ماختاشلارغا ئۇچۇپ - ھودۇقۇپ كەتمەسلىك كېرەك. ماختىغىدەك ئۇتۇقۇڭ، ھەۋەسكارلىرىڭ بولغاچقا، پىتنە - ئىغۋا پەيدا بولغان. دۇنيادا ئۇتۇق مەدھىيىسى ۋە ھەسەت ئىغۋاسىغا ئىگە بولمىغان كىشى جىنازىدىكى مېيىتتەك بولىدۇ. پىتنە ۋە مەدھىيە قوشكېزەك ھەم تۇمەن يىلدىن بېرى كېلىشىۋاتقان نەرسە.

ئومۇمەن دوست - دۈشمەن سېنىڭ ئۆزۈڭ ئەمەس، ئائىلەڭ ئەمەس، بەلكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتىكى ھالقىلار بولغاچقا، ئاڭلىق، ئەقىللىق، ئاق كۆڭۈللۈك، ئىنسانپەرۋەرلىك يولىدا ئىلگىرىلەۋېرىش كېرەك. بۇ تۈپ يول. ئۇ دوستلارنى قەدىرلىتىدۇ، كۆپەيتىدۇ؛ دۈشمەنلەر پىتنە - ئىغۋالىرىدىن ساقلايدۇ. يولۇڭ پاك، كەڭ بولسىلا، ئۇزۇن بولىدۇ. يولىنىڭ بېشىدىكى دوست - دۈشمەن ھەربىر بېكەتتە بىر خىل بولۇشى ناتايىن.



# ئونىنچى باب مېھماندارچىلىق مەدەنىيىتى ۋە مۇراسىم مۇھىتىدىكى كۆرۈنۈش مەدەنىيىتى

«مېھماندارچىلىق — كەرەملىك پائالىيەت. ئۇنىڭ قەدىر - قىممىتىنى ماددىي چىقىمى بىلەن ئەمەس، مەنىۋى كىرىمى بىلەن ئۆلچەش دانالىق.»

— ئاپتور

## 1. مېھماندارچىلىق مەدەنىيىتى

مېھماندارچىلىق — ئائىلىنىڭ تەكلىپ بىلەن مېھمان چاقىرىشى ۋە تەكلىپ بىلەن مېھمانغا بېرىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدا، تەكلىپ قىلىش ۋە قىلىنىش ئاساسلىق ھالقا.

مېھمان — تەكلىپ قىلىنغۇچى بولۇپ، تەكلىپ قىلغۇچى — ساھىبخانىنىڭ كۈتۈش ئوبيېكتى، ئەزىز كىشىسى ھېسابلىنىدۇ.

مېھماندارچىلىق ھەرقايسى مىللەتلەردە ئۆزىگە خاس ئۆرپ - ئادەت، ئەدەب - قائىدىگە ئىگە بولۇپ، بىر - بىرىدىن پەرقلىنىسىمۇ، ئەمما تەكلىپ قىلىش - قىلىنىش ھەممە خەلقلەردە ئاساسلىق ھالقا ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقى مېھماندوستلۇق بىلەن داڭ چىقارغان. مېھماننى ئەزىزلەش ماھىيەتتە ساھىبخانىنىڭ ئۆز - ئۆزىنى قەدىرلىشى بولىدۇ.

بىز «قۇتادغۇبىلىك» ، «قابۇسنامە» قاتارلىق كلاسسىك ئەسەرلەردىن مېھماندارچىلىق مەدەنىيىتىنىڭ بىرىنچى شەرتى تەكلىپ ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. ئومۇمەن، تەكلىپ قىلىش قەدىرلەشتۇر. تەكلىپ قىلىنغان مېھمانغا بېرىش، تەكلىپ قىلىنمىغان مېھمانغا بارماسلىق، تەكلىپ قىلىنغان مېھمانغا كېچىكىپ قالماسلىق، ئۆزرىسىز بارماي قالماسلىق، ساھىبخان تولۇقلاپ تەكلىپ قىلىنغان مېھمانغا رەنجىپ بارماي قويماسلىق، ئۆزى تەكلىپ قىلىنماي تۇرۇپ، باشقا مېھمانلارنىڭ زورلىشى بىلەن ئەگىشىپ مېھمانغا بارماسلىق، مېھمانغا تەكلىپ قىلىنمىغان بالا - چاقىلىرىنى ئېلىپ بارماسلىق. بۇ مېھمانغا بېرىشتا جىددىي دىققەت قىلىنىدىغان مەدەنىيەت پرىنسىپى.

پەۋقۇلئاددە ئەھۋالدا، مېھمانغا تەكلىپ قىلىنىشنىڭ مۇئەييەن ناپاك ئارقا كۆرۈنۈشى بولسا، تەكلىپ قىلىنغۇچىنىڭ سالامەتلىكى يار بەرمىسە ئۆزرە ئېيتىپ بارمىسا بولىدۇ.

تەكلىپ قىلىنماستىن پاراكەندىلىشىش، ئولتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن كەلگەن كىشىلەرنى ئالدىن تەكلىپ قىلىنغان ۋە ھازىرلىقى بولغان مېھمان كۈتۈش قائىدىسىدە ئەمەس، يەلكى قىزغىن كۈتۈۋېلىش، بار نەرسە بىلەن كۈتۈشكە بولىدۇ. بۇنداق ئۆزى كەلگۈچىلەرنىڭ ئەنە شۇ خىل كۈتۈشكە نارازىلىق قىلىشى يوللۇق ئەمەس.

مېھمانغا مەست بارماسلىق لازىم. تەكلىپ قىلىنغان مېھمان مېھمان كۈتۈش رەسمىيەتلىرى ئاياغلاشمىغاندا كېتىپ قالماسلىقى، ئاياغلاشقاندىن كېيىن ئۇزۇنماي ئولتۇرۇۋالماسلىقى لازىم. مېھمانغا چاقىرىش تەكلىپى بىلەن قونالغۇغا تەكلىپ



قىلىش ئىككى ئىشتۇر. تەكلىپ قىلىنماي ئۆزى كىرىپ - چىقىش ئۈچۈن كىرگەن مېھمان ئۆي ئىگىسىنىڭ مېھمان چاقىرىشنى پىلانلىمىغانلىقى، ئۆزىنىڭ كىرىپ كەلگەنلىكىنى، ئۆي ئىگىسىنىڭ كۈتۈش ھازىرلىقى، كۆپلەپ ئاجراتقان ۋاقتى يوقلىقىنى ھېسابقا ئېلىپ، چاققانراق بولۇش، ھەرگىزمۇ تۈن يېرىمىغىچە ئۆي ئىگىسىنى مالال قىلماسلىقى لازىم. ئەگەر ئۆي ئىگىسى رەسمىيەت ئۈچۈن ئەمەس، راستتىن تەكلىپ قىلىپ تۇرۇۋالسا، ۋاقىتنى ئۇزارتقىلى بولىدۇ.

يىراق جاي ياكى شەھەردىن كەلگەنلەرنىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەرلەندۇرگىنى يوللۇق. تەكلىپ بويىچە مېھمانغا كېلىش كېرەك. ئەمما، ئۇزۇن مۇددەت، بىرقانچە كىشى يېتىپ، كېسەل داۋالىتىپ، كېسەل كۈتۈش ئۈچۈن تۈيۈقسىزلا بىر ئائىلە سىستېمىسىغا مەنسۇپ بولمىغان تونۇشلار ئائىلىسىنى ئىشغال قىلىشى مەدەنىيەتسىزلىك. چىقىمدىن قورقۇپ، تونۇشلارنى چىقىمدار قىلىش ئەسلىدە ھەم پىخسىقلىق ھەم يېتىمۋالدىلىقتۇر. ئانچە - مۇنچە ئەرزىمەس سوۋغا بىلەن تۈيۈقسىز كېلىپ ئايلاپ چىقىمدار قىلغۇچىلارنىڭ «مېھمان» نىقابىدىن پايدىلىنىشى يولسىزلىقتۇر.

ئۆز ئۆيىگە كەلگەن مېھماننى تۈيۈقسىز باشقىلارنىڭكىگە باشلاپ بېرىش ئارقىلىق داۋاملىق ھاراق - شاراب ئىچىشنى ئۇلاپ داۋام قىلدۇرۇش ئۆزىنى، مېھماننى، باشقا ئۆي ئىگىسىنى بىر قېتىمدىلا خارلىغانلىق بولىدۇ.

ساھىبخان ئۆي ئىگىسىنىڭ سالاھىيتى بولماي، پەقەت مېھمانغا تەكلىپ قىلغان، مېھمان كېلىشتىن بۇرۇن ھازىرلىق قىلغان ئۆي ئىگىسىنىڭ سالاھىيتى.

ساھىبخانُ مېھماننى قىزغىن كۈتۈشى، ھەممىگە باراۋەر خەيرخاھلىق قىلىشى، مېھمانلارغا ئاتالغان نازۇ - نېمەتلەرنى

ئۇلارغا ئىمكانقەدەر كەڭ ـ كۇشادە تەكلىپ قىلىشى، تەبەسسۇم چىرايى بىلەن شېرىن سۆزى، ئىللىق مەرھەمىتى بىر بولۇشى لازىم.

ساھىبخان مېھمانلارنى تونۇشتۇرىدۇ. ئەگەر ئۇلار تونۇش بولسا، ئۇلارنىڭ يېڭى ئۇتۇقلىرىغا قىزغىن ئىبارىلەر ئىپادىلەيدۇ. ساھىبخانىنىڭ ھەربىر كىشىگە بىلدۇرگەن ھۆرمىتى، باھا سالمىقى، سەممىي قىزغىنلىقى ھەممىنى رازى قىلىدىغان بولۇشى، بەزىلىرىگىلا مەركەزلىشىپ، بەزىلىرىنى تاشلاپ قويماسلىقى مۇھىم.

ساھىبخان تاماققا تەكلىپ قىلىشى، كۆپلەپ تەكلىپ قىلىشى، ئارتۇق زورلىماسلىقى، شۇنىڭدەك، كىم نېمە يېگەنلىكىگە نەزەر سالماسلىقى شەرت.

مېھماندارچىلىق داستىخىنى ئىنسانىي قىممەتنىڭ گۈلزارى، ئەخلاق ئەنجۇمەنى. بۇ يەردە مەست بولۇپ ئېگىز ـ پەس سۆزلەش، يايتا ھەتتا ھاقارەتلىك سۆز، ماختىنىۋېلىش، پىتنە ـ ئىغۋا تارقىتىش، چوڭلارغا ئىلتىماسنى تەستىقلىتىۋېلىش، ئاياللارغا شەھۋانىي نەزەر تاشلاش، بىر ـ بىرىنىڭ سۆزىنى قېقىۋېتىش، ھەممە گەپنى تارتىۋېلىش، ساھىبخانغا زورلۇق قىلىپ يەنە ھاراق تېپىشقا بۇيرۇش، ئۆينى ۋە كوچىنى بېشىغا كىيىۋېلىش، مېھماندىن بىرەر نەرسە ئوغرىلاپ ئېلىپ كېتىش مېھماندارچىلىق مەدەنىيىتى ۋە ئىجتىمائىي ئەخلاققا زىت.

مېھمانغا پاكىز، رەتلىك كىيىنىپ بېرىش كېرەك. بۇ سورۇنغا قاراپ ھەر خىل يۇيۇپ ـ تارىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. دوستلار مېھماندارچىلىقىدا ئىقتىسادىي كىرىمى كۆپ ئائىلىنىڭ ئايالى دوستلار قاتارى كىيىنىشنى بىلىشى، بىر خىل ئەخلاقتۇر. يالتىراق كىيىم ۋە زىبۇ ـ زىننەتلەر بىلەن كېرىلمە قىياپەت



ئەزەلدىن ھۆرمەت ئېلىپ كەلمىگەن، مەسخىرە قوزغىغان.

مېھماندارچىلىق قەلبكە ئوزۇق ۋىسال سائەتلىرىدىن بولۇپ، سۆزمەنلىك، ساپ ۋە ئەخلاقلىق بولغىنى ياخشى. ھايۋانىي لەقەم، ياش سۇرۇشتۇردى قاتارلىق بېزەڭلىكلەردىن مۇزىكا ـ مىللىي ئۇسسۇل ۋە مەنىلىك پاراڭ ياخشى. تانسا ئومۇمەن ئائىلىۋى تۇرمۇشقا، بولۇپمۇ مىللىي تۇرمۇشنىڭ مېھماندارچىلىق شەكلىگە لايىق ئەمەس.

مېھماندارچىلىق ھەرخىل بولىدۇ، توي، ھېيت ـ بايرام چاقىرىقلىرى، بىرەر مۆتىۋەر شەرىپىگە، ئايلانما دوستانە نۆۋەتكە، توي چىللىقىغا دېگەندەك ئۆزىگە خاس تىپلىرى بولىدۇ. مېھماندارچىلىقنىڭ قائىدىلىرىنى بەك ئىنچىكە قىلىش پايدىسىز. داستىخان تەرتىپىمۇ بىر خىل بولۇشى شەرت ئەمەس. ئۇيغۇرلاردىمۇ ھەرقايسى رايونلاردا، ھەرقايسى زامانلاردا داستىخان قائىدىلىرى پۈتۈنلەي بىردەك بولمايدۇ.

## 2. مۇراسىم مۇھىتىدىكى كۆرۈنۈش مەدەنىيىتى

مۇراسىم — ئاممىۋى سورۇنلارنى، ئائىلە سىرتىدىكى توپلىشىشنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنى توي مۇراسىمى، دەپنە ـ نەزىر مۇراسىمى، ئىلمىي ـ ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر مۇراسىملىرىدىن ئىبارەت ئۈچ ئاساسىي تۈرگە ئايرىش مۇمكىن.

توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈش ياكى توي مۇراسىمىغا قاتنىشىش ھەربىر كىشىنىڭ ئەڭ كۆپ جامائەتچىلىك دىققەت نەزەرىگە داخىل بولۇش پەيتىدىن ئىبارەت. بۇ چاغدا ئادەم تۇغقانلىرى، قۇدىلىرى، تونۇشلىرى، يېقىنلىرى، دوستلىرى، رىقابەتچىلىرى ھەتتا كۈشەندىلىرى بىلەن ئۇچرىشىشقا، قىياپەت كۆرسىتىشكە، يېقىنقى ئوبرازىنى تىكلەشكە توغرا كېلىدۇ. ياخشى ۋە رەتلىك

كىيىنىش، روھلۇق بولۇش، ئالىيجاناب كەمتەرلىك نۇقتىسىنى قىياپەت نۇقتىسى قىلىش، سۆز ـ ھەرىكەت، تەبەسسۇمدا ئۆزىنى تۇتقان تېتىكلىك مۇھىم كۆرۈنۈش مەدەنىيىتى ھېسابلىنىدۇ. مەستلىك بىلەن پەسلىشىش، يەڭگىلتەك بولۇۋېلىش، مۇز تەلەتلىك، بۇتتەك قېتىۋېلىش، كۆز قىرىغا ئىلماس بولۇش يارامسىز بولىدۇ. ھەركىم ئۆز ئوبرازى، تەسىرى، ھۆرمىتىنى ئۆزىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇتۇش بىلەن قولغا كەلتۈرۈشى مۇمكىن ئەمەس. ھۆرمەت — ھۆرمەت قىلىنىشتا، باشقىلارنىڭ ياقتۇرۇپ ھۆرمەت قىلىشىدا.

سالاملىشىش توي مۇراسىمىدىكى مۇھىم ئەدەب ھالقىسى. ھەرقانچە ئالدىراش بولسىمۇ سالام بەرگەندە سالام كۈتمەي سالام بېرىش، ئېگىلىش، كۆزىگە تەۋەززۇ بىلەن مۇلايىم قاراش، يېقىملىق ۋە قىسقا سالام سۆزى قىلىش، ئاندىن ئىككىنچى كىشىگە سالامغا ئۆتۈش لازىم. قولىنى بېرىپ قويۇپ، كۆزىنى بەرمىسە، ھەرياققا، ئۈستى ـ بېشىغا قاراپ يۈرسە ئالدىدىكى كىشى ئالدىدىكى ئىنسانىي ئەدەب بۇرچىنى ئورۇندىمىغان، ئۆزىگە قارشى يەنە بىر نەپرەت تىكلىگەن بولىدۇ. سالاملاشقاندا يۇمۇر تەلەپ قىلمىسا ئۇنىمايدىغان يېقىنلارغا يۇمۇرلۇق ئالامەتلەر، سۆزلەر دېيىشى ياكى كېيىنرەك تولۇقلاپ دېيىشى مۇمكىن. جامائەت ئارىسىدا ئۆزى خالاپ كەتمەيدىغان، ھەتتا جىددىي ئىختىلاپلىق كىشىلەرگە دۇچ كەلگەندە، ئەگەر ئۇ نادان، تەرسا، مەغرۇرلۇق قىلماي سالامغا كەلگەن بولسا ئىنسانىي مەردانىلىق بىلەن قىزغىن سالام بىلدۈرۈش لازىم. بۇ ھەقتە كېيىن سۆزلەپ يۈرۈش نامەردلىك.

توي داستىخىنىدا ھەرقانچە كاتتا بولغان كىشىمۇ ئەل قاتارى بولۇشى، قول، سۆز، گال، چىرايىغا ئېھتىيات بولغان ياخشى. ساھىبخان ھەممە مېھمانغا ئۆز لايىقىدا، ئەمما ھەممىگە باراۋەر



كۈتۈشكە ھازىرلىنىشى، مۇۋاپىق تەكلىپ كۆرۈنۈشى قىلىشى كېرەك.

توي مۇراسىملىرىدا ساھىبخان چاقىرغان ھەممە مېھمان باراۋەر، يۈرتۋازلىق، ئەمەل ـ مەنسەپ خۇشامەتچىلىكى يارامسىز.

نەزىر ـ چىراغ ۋە دەپنە مۇراسىملىرىدا مۇراسىم ئىگىلىرى ئۆزىنى تۇتقان، ئادەمگەرچىلىك قائىدىلىرىنى بىجا كەلتۈرگەن شەرت ئاستىدا مۇسىبەتلىك بولۇشى لازىم. ھەربىر تەزىيە بىلدۈرگۈچىلەرنى قەدىرلەپ، مىننەتدار بولۇش كېرەك.

دەپنە ۋە نەزىر ـ چىراغ مۇراسىملىرىغا ئادەت بويىچە قاتنىشىش، مۇسىبەت مۇھىتىنى ساقلاش، ئادەمگەرچىلىك بىلەن مۇسىبەتداشلىقنى بىرلەشتۈرگەن قىياپەتتە كۆرۈنۈش لازىم.

تۇغقان ۋە دوستلىرى دەپنە ۋە نەزىر ـ چىراغ ئىشلىرىغا قول ـ پۇت بولۇپ ھەمكارلىشىشقا مەجبۇرىيەتلىك.

ئىلمىي ـ ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر مۇراسىملىرىنىڭ تۈرلىرى كۆپ. دوكلات بېرىش، دوكلات ئاڭلاش، شېئىر ئوقۇش، مۇزاكىرىگە قاتنىشىش، ئىلمىي ئېكسكۇرسىيىگە قاتنىشىش، تانسا ياكى ئويۇن كۆرۈش، باغ سەيلىلىرى، كوللېكتىپ رەسىمگە چۈشۈش، زىياپەتتە بولۇش، كوللېكتىپ سەپەرگە چىقىش ئۇنىڭ تۈرلىرىدىن ئىبارەت. بۇ خىل پائالىيەتلەرنىڭ ئىلمىي ياكى بەدىئىي سەۋىيىسى باشقا بىر مەسىلە. ئەمما بۇ خىل پائالىيەتلەر جەريانىدىكى ئادەمنىڭ ئەخلاقىي قىياپىتى ۋە ئوبرازى كىتابىمىز تەتقىق قىلىۋاتقان مۇناسىۋەت مەدەنىيىتىگە كىرىدۇ. يۇقىرى ئاڭلىقلىق، ھوشيار مۇناسىۋەت ئېڭى؛ ئۇچراشقان كىشىلەرگە ئومۇميۈزلۈك ئېھتىرام، ئوچۇق، قىزغىن قىياپەتتە كۆرۈنۈش؛ كونا دوستلارغا قىزغىن ھەتتا يۇمۇرلۇق مەنىۋى مۇرۇۋۋەت يەتكۈزۈش؛ ئۇستازلار

ياكى قانداقتۇر ئەدەب - ھۆرمەت يەتكۈزۈش مەجبۇرىيىتى بولغان پىشقەدەملەرگە ئالاھىدە ئىھتىرام ۋە تەۋەززۇ بىلدۈرۈش؛ كېسەل ۋە ياشانغانلارغا ياردەم؛ ھەربىر يەككە تەقسىمات ۋە شەخسىي تاللاش خاراكتېرلىك پۇرسەتلەردە ئېتىلىپ چىقىپ ئىگىلىۋالماسلىق؛ كوللېكتىپ پائالىيەتتە پىتنە - ئىغۋا خاراكتېرلىك ئىش - ھەرىكەتكە قاتناشماسلىق؛ ھەرجايدىن كەلگەن ھەرخىل ئۇنۋان ۋە سالاھىيەتتىكى كىشىلەرگە باراۋەر مۇئامىلە قىلىش؛ كىشىلەر تەكلىپ قىلمىغان سورەتلەرگە قىستىلىۋالماسلىق؛ تېلېۋىزىيىگە قىستىلىپ كىرىۋالماسلىق؛ ئايال ئىشتىراكچىلارغا غەيرىي، شەھۋانىي كۆزدە قاراپ مۇئامىلە قىلماسلىق؛ سايلام سۈيىقەستى يۈرگۈزمەسلىك؛ يېڭىلىق ۋە يېڭى بىلىم ئۆگىنىش پوزىتسىيىسىدە بولۇش — مانا بۇلار ئىلمىي ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەت ۋاقتىدا دىققەت قىلىدىغان ئەقەللىي مۇناسىۋەت مەدەنىيىتى ۋە ئەخلاقىغا كىرىدۇ.

## 3. مۇھاكىمە — سۆھبەت مەدەنىيىتى

مۇھاكىمە، سۆھبەتلىشىش ئۆزئارا تەپەككۇر ئالماشتۇرۇش شەكلى بولۇپ، ئۇ ھەربىر مۇھاكىمە ۋە سۆھبەتلەشكۈچىنىڭ يەككە - ئىندىۋىدۇئال مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى، ئەخلاقى ۋە ئۇسلۇبىنى يارقىن ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

مۇھاكىمە، سۆھبەت، يەككىمۇ يەككە سۆزلىشىش، مۇنازىرە قاتارلىقلارنىڭ تېما ئالاھىدىلىكى، زىددىيەت ئالاھىدىلىكى، كەيپىيات ئالاھىدىلىكى بولۇپ، ئەقىل بىلەن ھېسسىيات، مۇئەييەنلەش بىلەن ئىنكار قىلىش، تەمكىنلىك بىلەن جىددىيلىك ئارىلىشىپ كەتكەن بولغاچقا، ئادەمنىڭ ئىچكى قىياپىتىنى ئاسانلا ئاشكارا قىلىدۇ.



مۇھاكىمە - سۆھبەت - مۇنازىرىدە ئەڭ مۇھىم ھالقا ئىككىنچى كىشىنى ھۆرمەتلەش ۋە باشتىن - ئاياغ ئۆز - ئۆزىنى تۇتۇش، ئۆز - ئۆزىنى ھۆرمەتلەشنى بىلىشتە.

ئاڭلاش، مەيلى توغرا ياكى خاتا، مەيلى ئۇ بىلىدىغان ياكى بىلمەيدىغان، مەيلى چاققان ياكى ئەزمە بولسۇن ئۇنى ئاڭلاش ئۇلۇغ ئىلتىپات ۋە ياخشى مەدەنىيەت ئادىتى. ئاڭلىغان بولۇپ ئاڭلىماسلىق، ئاڭلار - ئاڭلىماي بېشىنى لىڭشىتىش، يېقىمسىز سۆزلەرگە پاراكەندە بولۇپ كەتمەسلىك لازىم.

ئاڭلاش ئۆزى بىر ئۆگىنىش، بىر ساياھەت، بىر كۆزىتىش. ئۇ بىلىم بېرىدۇ، ھېچبولمىغاندا ھەرخىل پىكىر قىلغۇچىلار بىلەن ھەرخىل ئىپادىلىگۈچىلەرنى كۆرۈپ كىشىلىكنى، روھىيەتنى بايقاشقا ياردەم بېرىدۇ. ئاڭلاش — سۆزلىگۈچىگە ھۆرمەت، سۆزلەش — ئاڭلىغۇچىغا ھۆرمەت. باشقىلارنىڭ سۆزلىرىنى، دەردلىرىنى، خىيال - تەسەۋۋۇرلىرىنى ئاڭلاشقا سازاۋەر بولۇش بىر بەخت.

ھېسداشلىق ۋە خەيرخاھلىق ئىپادىلەش سۆھبەت مەدەنىيىتى ۋە ئەخلاقى بولۇپ، ئۇ ئەھۋال ئېيتقۇچىغا ئىنسانپەرۋەرلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىش، ئۇنىڭغا ئىنسانىي شەپقەت يەتكۈزۈش ھېسابلىنىدۇ.

سۆھبەتتە خۇيلانماسلىق، بېسىم ئىشلەتمەسلىك، ھاكاۋۇرلۇق مەۋقەسىنى تۇتماسلىق، ئەكسى ھالدا باراۋەرلىك پرىنسىپى قوللىنىش لازىم.

ئىختىلاپ تېمىلىرىدا «ئۇنىڭكى بەلكىم ھەقىقەتتۇر» دېگەن روھتا ئىنچىكىلەپ ئاڭلاش، ئىختىلاپ ھەل بولمىسا ئۆز پىكرىدە قېلىش، ئىختىلاپ نۇقتىلىرى بىلەن ئىختىلاپسىز نۇقتىلارنى ئاجرىتىش، بىرىگە بولغان ئەسەبىيلىكنى باشقىسىغا يۆتكىمەسلىك كېرەك. نەزەرىيىۋى ئىختىلاپ تۇپەيلى تۇرمۇشتا دۈشمەنلىشىش

جاھالەت ۋە نادانلىق جۈملىسىدىندۇر.

ئالداش، يالغان ۋەدە بېرىش، چوڭ سۆزلەش بەربىر ئۆز ئابرۇيىنى تۆكىدۇ.

ئوچۇق مەيداندا مۇنازىرىلەشكەندە باش تېما، ئۇنىڭ چىنلىقى، پاكىتى، يەكۈنلىرى بىلەن شەخسنى ھاقارەتلىمەسلىك ۋە ئۆزىنى ئەركىن، كەڭ قورساق تۇتۇشنى بىرلەشتۈرۈپ، بۇ جەھەتتىكى ئەخلاق مەدەنىيىتىنى گەۋدىلەندۈرگىلى بولىدۇ.

ئەنزار خاراكتېرلىك ھۆكۈم ۋە پوزىتسىيە بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنى قىلىش ئومۇمەن شەخسىي تۇرمۇش زۆرۈرىيەتلىرىگە كىرمەيدۇ.

ئائىلە ۋە شەخسنىڭ سىرىنى ئېلىش ياكى ئېيتىش مۇھاكىمە، سۆھبەت مەزمۇنى قىلىنماسلىقى لازىم.

مېھماندارچىلىق، مۇراسىم جەريانىدا پۇل ۋە ھوقۇقلىرىنى قانداق ئىشلەتكەنلىكى توغرىسىدىكى ئۇتۇقلىرىنى ئېيتىشقا ئۇرۇنماسلىق كېرەك.

ئىككى كىشى سۆھبەتلەشكەندە كىرىپ قالغان ئۈچىنچى كىشىنى سۆز ئارىسىدا روھلاندۇرىدىغان مەزمۇنلار بولغىنى ياخشى.

پىتنە ـ ئىغۋا سۆھبەت تېمىسى قىلىنماسلىقى لازىم. بۇ خىل سۆزلەرگە، داۋاملىق راست ـ يالغانلىقنى كۆزىتىش توغرىسىدا سۆز بىلەن يېپىپ تاشلىغان ياخشى.

ئىنسان ئۇلۇغ مۆجىزە، ئۇنىڭ ئۇلۇغلىقى ئۇنىڭ تۇرمۇش مەزمۇنلىرىدىكى مەدەنىيەت، ئەخلاق ئېگى ۋە ھەرىكىتى ئارقىلىق گەۋدىلىنىدۇ.



# ئون بىرىنچى باب ياشانغانلارنىڭ ئەخلاقىي تەربىيىلىنىشى

«مۇشۇ ياشقا كەلگەندە دادامنىڭ چىرايىدا كۆرۈلگەن خورلۇق ئالامەتلىرىنى مانا ئەمدىلەتىن چۈشىنىۋاتىمەن.»

— ۋ.س. پرىچات

## 1. ياشانغانلار — ئائىلىنىڭ ئەجىرلىك ئەجدادلىرى

ھايات — ئۆمۈر جەريانى. ئۇ ھەر كۈنكى نەپەس بىلەن يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنى بالا — ئۆسمۈر — ياش — ئوتتۇرا ياش — ياشانغان مويسىپىتقا ئايلاندۇرىدۇ.

ياشانغانلىق ياشانغانلىق دەۋرىگە يەتمىگەن كىشىلەرگە راسا ھېس قىلالارلىق بولمىغاندەك، ياشانغان كىشىلەردىن بەزىلىرىمۇ ياشانغانلىق دەۋرىدىكى تۇرمۇش مەدەنىيىتى ۋە ئەخلاقىدىن خەۋەرسىز.

ياشانغانلار — ھايات يولىنىڭ ئاساسىي مۇساپىسىنى بېسىپ ئۆتكەنلەر، ئۆز خەزىنىسى ۋە ئۆز ئوبرازىنى تىكلىگەنلەر، قېرىلىق ئوزۇقىنى توپلىغانلاردىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك.

«ياشلىق بىلەن ياشانغانلىق ئارىسىدىكى مۇددەت نەقەدەر قىسقا» (مونتېسكىي)، «ئۇ خۇددى قاردەك تۈيۈقسىز بېسىپ

كېلىدۇ» (رېنار) ، «ئەللىك ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بولغان ئارىلىق ھاياتتىكى ئەڭ مۇشەققەتلىك مەزگىل. كىشىلەر سېنى ئۇنىڭغا، بۇنىڭغا ئالدىرىتىدۇ، رەت قىلالمايسەن ۋە قېرىپ كېتىسەن» (ت. س. ئېلىئوت) ، «ۋاقىت تۇيۇقسىز تۇرغان چېغىڭلا ئۆمرىڭنى ئوغرىلاپ قاچىدۇ» (توماس مان) . چۈنكى، ئىنسان كۆرەلىگەن ھايات «ئىككى مەڭگۈ قاراڭغۇلۇق ئارىسىدىكى غىل - پال كۆرۈنىدىغان نۇرغا ئوخشايدۇ» (ۋلادىمىر نابوكوف) . ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن ھەربىر ئادەم ئۆز ئۆمرىنى كېسەلچان، خەستە - ئاجىزلىقتا چۆمگەن قېرىلىق دەۋرىنى كەچۈرمەي قانداق ئۇزارتالىسۇن؟! ئۇزۇن ئۆمۈر ماھىيەتتە ياشانغان ۋە قېرىغان دەۋرنى بېسىپ ئۆتۈش دېمەكتۇر.

ئەمما، ياشلىق، ئوتتۇرا ياشلىق بىلەن ياشانغان ۋە قېرىغان دەۋرنىڭ بەلگىسى ياش بىلەنلا ئەمەس، يەنى جىسمانىي خىزمەت قابىلىيىتى، روھىي ئىقتىدارنىڭ قانداقلىقىنى شەرت قىلىدۇ. بالدۇر ياكى كېچىكىپ قېرىش دەۋرىگە كىرىدىغانلار بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ قېرىشتىن قورقۇپ ئىش - ئەمگەك، ئىجادىي پائالىيەتتىن قول ئۈزۈشى ۋە قورقۇش روھىيىتى ھەم پائالىيەتسىز پاسسىپلىق تۈپەيلى ئۇلارنى ھەممىدىن تېزراق قېرىتىدۇ. ئەكسى ھالدا يۈرەكلىك ۋە پائالىيەتچان كىشىلەرنىڭ قېرىش جەريانلىرى ئاستىلايدۇ.

بۇ يەردە غايە، ئۈمىد ۋە ئىرادە كىشىنى ھوشيار ھالەتتە تۇتسا، غايىسىزلىك، ئۈمىدسىزلىك ۋە ئىرادىسىزلىك ئۇنى پۈتۈنلەي بوشاشتۇرۇۋېتىدۇ.

«ياشلار ئۈمىد بىلەن، قېرىلار خاتىرە بىلەن ياشايدۇ» (زاندېرس) . ئارزۇ - ئۈمىد دولقۇنى ئورنىغا شېرىن ئەسلىمىلەرنى تەپەككۇر قىلىشقا باشلىغان كىشى ياشانغان كىشىدۇر.



يەنە، «جاسارەت تۈگىگەن كۈنى قېرىلىق باشلىنىدۇ» (مورۇئا) ، «قېرىغاندا ھۇرۇنلۇق ۋە بىكارچىلىقتىن ئېھتىيات بولۇش كېرەك» (تىتسېرون) ، بۇ خەتەرلىك بولۇپ، تەدرىجىي قېرىشنى تېزلىك بىلەن قېرىشقا سىلجىتىدۇ. گيوتى: «قېرىغاندا ياشلىقتىكىگە نىسبەتەن كۆپرەك ئىشلەش لازىم» دېسە، شىۋېتسېر: «يېشى ئاتمىشتىن ئاشقان ئادەمگە پەقەت بىرلا مەسلىھەت شۇكى، ئىشلەش، يەنە ئىشلەش» دەيدۇ. چۈنكى ئىجادىي ئىش، ئەگەر ئەركىن سۆيۈپ قىلىنسا، قېرىش جەريانىنى ئاستىلاشتۇرىدۇ. ھەممە نەرسىگە مۇھەببەت، ھەۋەس ۋە قىزىقىشنى يوقاتقان ئادەم تېز قېرىشتىن باشقا ئىشى قالمىغان ئادەمدۇر. نەتىجىدە، بەزى كىشىلەر يېشىغا نىسبەتەن بالدۇر قېرىغان، بەزىلىرى بولسا ئانچە قېرىمىغان بولۇپ چىقىدۇ. يىل ھېسابى مۇتلەق ئەمەس، قەدىمكى گرېك دراماتورگى سوفىكىل 80 يېشىدا مەشھۇر «ئودىپوس» تراگېدىيىسىنى يازغان. تېكلىسفون 90 يېشىدا «ئىنسان تەبىئىتى» ناملىق ئەسىرىنى يازدى. گيوتى 82 يېشىدا شاھ ئەسىرى «فائۇست»نى تاماملىدى. ئەبۇلقاسىم فىردەۋسىمۇ ناھايىتى قېرىغاندا «شاھنامە» داستانىنى تاماملىدى. ئەھمەد يەسەۋىمۇ 70ياشتا «دىۋانى ھېكمەت»نى يازغان. گاتو 80 يېشىدا لاتىن تىلىنى ئۆگىنىشكە باشلىغان. ھەممە كىشى ئۈچۈن، جۈملىدىن ياشانغان ۋە قېرىغان ھايات كىشى ئۈچۈن «مۇشۇ مىنۇت دۇنيادىكى بارلىق مىنۇتلاردىن ئەلا» (ۋېتمان) ، خۇددى گيوتى ئېيتقاندەك: «82 ياشتا كىشى مېڭىسىدە يېڭى نۇقتىئىنەزەرلەر پەيدا بولىدۇ» ، چۈنكى «ياشاش كۈتۈلمىگەن يېڭى تۇيغۇلار بېغىشلايدۇ» (لېف. تولستوي) .

قېرىلىق ھەممىگە — مەرتىۋلىك ھاكىملار، قىران شاھزادىلەر، گۈزەل مەلىكىلەر، جەسۇر قەھرىمانلار، پۇلپەز

بايلار، بىلىملىك دانالارغىمۇ ئورتاق نېسىۋە. قېرىلىق تەتقىقاتى بىر ئىلىم، ئۇ ئالاھىدە تەتقىق قىلىنىشى كېرەك.

ياشانغانلار — ئائىلىنىڭ ئاساسچىلىرى، پەرزەنت مەدەنىيىتىنىڭ بىناكارلىرى، جەمئىيەتكە تۆھپىكارلار بولۇپ، ئۇ تاشلاندۇق ئەمەس، بەلكى ئەجىرلىك ئەجداد ۋە قىممەتلىك بايلىق. ئۇلارنى ھۆرمەتلەش پۈتۈن ئەدەب ـ ئەخلاقنىڭ ئۇلى، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى سۆيۈشنىڭ مۇھىم شەرتى. ئۇلار جانلىق تارىخ، جانلىق فولكلور، جانلىق قامۇس. بىزنىڭ بىلىملىرىمىزنىڭ كۆپى ياشانغانلار ئارقىلىق كەلگەن.

بىزنىڭ ھۈنەر ـ ماھارەتلىرىمىزنىڭ كۆپى ياشانغانلار ئارقىلىق بىزگە يېتىپ كەلگەن. ئۇلار بىزنىڭ پېشقەدەملىرىمىز ۋە ئەتىكى ئۈلگىلىرىمىز.

ئائىلە، جەمئىيەت، مىللەت ۋە مەدەنىيەت مەسىلىلىرىدە ياشانغانلارنىڭ مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى، ساپاسى، تۇرمۇش شەكلى، ئۇلار بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان مۇناسىۋەت ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. مەدەنىيەتلىك، پەزىلەتلىك قېرىلار دۇنياسى بولمىغان مىللەت مەدەنىيەتسىز ئۆسمۈر ـ ياشلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىدە ئىگراۋاتقان مىللەتتۇر. ياشانغانلارنى ئۇيۇشتۇرمىغان، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي رولى ۋە تەسىرىنى جارى قىلدۇرمىغان جەمئىيەت نادان جەمئىيەتتۇر. ياشانغان ـ قېرىلارنى خارلىغان تۇرمۇش ئىنساننىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى قەدىرلەنمىگەن تۇرمۇشتۇر.

## 2. ياشانغانلارنىڭ ئەخلاقىي تەربىيىلىنىشى

ياشانغانلىق، ئادەتتە ئېيتقاندا ئۆمۈر يېشىنىڭ قېرىشقا يۈزلىنىشى بولۇپ، فىزىئولوگىيىلىك ھادىسە ھېسابلىنىدۇ.



ئەمما، ياشانغانلىق — پىشىپ يېتىلگەنلىك، بىلىم، ئەخلاق، قابىلىيەت، تەجرىبىدە ۋايىغا يەتكەنلىك بولۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە.

فرانسۇز ماتېرىيالىستى ۋولتېر توغرا ئېيتىدۇ: «قېرىلىق — ئەخمەق ئۈچۈن ئېغىر يۈك؛ جاھىل ئۈچۈن قىش؛ ئىلىم ئەھلى ئۈچۈن دەل ھوسۇل پەسلىدۇر». «ھەقىقىي ھايات ئەللىك ياشتىن كېيىن باشلىنىدۇ» (بوك).

دەرۋەقە، تۇرمۇشتا ھەرخىل قېرىغانلار بار. قەدىمكى زامان خەلق ھېكايىلىرىدىمۇ قېرىغان مويسىپىت شامانلار، دانىشمەنلەر تەسۋىرلەنگەندەك، يەتتە باشلىق يالماۋۇز كەمپىر تەسۋىرى بېرىلگەن. بۇ ئەنە شۇ ھەرخىل ياشانغان ـ قېرىغانلار ئاساسىدا ئومۇملاشتۇرۇلغان.

قېرىش — ھايات داۋام قىلسىلا مۇقەررەر. ئەمما، قانداق قېرىش يەنىلا ئۇنىڭ قانداق ياشىغىنى، ئوتتۇرا ياشلىقنى ئۆتكۈزگەنلىكىگە باغلىق.

قېرىلىق — يېتىلگەن پەسىل بولۇش بىلەن يەنە جىسمانىي جەھەتتە ئاجىزلىششقا چۈشكەن پەسىلدۇر. ئۇ دەردلىك بولۇپ، جىسمانىي ۋە ئەقلىي نۇقسانلار كۆزگە تاشلىنىشقا باشلايدۇ. بۇ ئومۇمىي ئەھۋال. قېرىغان ئادەملەر جىسمانىي، ئەقلىي، روھىي ئەھۋالى بىردەك بولمىسىمۇ، قېرىلىقتا ئىنساننىڭ جىسمانىي جەھەتتە ئاجىزلىششى، ئەقلىي ۋە روھىي جەھەتتە مەلۇم سۇلغۇنلۇققا گىرىپتار بولۇشى تەبىئىي.

قېرىلىقنى تائەت ـ ئىبادەت بىلەن كۈتۈۋالىدىغانلار، تۈگىمەس كېسەلچانلىق ئازابى ئىچىدە كۈتۈۋالىدىغانلار، ئۆلۈم قورقۇنچلىقىدا كۈتۈۋالىدىغانلار، پېنسىيىدىن كېيىنكى روھسىزلىق ئىچىدە كۈتۈۋالىدىغانلار، تەنھالىق ئىچىدە ياشاشنى

ئەلا بىلىپ كۈتۈۋالىدىغانلار، ئاچ كۆزلۈك ۋە خەسىسلىك ئىچىدە كۈتۈۋالىدىغانلار، داۋاملىق تىرىشچانلىق ۋە هايات قىزغىنلىقى ئىچىدە كۈتۈۋالىدىغانلار بار. قېرىلىق يالغۇز ئۇنىڭ قانداق تاشقى مۇهىت ۋە تەقدىر ـ قىسمەتكە دۇچ كەلگەنلىكى بىلەنلا ئەمەس، يەنە ئۆزىنىڭ ئىچكى روھىيىتى بىلەن هەرخىل ۋەقە بولىدۇ.

ئەمما، قېرىلىقنى دانالىق بىلەن ئۆتكۈزۈش مۇمكىن. ئەقلىي ئىقتىدار بىلەن بىلىم قېرىلىقنىڭ زىننىتى. بۇنداق زىننەت ياشلىق مەزگىلىدىن ئىلگىرى باشلانغان نەچچە ئون يىللىق تىرىشچانلىق بىلەن مەيدانغا كېلىشى مۇمكىن. بۇ نۇقتىدا «ياشانغانلىقنىڭ ئوزۇقى دانالىق» (داۋىنچى)، «ياشلىق — دانالىقنى ئۆگىنىدىغان دەۋر» (رۇسسو) دېيىش مۇمكىن.

ياشانغانلىق دەۋرىنى ئۆتكۈزۈش بىر خىل تۇرمۇش مەدەنىيىتى ۋە بىر خىل تۇرمۇش سەنئىتىدىن ئىبارەت.

فرانسۇز مەرىپەتچىسى لاروشفۇكو: «قېرىشنى بىلىش سەنئەت، ئۇنىڭغا هەممە مۇيەسسەر بولۇۋەرمەيدۇ» دېسە، لوناچارسكىي: «نۇرانە مويسىپىت بولالاش بۈيۈك سەنئەتلەردىن بىرىدۇر» دەيدۇ.

هەممىدىن ئىلگىرى، ياشلىق، ئوتتۇرا ياشلىقنىڭ مەنىۋى سۈپەتلىرى قېرىلىق دەۋرىدىكى مەنىۋى قىممەتنىڭ ئاساسىي خەزىنىسى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. ياشلىق — ئۆگىنىش، دانىشمەنلىك پەزىلەتلىرىنى يېتىلدۈرۈش دەۋرى. ياشلىق بىلەن ياشانغانلىق ئوتتۇرىسىدا سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتى مەۋجۇت.

ياشانغانلار قېرىلىق مەزگىلىدە يەنە داۋاملىق ئۆز سۈپەتلىرىگە سەرمايە قوشۇشى، ياشانغانلار مەزگىلىگە خاس، ئۆز زامانىسى ۋە مۇهىتىغا خاس يېڭى بىلىملەرنى تولۇقلىشى لازىم. بىلىم — نۇر، ئۇ ياشانغانلارغا ئەقىل، پەزىلەت، كۈچ ۋە گۈزەللىك بېغىشلايدۇ. بىلىم — قىممەت، ئۇ ياشانغانلارغا



هۆرمەت ئېلىپ كېلىدۇ. ئۆگىنىشنى بىلمىگەنلەرنىڭ قېرىلىقى كۆڭۈللۈك بولماسلىقىنى ئىنزاهلاش هاجەتسىز.

قېرىلىقتا تەنتەكلىك، يەڭگىلتەكلىك، ئاچ كۆزلۈك، روهىي سۇلغۇنلۇق، كۆڭلى نازۇكلۇق ئىللەتلىرى روشەنلىشىدۇ. بۇ هەم يەنە بىردىنلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ياشلىقتىكى، ئوتتۇرا ياشلىقتىكى مەنىۋى قىياپىتىگە قاراپ هەرخىل زاهىر بولىدۇ. ئاچ كۆزلۈك بىلەن تەركىيدۇنيالىق ئىككى قۇتۇپ شەكلىدە نادان ۋە ئەقىلدان كىشىلەرنىڭ قېرىلىقىدا يۈز بېرىشى مۇمكىن.

قېرىلىقتا روشەنلەشكەن ئىللەتلەرنى كېمەيتىش ئۈچۈن هەركىم ياشلىقىدىلا دىققەت قىلىشى ۋە قېرىغاندا ئۆز ـ ئۆزىنى بايقىشى، تىزگىنلەشنى ئۆگىنىۋېلىشى لازىم. بىر قاتار مەنىۋى ئىللەتلەر كەچۈرۈلۈشكە مۇناسىپ.

قېرىلىقتا پاكىز، ساددا، مۇناسىپ كىيىنىش گۈزەللىكتۇر. ئالىيجاناب دانىشمەن قىياپىتى قېرىلىقنىڭ قەددى ـ قامەت، تۇرقى ـ هالەت گۈزەللىكىدۇر. مېهرىبان، شەپقەتلىك ئانا، ئۇستاز ئوبرازى بىلەن ئەقىللىق، دانا ئوبرازى ئەر ـ ئاياللاردا قېرىلىقنىڭ نوپۇزلۇق سىرتقى قىياپەت شەكلىدىن ئىبارەت.

قېرىلىق هايات تەجرىبىلىرى راسا توپلانغان، ئەقىل يەكۈنلىرى راسا ئېهتىياجلىق بولغان پەسىل. هوشيار قېرىلار ياشلىقتىكى نۇقسانلىرىنى تۈزەيدۇ، ئۆز هاياتىغا يەنە بىر نۇرانە پەللە قوشىدۇ.

## 3. پۈتۈن جەمئىيەت ياشانغانلارغا كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە ئۇنىڭ تېرەن ئەهمىيىتى

ياشانغانلار مەسىلىسى يالغۇز ئائىلىۋى مەسىلە بولماستىن، ئۇ يەنە ئىجتىمائىي مەسىلە. ياشانغانلار مەسىلىسى ئىجتىمائىي

تۇرمۇشنىڭ يۈكى بولماستىن، دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ باياشاتلىقى، مەدەنىيەتلىكى، ئىنسانپەرۋەرلىكى ئەكس ئېتىدىغان مۇھىم مەسىلە. ياشانغانلارنىڭ ئالاھىدە ئېتىبارغا ئېلىنىشى، پەرۋىش قىلىنىشى، داۋالىنىشى، ساياھەت ۋە مەدەنىي تۇرمۇشى شۇ جەمئىيەتنىڭ ئىنسان ۋە ئۇنىڭ بەخت-سائادىتىگە بولغان مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ياشانغان پەسىل، ئەگەر ئۇنى پېنسىيىگە چىققان ۋاقىتتىن ھېسابلىغاندا، جەمئىيەتكە قوشقان تۆھپىسى ئۈچۈن جەمئىيەتتىن، ئائىلىدىن، ئەۋلادلاردىن ئالاھىدە كۈتۈلۈشكە مۇيەسسەر بولۇش پەسلى. بۇ پەسىلدە، ئىنسان ھالاۋەت كۆرۈشكە، ئۆمۈر كىرلىرىنى تازىلاپ رازىمەنلىك بىلەن ياشاشقا موھتاج. شۇنىڭ بىلەن بۇ پەسىلدە ئىنسان ئىجادىي كۈچى ئاجىزلىغان، قىممەت يارىتىشى ئاساسەن ئاخىرلاشقان، كۈتۈلۈشكە تايىنىدىغان بولىدۇ. بۇ ھال ياشانغانلارغا پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى، بۇنى كىشىلىك پرىنسىپى، ئەخلاقىي ئەنئەنە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنى ئىقرار قىلىش كېرەككى، قېرىلىق — جىسمانىي، ئەقلىي، روھىي جەھەتتە ئۆز-ئۆزىگە، باشقىلارغا خورلۇق-ئېتىبارسىزلىق ئېلىپ كېلىشى تەبىئىي. ۋ.س.پىرىچاتنىڭ «بىز خەلقى ئالەم ئالدىدا خورلىنىۋاتىمىز» دېگەن بىر جۈملە سۆزى ئومۇم ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە. توماس خاردى «خىيالغا پاتقان مىنۇتلار» ناملىق شېئىرىدا:

«يەتمىشكە كىردىمەن، ماڭسام يوللاردا،
ئۇچرايدۇ، قوشنىلار، دوست، يارەنلىرىم؛
لىڭشىتىپ باشلىرىنى كۈسۈرلاشقاندا،
ئۆرلەيدۇ ئىچىمدىن مۇڭ-پىغانلىرىم.»

دەپ يازغان.



بۇ ھەربىر قابىل، ساغلام، قادىر كىشى ئۈچۈن قېرىلارغا ئىنسانىي شەپقەت قوزغاتقۇچى سىگنال بولۇشى لازىم. تۇغۇلماق بىلەن كېسەللىك، قېرىلىق ۋە ئۆلۈم بىر-بىرى بىلەن تۇتاشقان قانۇنىي ھادىسە ئىكەنلىكىنى ئەستىن چىقارماسلىق لازىم.

ياشانغانلار ھوقۇقى ۋە ئىززىتى قانۇن جەھەتتە جىددىي كاپالەتلەندۈرۈلۈشى، ئەخلاق جەھەتتە دائىمىي ئادەتكە ئايلاندۇرۇلۇشى، ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي جەھەتتە ئەمەلىي يۆلەنچۈككە ئىگە بولۇشى لازىم. ياشانغانلارنى تاشلىۋەتكەن جەمئىيەت روناق تاپمايدۇ.

ياشانغانلار ئىللىق ھۆرمەت ۋە مەرھەمەتكە موھتاج. ياشانغانلارغا بولغان سەمىمىي، ئەپۇچان ۋە قىزغىن خەيرخاھلىق كۆرسىتىدىغان ئىجتىمائىي ھۆرمەت ئېڭى بىلەن ئىجتىمائىي ھۆرمەت مېخانىزمىنىڭ تۇرغۇزۇلۇشى شۇ جەمئىيەت بىلەن ئۇنى تەشكىل قىلغان مىللەتنىڭ كىشىلىك غايىسى، كىشىلىك قىممىتى ۋە مەنىۋى سۈپەتلىرىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم ئۆلچەمدىن ئىبارەت. ئېيتىش كېرەككى، بىرەر جەمئىيەتنى ۋە مىللەتنى ئۇنىڭ ئەسكىرىي كۈچى، مالىيە كۈچى ياكى سۆزمەن قەلەمكەشلىرى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆز تۈزۈلمىسىنى ئىنسان خاراكتېرى ۋە ياشاش ئېھتىياجلىرىغا مۇناسىپ قۇراشتۇرغان ياكى قۇراشتۇرمىغانلىقىغا قاراپ ئاخىرقى تارىخىي باھانى يەكۈنلەشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ بىر ئۇلۇغۋار بىناكارلىق، ئۇلۇغۋار سىستېمىدىن ئىبارەت. تارىخىي شەخسلەرگە مۇشۇ بىناكارلىق ۋە سىستېمىغا بولغان مۇناسىۋىتى بويىچە باھا بېرىش كېرەك.

ياشانغانلار ھەرخىل ئىجتىمائىي، مەدەنىي پائالىيەتلەرگە قاتناشتۇرۇلۇشى، ئۇيۇشتۇرۇلۇشى كېرەك. ئۇلارنى ئىلمىي جەمئىيەتلەر، ئۇنىۋان-باھا ھەيئەتلىرى، يېزىقچىلىق،

سایاھەت، كۆڭۈل ئېچىش، ئەسلىمە سۆزلەش ۋە يېزىش پائالىيەتلىرىگە ئۇيۇشتۇرغان ياخشى.

ياشانغانلارغا خاس مەدەنىيەت بۇيۇملىرى، كىيىم - كېچەكلەر ئىشلەپچىقىرىلىشى، ھەممە نەرسە ياشلار، ئوتتۇرا ياشلارنىلا نەزەردە تۇتۇش بىلەن چەكلەنمەسلىكى كېرەك.

ياشانغانلارنىڭ روھىي تۇرمۇشى دىققەت - نەزەردىن چەتتە قالماسلىقى كېرەك. ئۇلارنىڭ تۇغۇلغان كۈنلىرىنى خاتىرىلەش، ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلىش، خۇشخەت ياكى رەسىم كۆرگەزمىلىرىنى ئېچىش، ئۇلار بىلەن ئائىلە سۈرىتىگە چۈشۈش قاتارلىقلارنى ئۇيۇشتۇرغان ياخشى. ياشانغانلارنى قەدىرلەش ماھىيەتتە ئىنساننىڭ ئۆز - ئۆزىنى قەدىرلىشى بولۇپ، ياش ئەۋلادقا غايەت چوڭ كىشىلىك ئېڭى ۋە ئەخلاقىي تەسىر قالدۇرىدۇ.

ياشانغان يىللارنىڭ ئۆزىگە خاس لىرىكىسى بار. ياشلىق لىرىكىلىرى ئالەمنى قاپلاپ، قېرىلىق لىرىكىلىرى بولماسلىق ياخشى ئەمەس. ياشانغانلىق لىرىكىسى كۈيلىنىدىغان ئەسەرلەر يېزىش، تېلېۋىزىيىلەر ئىشلەشمۇ مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم بىر قىسمى.

ياشانغانلارنىڭ نىكاھلىق بولۇشىنى تېخىمۇ كۈچلۈك قوللاش ۋە ئۇنى ئىنسانىي مۇھەببەت، ئىنسانىي روھىي تىرەك نۇقتىسىدىن ئەستايىدىل ئۇيۇشتۇرغان ياخشى. روشەنكى، ئۆمۈرلۈك جۈپتىدىن ئايرىلىشتىن ئېغىر روھىي زەربە يوق. جىمىكى يالغۇزلۇق - مىسكىنلىك قېرىلارغا مەركەزلىشىدۇ. روللاند بىرىسى: «قېرىلارمۇ سىلاپ - سىپاش، سۆيۈش ۋە قۇچاقلاشلارغا موھتاج. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ بىر پۈتى گۆرگە ساڭگىلىغاندا تېخىمۇ شۇنداق» دېگەن.

ياشانغانلارنى ھاقارەتلەش، خارلاش، ئۇلارنىڭ مال -



مۈلكىنى تارتىۋېلىش قانۇنغا خىلاپ. بۇ قاتتىق چەكلىنىشى كېرەك.

ياشانغانلار يالغۇز پەرزەنتلىرىنىڭ قەدىرلىك كىشىلىرى بولۇپ قالماي، مىللەتنىڭ مۆتىۋەرلىرى، مىللەتنىڭ مەشھۇر پېشقەدەم كىشىلىرى. ئۇ ئومۇم خەلق مويسىپىتلىرى، دانالىرى، ئالىملىرى، سەنئەتشۇناسلىرى سۈپىتىدە ھەممە بىلىدىغان دەرىجىدە كەڭ تەشۋىق قىلىنىشى ۋە ئايرىمچە، ئۈلگىلىك ھۆرمەتلىنىشى لازىم. بۇ ئەۋلادلار ئۈچۈن جانلىق كىشىلىك تەربىيىسى ھېسابلىنىدۇ.

ئائىلە ئۈچۈن ياشانغانلار قازا تاپقاندىن كېيىن ئۇلارغا ئائىت مىللىي ئۆرپ - ئادەتتىكى مەرسىيە ۋە دەپنە مۇراسىملىرى، نەزىر - چىراغ قىلىشتىن تاشقىرى، ئۇلار ھەققىدە بالىلار ۋە ئەۋلادلار قەلبىدە ياخشى خاتىرىلەر قالدۇرۇش، ئۆز بوۋا - موملىرى توغرىسىدا نەۋرە - چەۋرىلەرنى خەۋەرلەندۈرۈش، ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ ئىجابىي ئىش - ئىزلىرى ئارقىلىق ئائىلە نەسەبىنىڭ پاكلىقى، مەدەنىيەتلىكى، جاسارىتى ئوبرازىنى تىكلەش غايەت مۇھىم تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئېيتىش كېرەككى، يىراق ئەجدادلىرىنى بىلمەسلىك، نەسەب - فامىلە تارىخىنى بىلمەسلىك، كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن نۇرانە بولمىغان جاھالەت جۈملىسىدىن ھېسابلىنىدۇ. ئانا پەرزەنت ياكى نەۋرە دىدارى كۆرۈش بىلەن تەڭ ئائىلىنىڭ نەسەب تارىخى، نەسەب ئالبوملىرى تۈزۈشكە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىشى لازىم. نەسەب چۈشەنچىسى مىللىي ئاڭ ۋە ئېتنولوگىيىلىك مەدەنىيەتنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ.

# خاتىمە

ھۆرمەتلىك كىتابخان، ئەمدى سىز بىلەن خەيرلەشمەكچىمىز. «ئائىلە» ناملىق بۇ كىتابىمىزدىن تۆۋەندىكى خۇلاسىنى چىقىرىش مۇمكىن:

بىرىنچى، ئائىلە ئىنساننىڭ تۇنجى زاكىسى، ئۆمۈرلۈك تىنىقى، ئاخىرقى يادىكارى، خاتىرە مۇزېيى، ئەۋلاد چەشمىسى. ئىنسان ئۆزى ئۈچۈن، ئۆز روھىيىتى ۋە تۇرمۇشى ئۈچۈن ئائىلىنى ياراتقان، ئۇنىڭغا جىسمىنى، روھىيىتىنى، قېنىنى، ئەمگىكىنى، مۇھەببىتىنى، ئۈمىدىنى باغلىغان. ئائىلە ئىنساننىڭ ئۆزلۈك (自我) دۇنياسى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن. ئۇ ئانا قارنى — ئۇمايدىن كېيىنكى ئىككىنچى، ئەمما ئۆمۈرلۈك ئۇماي.

ئىنسان ئائىلىدە ئۆز ھۇجەيرىلىرىنى، ئۆز قېنىنى، ئۆز تىنىقىنى، ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىنى، ئۆز نەسلىنى، ئۆز تۆھپىلىرىنى يېتىلدۈرمىگەندە ئىدى، جەمئىيەت، روھىيەت، ئېتىقاد، سەنئەت، ئىجادىيەت دېگەندىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايتتى.

ئىككىنچى، ئائىلە ئىنسان تۈركۈمى ھېسابلانغان مىللەتنىڭ مىللىيەتلىك مەۋجۇتلۇق بىرلىكى، نەسىل - نوپۇس بۇلىقى، مىللىي روھىيەت ۋە مىللىي مەدەنىيەت ھۇجەيرىسى، مىللەتنىڭ زەبۇنلۇقتا بۇرۇقتۇم بولۇۋاتقانلىقى ياكى تەرەققىيات بويلاۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدىغان ھەقىقىي «جاھاننەما» ئەينەك. بىر مىللەت ئۈچۈن، ئۇنىڭ سان - ساپاسى، مەدەنىيەت



دەرىجىسى، ئىقتىدار جۇغلانمىسى، رىقابەت قۇدرىتى، كەلگۈسى بېشارىتى ئائىلىلەردىن، ئائىلىلەر ئارقىلىق، ئائىلىلەر بىلەن جۇغلىنىدۇ. ھەربىر مۇتەپەككۇر، جامائەت ئەربابى ئۆزىنىڭ ئەڭ ئۆتكۈر دىققىتىنى ئۆز خەلقىنىڭ ئائىلىدىكى كامالەت شەكلىگە قاراتماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. ئېيتىش مۇمكىنكى، قەبىلە — مىللەت ئائىلىدە ئاپىرىدە بولغانىدى. ئۇنىڭ گۈللىنىشى ياكى ھالاكىتىمۇ ئائىلىگە باغلانغاندۇر.

ئۈچىنچى، ئائىلە بەخت گۈلزارى، شۇنىڭدەك تراگېدىيە ئۇچىقى بولۇشى مۇمكىن. بۇ پۈتكۈل ئائىلە تارىخى بىرقانچە مىڭ يىلدىن بېرى ئىسپاتلىغان مۇمكىنلىك. تولستوي «ئاننا كارېنىنا» رومانىنى باشلاشتا ناھايىتى مەنىلىك قىلىپ، پۈتۈن بەختلىك ئائىلىلەرنىڭ بەختى ئوخشاش، پۈتۈن بەختسىز ئائىلىلەرنىڭ بەختسىزلىكى ھەر خىلدۇر، دېگەنىدى. بەخت — كىشىلەرنىڭ ئۆز تۇرمۇش مۇھىتى، تۇرمۇش ئارزۇسى چەكلىمىسى ئىچىدىكى رازىمەنلىكى، دەپ قارالغاندا، ئىپتىدائىي ئىنسان بىلەن ھازىرقى زامان ئادىمىنىڭ ئۆز تۇرمۇش مۇھىتى ۋە تۇرمۇش ئارزۇسى چەكلىمىسى ئىچىدە رازىمەنلىك ھېس قىلغان بەختىيار ئائىلىنى كۆپلەپ تېپىش مۇمكىن. ئەكس ھالدا، مۇنداق تۇرمۇش مۇھىتىدىن نەچچە ھەسسە باياشاتلىق مۇمكىنلىكلەر ئىچىدىمۇ، تۇرمۇش رىتىمى ۋە تۇرمۇش ئارزۇسى پەرقلىرى تۈپەيلى بەختسىزلىك ھېس قىلىدىغان ئائىلىلەرمۇ كۆپلەپ تېپىلىدۇ. بۇنداق بەختسىزلىك ھەرخىل ئاپەت تۈرلىرى ۋە پاجىئە تۈرلىرى بويىچە ھەرخىلدۇر. ئائىلە تېمىسى ھەققىدە توختىلىش ئەڭ كەم دېگەندىمۇ ئائىلە تۇرمۇشىدىكى بەخت گۈلزارىنى پەرۋىش قىلىش، بەختىيار ئائىلە ئۈلگىلىرىنى كېڭەيتىش، ئائىلىۋى بەختكە كاشىلا قىلىدىغان مەنىۋى ئىللەتلەرنى چەكلەش ۋە كېمەيتىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

تۆتىنچى، ئائىلە نوقۇل شەخسىي تۇرمۇش كاتېگورىيىسى ئەمەس. ئۇ ھەرقايسى مىللەت ۋە دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت تېپىدىكى، بۇ مەدەنىيەت تېپىگە يۆلەنگەن، بۇ مەدەنىيەت تېپىگە تەسىر قىلىدىغان بىر ھالقا. ئائىلە توغرىسىدا توختالغاندا ئائىلىنىڭ مىللىي مەدەنىيەت تېپىدىن ھالقىغان ھالدا باشقا مەدەنىيەت تېپى ئائىلە شەكلى ۋە مۇھەببەت ھادىسىلىرىنى، مەسىلەن، ھازىر تېلېۋىزىيە، كىتاب، رومانلاردا تەسۋىرلىنىۋاتقان ياۋروپاچە، خرىستىئانچە مەدەنىيەت تېپىدىكى ئائىلە ۋە مۇھەببەت ھادىسىلىرىنى مىللىتىمىزگە تېخىمۇ ئاۋۇ بولمايدىغانلىقىنى ئۇنتۇماسلىق كېرەك.

بەشىنچى، ئائىلە ئومۇمىيلىق جەھەتتىن يەنە پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ سىۋىلىزاتسىيە دەرىجىسىگە، ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئەتنى تىزگىنلەشتىن باشقا يەنە ئۆز ـ ئۆزىنى ئىدارە قىلىش كامالىتى دەرىجىسىگە باغلىقتۇر. دۆلەتنىڭ دېموكراتىك ياكى ھاكىممۇتلەقلىقى، ئىنسان ھەققىدىكى قاراش ۋە تەلىماتلارنىڭ ئىنسانپەرۋەر ياكى ئىنساننى خارلاش خاراكتېرى، ئىنسانىيەتنىڭ تىنچلىق ياكى دۈشمەنلىك ھالىتىدە تۇرغانلىقى بىۋاسىتە ئائىلە ۋە ئۇنىڭ بەختى ـ ئاپىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئائىلە تۈمەن مىڭ يىللىق مۇساپىنى بېسىپ كەلدى. ئىپتىدائىي جەمئىيەتنى ھېسابلىمىغاندا، سىنىپىي تەڭسىزلىك ھۆكۈم سۈرگەن جەمئىيەتتە، ئائىلە بارغانسېرى ئىنساننىڭ ئۆزىدىن ياتلاشتى، ئىنساننىڭ سۇبيېكتىدىن ياتلاشتى، ئىنساننىڭ تۇرمۇش مەقسىتىدىن چەتنەشتى.

ئىنسان ئۆزىنى، ئۆز سۇبيېكتىنى ئۇنتۇغان، ئۆز ـ ئۆزىگە بولغان بىلىشى تېخى ئېچىلمىغان ھالەتتە قالدى. ئائىلە نوقۇل ئادەم ئىشلەپچىقىرىش ماشىنىسىغا، نوقۇل ئەمگەك كۈچى ۋە ئەمگەك ۋاسىتىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان ياچېيكا، ئەسكىرىي



زاپاس ۋە ھاكىمىيەت سەرپىياتىغا باج ـ سېلىق ھازىرلايدىغان كىلىتكىغا ئايلىنىپ قالدى. ئائىلە كۈچلۈك بېسىم — ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئاستىدا، ئۆزىنىڭ ئەسلى ماھىيەتلىرىنى ئۇنتۇدى. ئائىلىدىن ئىبارەت مۇقەددەس ئۇماي ئانىغا سىنىپىي تەڭسىزلىك تامغىسى، نەسەبچىلىك تامغىسى، پۇل ۋە ئالتۇن تامغىسى، بىۋاپالىق، ئېپپەتسىزلىك، ھاكىممۇتلەقلىق ۋە خارلىق ئىزنالىرى ئۈستى ـ ئۈستىلەپ بېسىلدى. ئائىلە گاھىدا ئەركىن ـ ئازادلىك نامىدىكى ئەركىسىزلىكنىڭ، خاتىرجەملىك نامىدىكى ئەندىشىنىڭ، تەڭلىك نامىدىكى تەڭسىزلىكنىڭ، خۇشاللىق نامىدىكى قايغۇ ـ ھەسرەتنىڭ، ساداقەت نامىدىكى بىۋاپالىقنىڭ ئەڭ تىنچسىز خىلۋەتگاھىغا ئايلانغان ھادىسىلەر يوق ئەمەس.

ئىنساننىڭ جەمئىيەتتە ئۆز ماھىيىتىدىن ياتلىشىشى مۇھەببەت بىلەن ئائىلىنى بىر ـ بىرىدىن ياتلاشتۇردى. ئائىلىنىڭ سىرتىدىن مۇھەببەت تېپىش، ئىشقى ئېھتىياجلىرىنى ئائىلىسىز بويتاقلىق ئارقىلىق ھەل قىلىش، ئائىلىنى ئىقتىسادىي يۈك، ئەركىنلىك كىشەنى، فېئودال ئەخلاقنىڭ تۇرمىسى دەپ قاراش كىشىلەرنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىغا چۆكمە ھاسىل قىلدى. نەتىجىدە ئاتالمىش «ئائىلە يوقىلىش نەزەرىيىسى»، «ۋاقىتلىق ئائىلە نەزەرىيىسى»، «بويتاقلىق نەزەرىيىسى» قاتارلىق ئائىلە توغرىسىدىكى ئۈمىدسىز قاراشلار ۋە ئۇنى چۆرىدىگەن ئائىلە نوپۇزىنى دەپسەندە قىلىدىغان ئاتالمىش «مۇھەببەت ئەركىنلىكى» ئەسەبىيلىكى ئەۋج ئېلىپ كەتتى.

كېيىنكى ۋاقىتلاردا غەربتە بۇ ئەھۋال تېخىمۇ تەلۋە، ئوچۇق ـ يالىڭاچ ھالەتكە ئۆتتى. ئۇ پەقەت زامانىۋى «مەدەنىيەت» نىقابىدىلا يوپۇقلىنىۋالدى. بۇ ھال ئىنساننى ئۆز ماھىيىتى ۋە قەدىر ـ قىممىتىدىن تېخىمۇ يىراقلاشتۇردى. كىشىلەر

بارغانسېرى ئۆزىنىڭ ماھىيىتىنى ئۇنتۇدى. ئۇنىڭ ئۇچۇن ئىنساننىڭ تاشقى مۇھىتى ۋە ئالامەتلىرى قورچاق ئىنسان رولىنى ئۆتەيدىغان بولدى. ئۇنىڭ ئىسمى، نوپۇس تىزىمى، شاھادەتنامىسى، خىزمەت كىنىشكىسى، مائاش قەغىزى، ھەرخىل تامغا تۇتقان باشلىق ياكى چوپقەتلىرى، قالغان مىراسى، زىبۇ - زىننەتلىرى، بانكا چېكى — مانا بۇلار «ئۇ!»، يالغان «ئۇ!!» بولۇپ قالدى. نىكاھ شەرتلىرى، ئاجرىشىش كاتالىزاتورى بولغان نەرسىمۇ ئۇنىڭ ئىنسانىي ئەسلى ماھىيىتى، ئىچكى روھىيىتى بولماستىن، ئەنە شۇ تاشقى ئالامەتلەر بولۇپ قالغانلىقى ھېچقانداق سىر ئەمەسقۇ.

ئىنساننىڭ ئۆز ماھىيەتلىرىنى ۋە بۇ ماھىيەتلىرىنىڭ ئىنساننىڭ ياتلاشقان تۇرمۇش مۇھىتى تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈش ئۈچۈن پۈتۈن جەمئىيەت ئىنسان ئۈچۈن، ئىنساننىڭ ھەقىقىي ئىجتىمائىي بەختى ئۈچۈن دەيدىغان سىۋىلىزاتسىيىلىك ئاتموسفېرا بولۇشى شەرت.

ئۇنىڭسىز ئىنسان ئۆز - ئۆزىنى، ئۆز روھىيىتىدىكى دەپسەندە قىلىنغان ئۇلۇغۋار يوشۇرۇن قىممىتىنى كۆرەلمەيدۇ. كۆزگە قەلب ئەمەس، پاگون ۋە ئۇنىڭدىن يالتىراق دەرىجە بەلگىلىرى كۆرۈنىدۇ. خەيرىيەتكى، ئىنسانىيەت ئۆز - ئۆزىنى تۇرمۇشنىڭ مەقسىتى قىلىدىغان، ئۆز - ئۆزىنى تېپىشنى تارىخنىڭ مەقسىتى قىلىدىغان يېڭى كىشىلىك ئىرادىسى يىراق قالمىدى. كىشىلەر ئىنسان مەقسەت قىلىنغان يېڭى كىشىلىك تەرتىپى توغرىسىدا ئىزدەنمەكتە. ئىنساننىڭ ئۆزلۈك ئېڭى ۋە ئىنسان مەركەز قىلىنغان يېڭى سىۋىلىزاتسىيىلىك تارىخىي جەرياننىڭ شەكىللىنىشىگە ئەگىشىپ، پۈتۈن ئىنسانىيەت تارىخى بويىچە ئائىلە ھەقىقىي قەلب ئۆيىگە ئايلانغۇسى. ئائىلە توغرىسىدىكى ھەرقانداق ئۈمىدسىز قاراش ۋە «نەزەرىيە»لەر



بىھۇدە.

ئالتىنچى، ئىنسانىيەتنىڭ كامالەتلىك ئائىلە مەدەنىيىتى ئاسماندىن چۈشمەيدۇ، ئۇ غايىدىكى ئىجابىي رېئال ئائىلە نەمۇنىلىرىنى كېڭەيتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان ھالدا كىشىلىك جەمئىيىتى يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ، بۇ يۈكسىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ مەيدانغا كېلىدۇ. بىز ئۈچۈن بىرىنچى دەرىجىلىك زۆرۈرىيەت رېئال ئائىلىمىزنى بەخت ۋە مەدەنىيەت گۈلزارى قىلىپ قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت. بۇ ئائىلىنى بىلىشنى، ئائىلىنىڭ ھازىرقى تۇرمۇش مۇھىتى ۋە مەنىۋى مۇھىتتا ئۇچرىشىشى مۇمكىن بولغان ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ زەربىلەرنى توغرا مۆلچەرلەشنى، ئائىلىنى زىددىيەت ۋە پاراكەندىچىلىكتىن ساقلاپ ياكى ماھىرلىق بىلەن قۇتۇلدۇرۇپ، كامالەت، گۈزەللىك ۋە بەختىيارلىققا باشلاشقا قابىل بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ھەربىر ئىنساننىڭ ئائىلە ئېڭى، ئائىلە مەدەنىيىتى توغرىسىدىكى ئېرىشكەن تەربىيىسى بىلەن بۇ جەھەتتە تەشەببۇسكارلىق قىلىش دەرىجىسىگە باغلىق.

ھۆرمەتلىك كىتابخان!

ياشلىق — ئەپسۇنكار ئۇچقۇن. ياشلارنىڭ سۆلغۇن قىياپىتىدىنمۇ خۇنۇك ۋە نەپرەتلىك نەرسە يوق. ئائىلە قۇرۇشقا كىيىم ۋە جاھاز ھازىرلىقىدىن مىليون ھەسسە مۇھىمراق ھازىرلىق تەلەپ قىلىنىدۇ. ئۇ نېمىدە؟ ئائىلە قۇرۇپ زىددىيەتلەر قاينىمىدا سۆلغۇنلۇققا بېرىلمەسلىكنىڭ يولىمۇ بارمۇ، ئۇ نېمىدە؟

ئوتتۇرا ياشتىكىلەر، ياشانغانلار ۋە بويتاقلار ئائىلە پاجىئەسىنى كەچۈرگەن ياكى ئۇنىڭدىن ئەندىشە قىلىدىغانلارنىڭ بەختلىك ئائىلىگە مۇيەسسەر بولۇشىدىكى ئاساسىي تەدبىر نېمىدە؟

مەن بۇ نىجادىيەتنامە ھەربىر ئائىلە ئەزاسىنىڭ ئائىلە توغرىسىدىكى يۈكسەك ئېڭى، پاك قەلبى ۋە مىللەت توغرىسىدىكى تۈركۈم چۈشەنچىسى، مەجبۇرىيىتى بىلەن ئومۇم كىشىلىك جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ پارلاق كامالىتى توغرىسىدىكى تارىخىي ئىشەنچىدىن ھەمجەھەت بولغان سۇبيېكتتا — ئۆز قەلبىڭىزدە دەپ جاۋاب بېرىمەن.

بۇ ئۈچ قاتلام — ئائىلە ئېڭى، مىللەت مەجبۇرىيىتى ۋە كامالەت ئىشەنچىسى بىزگە ناھايىتى يىراق نەرسىلەردەك كۆرۈنۈشى مۇمكىن. بىز يېنىمىزغا قارايلى! يېنىمىزدا ھەم تاشقى دۇنيا دولقۇنلىرىدا، ھەتتا پاجىئە - ھاقارەت لاتقىلىرىدا غالىبانە ئۈزگەن، ھەم ئىچكى روھىيەت - ئائىلىۋى تۇرمۇشتا بەختىنىڭ ئۆز قۇربىتى يېتىدىغان ھەممە ئىمكانىيەتلىرىنى رېئاللاشتۇرغان، ئەر - ئايال ۋە پەرزەنتلىرى بىر - بىرىگە ھەم پۈتۈن جەمئىيەتكە تۆھپىكار بولغان ئائىلە نەمۇنىلىرى ئىنتايىن نۇرغۇن. بۇ ئائىلىلەرنىڭ ماددىي بايلىقىدىن مەنىۋى بايلىقى مىڭ ھەسسىلەپ نۇرغۇن. ئويلاڭ، ئۇلار ئاڭ بىلەن، ئىپتىخار بىلەن، ئېتىقاد بىلەن ئۆز قەلبىنى يورۇتقان ۋە بۇنداق نۇرانە قەلب بىلەن ئۆز ئائىلىسىنى يورۇتقان. سىز ئالدى بىلەن تەرسالارچە رىقابەتكە تولغان رېئال دۇنيادا پۇل، مەنسەپ، شۆھرەت ۋە بۇلغىنىش يولىغا ئۆزىڭىزنى ئاتماڭ. بۇ «بارسا كېلەر يا كەلمەس» يول. سىز ئاۋۋال مەنىۋى تۈزۈلمىڭىزنى تۈزەڭ. ناباب ئاتا - ئانا ۋە ئائىلە - جەمئىيەت تەربىيىسى سىزگە يۇقتۇرغان ئىللەتلەر بىلەن ئاتالمىش «جىنسىي ئەركىنلىك» تەرغىباتى كۆڭلىڭىزنى بۇزۇۋاتقان مەنىۋى ساتقۇنلۇق، روھىي قاراقچىلىق، تۇرمۇش چۈشكۈنلۈكلىرىدىن ئۆزىڭىزنى ئېرىغداڭ. ئۆز سەۋەنلىكلىرىڭىزنى ئۈمىدسىزلىك بىلەن ئەمەس، بەلكى نەپرەت، جاسارەت ۋە ئۈمىدۋارلىق بىلەن كۆرۈڭ، ئۇنىڭغا



كۆرەش قىلىڭ. سىز ياخشى ئەر، ئاتا، مىللەت ئىپتىخارى؛ ياخشى ئايال، ئانا، خەلق پەرزەنتى بولۇشقا قادىرسىز. ئالەم ئۆزۈن. سىزدىن كېيىن پەرزەنتلىرىڭىز، نەسىل - نەسەبىڭىز پاك ياشىسۇن. سىزدىن باشقا خەلقىڭىز - مىللىتىڭىز روناق تاپسۇن.

شۇنداق! ئائىلە مىللەت - ۋەتەننىڭ بوسۇغىسى، بۆشۈكى ۋە بوستان. مىللەت - ۋەتەن ئۇلۇغ ۋە تەڭدىشى، تەكرارى يوق مۇمكىنلىك. ئۇ يالغۇز ھەربىر مىللەت - ۋەتەن ئەزاسىنىڭ تۇغۇلمىقى، تىرىكچىلىكى ئۈچۈنلا ئەمەس، مۇھىمى مەدەنىيەتنى مەركەز قىلغان مىللىي تىپى، مىللىي ئىپتىخارى، ئەرك - ھۆررىيەت تۇيغۇسى، ئەخلاقىي رازىمەنلىكى ئۈچۈنمۇ ئەڭ تۈپلۈك ھالقا. ۋەتەن يالغۇز مىللەت ئۈچۈنلا ئەمەس، ۋەتەن تەبىئىتى ئۈچۈنمۇ — مۇزلۇقلار، دەريا - كۆللەرنىڭ يوقىلىپ كەتمەسلىكى، تەبىئىي ئورمان ۋە بايلىقلارنىڭ خاراب بولماسلىقى، ئەقەللىي چۈمۈلىگىچە بولغان جانلىق ھايۋانات ئىقلىمىنىڭ، ياۋايى گىياھلارغىچە بولغان تەبىئىي ھاسىل ئۆسۈملۈك تۈركۈملىرىنىڭ زەربە - قىسمەتكە ئۇچرىماسلىقى ئۈچۈنمۇ چوڭ ھامىي قورغان. بۇ بىزگە بىر تېرەن ھېكمەتنى — جانلىق - جانسىز تەبىئەتمۇ ئائىلىگە كامالەت تىلەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مىللەت ئۇرۇقى بولغان ئائىلىنىڭ ھەرگىز قىلچە بىپەرۋا بولغىلى بولمايدىغان غايەت ئۇلۇغۋار تېماتىكا ئىكەنلىكى شۈبھىسىز.

ئويلاپ قاراڭ. ھەرخىل ھېكايە - رومانلار، ھەرخىل تېلېۋىزىيە - كىنو فىلىملىرى، ھەرخىل ئىشقى ناخشا - شېئىرلىرى، ھەرخىل غەرىبچە مۇھەببەت ۋە ئائىلە قاراشلىرى كۆچەپ تەرغىب قىلىنىۋاتقان كىتابلار، ھەرخىل كىيىم - كېچەك، ئۇپا - ئەڭلىك، زىبۇ - زىننەت ۋە ئالا - يېشىل

چىراغلار بىلەن كۆزنى چاقنىتىدىغان رېستوران - مەيخانىلار، ھەرخىل شېرىن سۆزلەرگە ماھىر ئەر ياكى ئايال كەسپىي ئالدامچىلار مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ قالدىڭىز! بۇ رېئال چىنلىق.

مەن خەلقىمگە ئائىلىۋى بەخت تىلەيمەن. ئەمما، بۇ بەخت ئايرىم ئىنسانلارنى مۇھاسىرە قىلىۋالغان «بەخت» كۆرۈنۈشىدىكى قات - قات چەمبەر ئىچىدە ئەمەس، بەلكى، سىزنىڭ قەلبىڭىزدىكى ئەقىل - ئىدراك، ۋىجدان - ئېتىقاد، بىلىم - تەپەككۇر، جاسارەت - غەيرەت بولالىشىڭىزدىدۇر.

مانا مۇشۇ ئىزگۇ ئىستەك مېنىڭ بۇ كىتابنى يېزىپ، جامائەتچىلىككە تەقدىم قىلىشىمغا ئىلھام بەرگەن ھالال مەجبۇرىيەتتۇر.

1994 - يىل 20 - مارت



# ئىزاھاتلار

— ئارىستوتېل — مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 384 —322 - يىللاردا ياشىغان ئۇلۇغ گرېك پەيلاسوپى، مۇتەپەككۇرى.

— ئانتىروپولوگىيە — قەدىمكى ئىنسانشۇناسلىق تەتقىقاتىغا قارىتىلغان ئىلىم.

— ئانىمىزم — ئىپتىدائىي ئىنساندىكى ھەممە نەرسىلەرنى ھەرخىل مۇئەككەللەر بىلەن ئىزاھلايدىغان تەبىئەت ئىلاھچىلىقى قارىشى.

— ئابدۇراھمان جامى (1441 — 1492) ئۇلۇغ تاجىك مۇتەپەككۇر شائىرى.

— ئابدۇللا ئەۋلانى (1878 — 1934) ئۆزبېك پروفېسسور ئالىمى ۋە شائىرى.

— ئەپلاتون (پلاتون) مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 427 — 347 - يىللىرى ياشىغان گرېك مۇتەپەككۇرى. ئۇ 407 — 399 - يىللىرى سوقراتتىن تەلىم ئالغان. سوقرات قەتىل قىلىنغاندىن كېيىن 399 — 386 - يىللىرى مېگارا، مىسىر، جەنۇبىي ئىتالىيە ۋە سىجىلىيەلەردە بولىدۇ. سىجىلىيە شاھى دىئونىسىي I گە ئىدېئال دۆلەت پىلانىنى يوللاپ، شاھنىڭ دېڭىزچىلارغا تاپشۇرۇپ ئۆلتۈرۈش جازاسىغا ئۇچرايدۇ ۋە دېڭىزچىلار ئۇنى قۇل قىلىپ ساتىدۇ. ئۇنى ئېگىن شەھىرىدە بىردوستى سېتىۋالىدۇ. پلاتون 386 — 367 - يىللىرى ئافىنادا ئافىنا خەلق قەھرىمانى ئاكادېمىيە نامىدا مەكتەپ

ئاچىدۇ. بۇ يەردە دىئونىسىي II نى تەربىيىلەپ ئىدېئال دۆلەت قاراشلىرىنى تەرغىب قىلىشىمۇ ئەمەلگە ئاشمايدۇ. ئۇنىڭ «سوفىسىت»، «پارمېنىدا»، «تېئېتېت»، «گورگىي»، «مېنون»، «نېدون»، «فېدر»، «پروتاگور»، «دۆلەت» قاتارلىق 41 پارچە ئەسىرى بىزگە يېتىپ كەلگەن.

— ئەبۇ نەسىر مۇھەممەد فارابى (870 — 950) ئۇلۇغ ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرى، ناتۇرال پانتېئىزملىق پەلسەپە سىستېمىسىنىڭ ئاساسچىسى.

— ئەبۇ ئەلى ئىبىن سىنا (980 — 1037) ئۇلۇغۋار تاجىك تېبابەتشۇناسى، فارابىزىم پەلسەپە سىستېمىسىنىڭ ۋارىسى، مۇتەپەككۇر شائىر.

— ئەبۇ رەيھان بىرۇنى (973 — 1048) ئۇلۇغۋار مۇتەپەككۇر ئالىم، تارىخشۇناس ۋە جەمئىيەتشۇناس.

— ئەلىشىر نەۋائى (1441 — 1501) ئۇلۇغ تۈركىي شېئىرىيەت نامايەندىسى، مۇتەپەككۇر، جامائەت ئەربابى، ئۇلۇغ مەنىۋى ئۇستاز.

— ئېتنولوگىيە — ئىككى مەنىدە — مىللەتشۇناسلىق، ئىنسانىيەت مەدەنىيەتشۇناسلىقى مەنىسىدە قوللىنىلىدۇ.

— ئىۋالىيۇتسىيە — تەدرىجىي تەرەققىيات قارىشى.

— ئوستروۋسكى نىكولاي — رۇس يازغۇچىسى.

— بېلىنسكى — مەشھۇر رۇس ئىنقىلابىي دېموكراتى، مۇتەپەككۇرى، ئەدەبىيات تەنقىدچىسى.

— بابۇر زوھۇرىددىن مۇھەممەد (1483 — 1530) موغۇل ـ بابۇرىلار سۇلالىسىنىڭ ئاساسچىسى، شائىر، سەركەردە.

— پاشاخوجا (1480 — 1570) ئۆزبېك يازغۇچىسى.



— پاتىرىئارخال — ئاتا ھوقۇقى تۈزۈمى.

— پانتېئىزم — تەبىئەت ۋە ئىلاھىيەت بىرلىكى قارىشى. بۇ ئىلاھىيەتنى تەبىئەت ئاساسى، تەبىئەتنى ئىلاھىيەت ئاساسى بويىچە ئىزاھلايدىغان ئىككى قاناتقا بۆلۈنىدۇ.

— گېنزىس — مەنبە.

— گېنىئالوگىيە — پەيدا بولۇش تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىلىم.

— گۇمانىتار ئىلىم — ئىنسان ۋە جەمئىيەت توغرىسىدىكى پەنلەر.

— ھومېر داستانلىرى — قەدىمكى گرېك خەلق داستانى «ئىلىئادا»، «ئودىسسا»نى مەركەز قىلغان داستانلار.

— مۇتەۋەككىلى (847 — 861) ئەرەب ئابباسىيلار خەلىپىسى.

— مورگان — «قەدىمكى جەمئىيەت»نىڭ ئاپتورى.

— «مانۇ قانۇنى» — ھىندىستاننىڭ قەدىمكى قۇل ئىگىلىكى دەۋرىدىكى قانۇن دەستۇرى.

— ماتېرىئارخال — ئانا ھوقۇقى تۈزۈمى.

— «رىگاۋېدا» — قەدىمكى ئارىئان دەستۇرى.

— يۇسۇپ خاس ھاجىپ — ئۇلۇغ ئۇيغۇر مۇتەپەككۇر شائىرى، «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ ئاپتورى.

— «قابۇسنامە» — قابۇس مۇئالىنىڭ ئۆز ئوغلى گىلان شاھنى تەربىيىلەشكە ئاتاپ يازغان نەسىھەتنامە ئەسىرى.

— نىزامۇل مۇلىك — مەشھۇر «سىياسەتنامە» ناملىق ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى.

— تېتىسىرۇن — قەدىمكى رىم ناتىقى.

— لوكرېتۇس — قەدىمكى رىم پەيلاسوپى.

— توتېمىزم — ئىپتىدائىي ئۇرۇقداشلىق جامائەسى مەدەنىيىتى.

# پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى

— ف. ئېنگېلس: «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى».

— مورگان: «قەدىمكى جەمئىيەت».

— فارابى: «ئەخلاق رىسالىلىرى».

— ئىبن سىنا: «رىسالەئى ئىشىق».

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك».

— كەيكاۋۇس: «قابۇسنامە».

— نەۋائى: «مەھبۇبۇلقۇلۇب».

— بابۇر: «بابۇرنامە».

— رىزائىددىن ئىبن پەخرۇددىن: «ئائىلە».

— پەخرۇل بەتانى: «ئائىلە ساۋاقلىرى».

— ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئىزگۇ مالائىكە»، «سەۋدالىق ھېكمەتلىرى»، «‹قۇتادغۇبىلىك› خەزىنىسى»، «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى».

— خۇاڭ گېن: «جىنسىي مەدەنىيەت».

— شۇي پىڭ: «جىنسىي تۇرمۇشقا ئائىت كېچىلىك پاراڭلار».

— «ھەرخىل ياشتىكىلەرگە بېغىشلانغان ھېكمەتلەر».

— «ئۆزبېكىستان تارىخى».

— «ھېكمەتلەر گۈلدەستىسى».



— «دانالار نەسىھەتلىرى».

— «تەپەككۇر گۈلشەنى».

— «ئەخلاقشۇناسلىق ئاساسلىرى».

— «جەمئىيەتشۇناسلىق ئاساسلىرى».

— خ. خ. تاللاشېف: «يېقىن شەرق ۋە ئوتتۇرا شەرق قامۇسىي ئالىملىرىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى پېداگوگىكا ۋە دېداكتىك تەلىماتلىرى».

— باگابايېف: «ئىسلام ۋە ئائىلە».

— راتسېل: «نىكاھ ئىنقىلابى».

**图书在版编目(CIP)数据**

家庭/阿布都许库尔・穆罕默德伊明著. —乌鲁木齐:新疆大学出版社,2002.10

ISBN7 — 5631 — 1618 — 4

Ⅰ.家… Ⅱ.阿… Ⅲ.家庭学—通俗读物—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.C913.11 — 49

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2002)第 082562 号

审　　定:阿扎提・苏力坦
伊不拉音・哈木都拉
责任编辑:阿不里米提・卡德尔
责任校对:阿达来提・亚合甫

# 家　　庭

**阿布都许库尔・穆罕默德伊明　著**

新疆大学出版社出版
(乌鲁木齐市胜利路14号,邮政编码:830046)
新华书店经销
乌鲁木齐大金马印务有限责任公司印刷
850×1168 毫米　1/32　印张:6.5
2002年10月第1版　2013年3月第3次印刷
印数:7001 – 12000 册

ISBN 7 – 5631 – 1618 – 4/I・230
定价:11.00 元

# ئائىلە

ISBN 7-5631-1618-4
9 787563 116188 >
ISBN 7 _ 5631 _ 1618 _ 4
I . 230（维文） 定价:11.00元